# بۇلاق

1

1997

BULAK



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مطلب

کو ایم سین بو شغه بیلکنا میز نجه تورلوک اکر قیلسا کنه بیز
که چیزی اختیاری بیزده بار دیب بو وجهدین بولوبدور میز معذب
وکرنه بیزده نه چاره نه امکان بولور انداغ خدا تقدیر قیلغان
اراده تمنا اکر حکم التماس درخت دین هیچ برکی یرکا توشماس
اکر لطف عنایت قیلماسه حق ملک بولسه قرار دور ایکی ورق
کم بار دور دنیا ازیشت قبیح ینه هم بار دور بیر خوش خوی ملیح
جرایلق بولسه الله الحکیم جمیله که تو مخلوق بولسه بر پاره جمیله
جرایلق باکه تو خلق زشت زبون بورو نچوک بولسه اوزی نینک تقدیر دور
اکر ادمده بولسه اختیاری تا الون ایدیک بو بوار ایردی جمالی
اکر بولسه سعید یا شقی دور وکرنه خشق ایرور یا متقی دور
اوزیده بار مو دور کم اختیاری سعید یا شقی بو المانغم بجاری
بارینی بو اوزی نینک صنعی ایماس مو اوز اوزینک تقدیرین اوزی نما بار

مطلب احمد بیز نینک کتابی

ایماسمو بو بارسی قدرت الله که مونداغ باری بولدی محادث الله
خدا ایجه بولدی ادم برگنه کار ظلمنا ربنا دیب یغلادی زار
بولور میز بار کونی تورلوک کنه ده قیلور میز تا نکلاسی اندین زیاده
نه نیچکای بو حالیمز روزی قیامت مکر قیلغای رسول الله شفاعت

مناجات بدرگاه قاضی الحاجات

الهی خالق آدم یاراتینک نزاتیب برلانی بندم اتادینک
الهی بولمادیم من بندلیک ده وسام بندنک بو بوز شرمندلیک ده
بسکا لایق قیلالمای بنده لیک نی خدایم تخه قیلور میز ابر کالیک نی
ویا زاهد عابد یا گنه کار برابر دور سنینک الدینکدا غفار
خداوندا کریما ای رحیما توانا قادر حی قدیما
رحیما بنده دور سین پادشاهی یاراتقان جمله عالم نینک خدایی
یراتیب بارچه نی قادر خدا سین اوزی نینک صنعه ناظر خدا سن

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

18 ئايلىق نەشرى

ئومۇمىي 58 ـ سان

1997

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر :  ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :  مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى :  پەرىدە ئىمىن ، ھاجى قۇتلۇق قادىرى




1997 - يىل 1 - سان

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شەھنامەئى تۈركىي» دىن ......... مۇھەممەتئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتنۇردى مىرزىئەخمەت

گۈل ۋە بۇلبۇل ......... مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھى ( 48 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

مۇخەممەسلەر ......... قۇلئەلىم ئامى زەئىف ( 69 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

رۇبائىيلار ......... پەھلىۋان مەھمۇد ( 96 )
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىلار : مەھمۇت زەيدى ، قۇدرەت مىجىت

ئەدەبىي مۇھاكىمە

گۈزەل سىما ، ئۆلمەس تىما ......... نۇرمۇھەممەت زامان ( 106 )
مەشھۇر «دىۋانۇ لۇغەتىت- تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە
......... غوجاخمەت سەدىۋاقاسوۋ ( 116 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى :تاھىرجان مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com



ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت (داستان) ............................................ (126)
توپلاپ رەتلىگۈچى : ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقيولى
ۋاپادار ئاكا ـ ئۇكىلار (چۆچەك) .......................................................... (148)
رەتلىگۈچى :ئىرادە رەھىم
ئۈچ يالغانچى (چۆچەك) ........................................................ (159)
رەتلىگۈچى : كۆرەشجان ئۆمەر
رىۋايەتلەر ........................................................................................ (164)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر : تۇرسۇن ھوشۇر ، پىردەۋس ئەزىزى
قوشاقلار ........................................................................................ (171)
توپلاپ رەتلىگۈچى : ئىلياس تاھىر

*    *

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .
نەققاش : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈيلۇڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : ئەلىشىر نەۋائى (تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «پاساھەت مۈلكىنىڭ ساھىبقىرانى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى ) رەسسام : نېئمەت ھەكىموۋ .

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى بەتلىرىدە : «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر .

مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە : شائىرە ئەنبەر ئاتىن ، ئېرى زاھىد خوجا ۋە شائىر مۇقىمى . (1981 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «زىبۇننىسا، دىلشاد ۋە ئەنبەر ئاتىنلار شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى ) رەسسام : ق . بەشىروۋ .

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن *

## مولla مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## يىگىرمە يەتتىنچى داستان

### زال ۋە رۇستەمنىڭ كەيخۇسرەۋ قېشىغا كەلگەنلىكى، كەيخۇسرەۋنىڭ ئىران شەھەرلىرىنى ئۇلۇغلارغا تەقسىم قىلغانلىقى ۋە ئۆز لەشكىرىنى ياسال ① قىلىپ كۆرگەنلىكى

مەۋلانا فىردەۋسى تۇسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ :

ۋاقتىكى كەيخۇسرەۋ پادىشاھلىق تاجىنى كىيدى . بۇ ئىشتىن پۈتكۈل تاجدار پادىشاھلار خۇشال بولۇشتى .

كەيخۇسرەۋ شاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ، جاھاندا ئادالەت مىزانىنى تۈزىدى . ھەممە زالىملارنىڭ يىلتىزىنى يۇلدى . بارلىق تاجدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇندى . جاي ـ جايلاردىكى ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى ئاۋات قىلدى . غەملىكلەرنى غەمدىن ئازاد قىلدى . بۇ يىلى يامغۇر كۆپ يېغىپ ، يەر يۈزى كۆكىرىپ ، جاھان بېھىشتەك بېزەندى . كەيخۇسرەۋ جەمشىد ۋە پەرىدۇن پادىشاھقا ئوخشاش تەخت ياسىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى .

نىمرۇز شەھرىگە ، يەنى پالۋان رۇستەمنى داستانغا سىياۋۇش ئوغلى كەيخۇسرەۋنىڭ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلدى . ھەممەيلەن خۇشال ـ خۇرام بولدى . زال بىلەن رۇستەم دەرھال نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كەيخۇسرەۋ تەرەپكە راۋان بولدى .

زال بىلەن رۇستەمنىڭ كەيخۇسرەۋنى كۆرگىلى كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى . ئۇردا ئىشىكىدە ناغرا ـ كارنايلار چېلىندى . ھەممە خالايىق ئالدىغا چىقتى . كەيخۇسرەۋ رۇستەمنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى . «ماڭا ئاتىدار چىلىق قىلىدىغان كىشى

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

① ياسال ـــــ سەپ ، قاتار .

www.uyghurkitap.com



ئاشۇ ئىكەن. ئاتام ھەممە ھۈنەرلەرنى ئاشۇ كىشىدىن ئۆگەنگەن ئىكەن» دېدى.

تۇس، گۇدەرز، گىۋ قاتارلىق پالۋانلار رۇستەمنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار ئىككى كۈنلۈك يولغىچە ئالدىغا باردى. رۇستەمنىڭ كۆك بايرىقى كۆرۈندى. ناغرا ـ كارنايلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن تۇس، گۇدەرز، گىۋ قاتارلىقلار خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، رۇستەم بىلەن كۆرۈشتى. رۇستەم كەيخۇسرەۋنى سورىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار زالنىڭ ئالدىغا باردى. زال بىلەن فەرامەرز رۇستەم بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ يەردىن يۈرۈپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋ تەرەپكە كەلدى.

كەيخۇسرەۋ پىل تەنلىك رۇستەمنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزغان ھالدا تەختتىن چۈشتى. رۇستەم كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا يەر سۆيدى.

— ئەي جاھان پالۋىنى، — دېدى كەيخۇسرەۋ رۇستەمگە، — ھەمىشە خۇشال ـ خۇرام ئۆتكەيسەن. سەن ئاتام سىياۋۇشنى باققان كىشىسەن. بۇ ئالەمدىكى ئەڭ ئاقىل ۋە دانىشمەن پالۋانسەن.

كەيخۇسرەۋ شۇندىن كېيىن زال بىلەن كۆرۈشتى. بارلىق پالۋانلارنى تەختلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەممە پالۋانلارنى تەختلەردە ئولتۇرغۇزدى. رۇستەم كەيخۇسرەۋنىڭ باشتىن ئايىغىغىچە سەپسېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلدى. ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى سىياۋۇشنى ئەسكە سالاتتى. رۇستەم سىياۋۇشنى سېغىنىپ، ئاھ ئۇردى. كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ، قان يىغلىدى ۋە كەيخۇسرەۋگە:

— ئەي پادىشاھىم، سەن بۇ جاھاندا ئاتاڭنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارىسەن. مەن بۇ جاھاندا ئاتىسىغا سېنىڭدەك ئوخشىغان پادىشاھتىن يەنە بىرىنى كۆرگەن ئەمەسمەن، — دېدى.

شۇندىن كېيىن ئولتۇرۇش باشلاندى. كەيخۇسرەۋ تۈن تەڭ بولغىچە ئۇخلىماستىن، پالۋانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلاردىن پاراڭ سېلىشىپ مۇڭداشتى.

تاڭ ئاتتى. قۇياش پۈتكۈل جاھاننى نۇرغا پۈركىدى. پۈتكۈل پالۋانلار جەڭ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، دۇبۇلغا، قۇياقلىرىنى كىيىپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇس، گۇدەرز، گىۋ، كەركىن، بەھرام، گۇستەھەم قاتارلىق پالۋانلارنىڭ ھەممىسى كەيخۇسرەۋنىڭ باشچىلىقىدا ئوۋغا چىقتى. كەيخۇسرەۋ مەغرىپ تەرەپتە بىر ئىران شەھىرىنى كۆردى. شەھەر ۋەيران بولغانىدى. كەيخۇسرەۋ بۇ شەھەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەزىنىدىن پۇل ـ مال ئاجرىتىپ بەردى. ئۇ بارلىق شەھەرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر شەھەردە تەخت قۇرۇپ، بىرنەچچە مۇددەت تۇراتتى. ئۇ شاراب ئىچىپ، بەزمە تۈزەتتى، خالايىققا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ھەدىيە قىلاتتى. ئاندىن يەنە بىر شەھەرگە باراتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئەدەريا دېگەن شەھەرگە باردى. ئۇ شەھەردىمۇ مەجلىس تۈزۈپ، مەي ئىچتى. ئاندىن ئوچاق ئالدىغا كېلىپ، خۇدايىتائالاغا يىغلىدى. ئۇ يەردىن قوپۇپ، كەيكاۋۇس تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. كەيكاۋۇسنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سا-

رىيىدا شاد - خۇرام ئولتۇرۇپ، بەزمە تۈزدى. بىر پەستىن كېيىن مەست بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كەيخۇسرەۋ، كەيكاۋۇس، رۇستەم، زال قاتارلىقلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۇلار ئەفراسىيابنىڭ گېپىنى قىلىشىپ، زار - زار يىغلاشتى.

— ئەفراسىياب سىياۋۇشقا نېمىلەرنى قىلمىدى؟! — دېدى ئۇلار كۆز يېشى قىلىپ، — نۇرغۇنلىغان ئېسىل پالۋانلار ئۇنىڭ قولىدا ئۆلدى. ھەتتا ئاياللار ۋە باللارمۇ ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. ئەي كەيخۇسرەۋ، سەن ئىراننى ئايلانغىنىڭدا نۇرغۇنلىغان ۋەيرانە شەھەرلەرنى كۆرۈسەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەفراسىيابنىڭ سالغان كۈلپەتلىرى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان. خۇدايىتائالا ساڭا ھەممە پەزىلەتلەرنى ئاتاقىپتۇ. قەددى - قامەتنىمۇ، ئەقىل - پاراسەتنىمۇ بېرىپتۇ، سېنى بەخت - تەلەيلىك قىلىپ يارىتىپتۇ. سەن ھەممە پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىسەن. بىز ئەمدى سەندىن قەسەم ئىچىشنى تەلەپ قىلىمىز. سەن بىزنىڭ ئىنتىقامىمىزنى ئالىدىغان كىشىسەن. شۇڭا ئەفراسىيابقا ئاداۋەت ساقلىشىڭ كېرەك. ئۇنى ئۆچ كۆرگىن. ئاناڭنىڭ ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز خاتىرە قىلىدىغان ئىشنى زادى قىلمىغىن. بۇ ئىشتا باشقىلارنىڭ سۆزىگە كىرمىگىن. يۇقىرىقى تەلەپلىرىمىزنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىڭ ھەققىدە ئالدىمىزدا ئانت ئىچكىن.

كەيخۇسرەۋ بوۋىسى كەيكاۋۇسنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رۇستەم قاتارلىق پالۋانلارغا قارىدى. ئاندىن خۇدايىتائالانىڭ ئىسمىنى تۇتۇپ ئانت ئىچتى:

— يورۇق كۈندۈزنى، قاراڭغۇ كېچىنى، قۇياشنى، ئاينى، تەختنى، تاجنى، گۈرزا ۋە شەمشەرنى ياراتقان خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، بۈندىن كېيىن ئەفراسىيابنىڭ يۈزىگە مېھرىبانلىق بىلەن قارىمايمەن! — دېدى.

بۇ ھەقتە مەخسۇس قەسەمنامە يېزىلدى. بۇنىڭغا زال ۋە رۇستەم باشلىق جىمى پالۋانلارنى گۇۋاھ قىلدى. شۇندىن كېيىن رەسمىي مەجلىس باشلاندى. پالۋانلار بىر ھەپتىگىچە كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە شاراب ئىچىشتى. سەككىزىنچى كۈنى پادىشاھ كەيخۇسرەۋ غۇسلە - تاھارەت قىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان جايغا كەلدى. خۇدايىتائالاغا كېچە تاڭ ئاتقۇچە نالە قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي جاھاننى يارىتىپ، ھەممىگە رىزىق بەرگەن ۋە يول كۆرسەتكەن شەپقەتلىك خۇدا، مېنى يىگىتلىك ۋاقتىمدا ھېچ لەشكەرسىز ھالدا ئەفراسىيابتەك ئەجدىھانىڭ قولىدىن ساق - سالامەت قۇتقۇزغانىدىڭ. ئۆزۈڭگە مەلۇم، ئەفراسىيابتا پەرھىز ۋە قورقۇنچ دېگەن زادىلا يوق. پۈتكۈل ئاۋات ھەم ۋەيرانە شەھەرلەردىكى خالايىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. پۈتكۈل بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بار. ئەفراسىياب سىياۋۇشنى زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈردى. بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزگە ئوت ياقتى. پۈتكۈل ئىران شەھەرلىرىدىكى خەلق ئۇنىڭدىن غەمگە چۆكۈپ، قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. ئەفراسىياب زالىمنىڭ پادىشاھلىقى ۋە تاجۇ تەختى پۈتكۈل روي زېمىنغا بالايىئاپەت بولدى. ئەي قادىر خۇدا، ماڭا ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا يار - يۆلەك بولغايسەن. بوۋام كەيكاۋۇسنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغايسەن. ئەي خۇدا، ئۆزۈڭ بىلىسەنكى، ئەفراسىياب تېگى - تېگىدىن ئەسكى ۋە

جادۇگەر پادىشاھتۇر .

كەيخۇسرەۋ شۇنداق نالە قىلغان ھالدا يۈزىنى تۇپراققا سۈرتۈپ ، خۇدايىتائالاغا يىغلىدى . ئاندىن تەختكە ئولتۇردى . پالۋانلارغا :

— ئەي پالۋانلىرىم ، مەن ئىران شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايلاندىم . ھەتتا ئەدەريا دېگەن شەھەرگىچە باردىم . ئەمما بىرەرمۇ ئاۋات ۋە باياشاتراق شەھەرنى كۆرۈپ باقمىدىم . شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەفراسىيابنىڭ رەنج ـ كۈلپەتلىرى ئاستىدا قالغان . ئەلنىڭ يۈرىكى قان ، كۆزلىرى ياش ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ! — دېدى . ئاندىن تەكرىگە ئىلتىجا قىلىپ ، — ئەي خۇدا ، ھەممىنىڭ دەردىنى ئېلىپ بەرگۈچى ، ھەرقانداق ياخشى ـ يامانغا يول كۆرسەتكۈچى ئۆزۈڭسەن . ياشنىپ قالغان بوۋام كەيكاۋۇسنىڭ كۆڭلى ئەفراسىيابنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن دەردكە تولغان . ئۇ ھەر زامان ئاھ چېكىپ يۈرىدۇ . ئەفراسىيابنىڭ ئىران خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقىغا ئازابلىنىپ ئۆتمەكتە . ئەي تەكرىم ، ماڭا يار ـ يۆلەكتە بولغايسەن ، — دېدى . ئاندىن يەنە پالۋانلىرىغا قاراپ ، — ئەي باتۇرلىرىم ، ئەگەر سىلەر ماڭا خالىس يار ـ يۆلەك بولىدىغان بولساڭلار ، كۆڭلۈڭلەردە مېنىڭ دوستلۇقۇم ئورۇن ئالغان بولسا ، مەن ھازىرلا ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا بەل باغلايمەن . مەن بۇنداق يامان كۈنلەردىن ئىرانلىقلارنىڭ بېشىنى خالاس قىلىمەن . ئەگەر سىلەر مېنىڭ بىلەن بىرگە يۈرۈپ جەڭ قىلساڭلار ، بۇ جەڭدە تۆكۈلگەن قاننىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھى ئەفراسىيابقا بولىدۇ . بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدىن كىشى ئۆلسە ، ئۇنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولىدۇ . سىلەر بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىسىلەر ؟ بۇ ھەقتە بىر ياخشى مەسلىھەت ئوتتۇرىغا قويۇڭلار . بىلىشىڭلار كېرەككى ، ئەفراسىياب يامانلىق قىلىشتا شۇنچىۋالا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . ئۇ ئاشۇنچىۋالا ئەسكىلىك قىلىۋاتسا ، ئۇنىڭغا جازا بەرمىسەك ياراشماس ! — دېدى .

بارلىق دۆلەت ئۇلۇغلىرى چىن كۆڭۈللىرىدىن قايىل بولغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ئۇلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ئەي جاھاننىڭ داڭلىق پادىشاھى ، سەن غەم ـ قايغۇدىن ئەبەدى ئازاد بولغىن . بىز جان ـ تېنىمىز بىلەن سېنىڭ ئالدىڭدا خىزمەتتە تۇرىمىز . ھەممىمىز ئاتىمىزدىن ئۆلۈش ئۇ-چۇن تۇرەلگەنمىز . بارچىمىز سېنىڭ قۇلۇڭمىز .

كەيخۇسرەۋ رۇستەم ، گۇدەرز ، گىۋ ، تۇس قاتارلىق پالۋانلاردىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىدى . خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىلگۈلدەك ئېچىلدى .

— ئەي جاھان پالۋانلىرى ، — دېدى كەيخۇسرەۋ ئۇلارغا ، — سىلەر بىلەن ئالەم ئاۋات بولسۇن .

شۇندىن كېيىن نەچچە مۇددەت ئاشۇ يوسۇندا راھەت ـ پاراغەت بىلەن ئۆتتى .

بىر كۈنى كەيخۇسرەۋ كاتىپلارنى چاقىرىپ ، ئۇلارغا بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئېيتتى . كەيخۇسرەۋ بىر ھەپتىگىچە ھېچ كىشىگە ئۆزىنى كۆرسەتمەي ، يېڭىباشتىن بىر دەپتەر ياز-دۇرۇپ چىقتى ئۇنىڭدا ھەممە لازىملىق گەپلەر يېزىلغانىدى .

— ئەمدى بارلىق دۆلەت ئۇلۇغلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېقىڭلار ۋە ئۇنى دەپتەرگە يېزىڭلار ! — دېدى كەيخۇسرەۋ كاتىپلارغا .

كاتىپلار يېزىشقا باشلىدى. كەيكاۋۇسنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىدىن بىر يۈز ئون پادىشاھزادە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغى فەرپىرۇز ئىبنى كەيكاۋۇس ئىدى. نەۋەر پادىشاھنىڭ ئۇرۇقىدىن يەتمىش كىشىنى ئىلغاپ چىقتى. بۇلار ھەممىسى گۇرزىلىق پالۋانلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇلۇغى دەردئاسىب ئىدى. ئۇ تۇسنىڭ ئوغلى ئىدى. گۇدەرز ئىبنى گەشۋادنىڭ يەتمىش سەككىز ئوغلى ۋە نەۋرىسى بار ئىدى. پادىشاھلارنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان ۋە كاۋەنىڭ يۇلتۇزىنى كۆتەرگەنلەر شۇلار ئىدى. گەژدىھەمنىڭ ئۇرۇقىدىن يۈز كىشىنى يازدى. ئۇلارنىڭ كاتتىسى كەركىن ئىدى. نەۋدەرنىڭ ئۇرۇقىدىن سەكسەن بەش كىشىنى ئىلغىدى. بۇلارنىڭ ئۇلۇغى بەرتە ئىدى. فىتەگىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئوتتۇز كىشىنى ئىلغىدى. بۇلارنىڭ ئۇلۇغى رۇبىن ئىدى. جەڭ كۈنلىرى ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغىنى ئاشۇ رۇبىن ئىدى. تۇس ئىبنى نەۋدەرنىڭ ۋە گېۋنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولۇپ يەنە يەتمىش كىشىنى يازدى. بۇلارنىڭ ئۇلۇغى فەرھاد ئىدى. شۇ يوسۇندا تىزىملاپ، بارلىق پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى كەيخۇسرەۋنىڭ دەپتىرىگە چۈشۈردى.

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ بارلىق لەشكەرلەرنىڭ شەھەردىن چىقىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. لەشكەرلەر باياۋانغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئاي بېشى بولۇش بىلەنلا ئەفراسىياب قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ باشلاش بەلگىلەندى. ئۇلار خۇشال - خۇرام يولغا چۈشتى. پالۋانلار كەيخۇسرەۋگە:

— ئەي پادىشاھ، تەخت بىلەن تاج سەندىن زىننەت ئالدى. بىز ھەممىمىز سېنىڭ قۇلۇڭمىز! — دېيىشتى.

كەيخۇسرەۋ:

— بۇ پالۋانلار ئىچىدىكى سالما تاشلاشقا ئۇستا كىشىلەر كەمەند (سالما) لەرنى ئېلىپ، يايلاقتا بارسۇن. ئۇ يەردىكى شامالدەك يۈگۈرەك يىلقىلارنى تۇتسۇن! — دېدى.

خەزىنىلەرنىڭ قۇۋۇقلىرى ئېچىلدى. خەزىنىچى يۈز تون ئېلىپ كەلدى. تونلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈردىن توقۇلغان، ئالتۇن، گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئاندىن يەنە بىر ئالتۇن جامنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىگە لىق گۆھەر تولدۇرۇلغانىدى. جامنى كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا قويدى. ئاندىن جاكارچى:

— بۇ مال دۇنيا بىر باشنىڭ باھاسىدۇر. كىمكى ئەفراسىيابتىن ئىبارەت بۇ ئەجدىھانىڭ بېشىنى كېسىپ، ئات ۋە تىغلىرىنى بىزنىڭ لەشكەرگاھىمىزغا ئېلىپ كەلسە، بۇ مالنى شۇ كىشى ئالسۇن! — دېدى.

بىجەن ئىبنى گېۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئەفراسىيابنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلاپ، مال - دۇنيالارنى ئالدى. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى.

كەيخۇسرەۋ يەنە خەزىنىچىلەرگە پەرمان قىلىپ، ئالتۇندىن نەقىشلەنگەن بىر تون، ئىككى يۈز توپ ئېسىل رەخت، يۈز توپ تاۋار، ئىككى ئاي يۈزلۈك كېنىزەكنى كەلتۈردى.

— پالۋان نىژادقا ئەفراسىياب بىر تاج بەرگەنىدى، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — كىمكى ئاشۇ تاجنى بىزنىڭ لەشكەرگاھىمىزغا ئېلىپ كەلسە، بۇ ھەدىيەلەرنى شۇ كىشىگە

www.uyghurkitap.com



بېرىمەن.

بىجەن ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇ كېنىزەكلەرنى ۋە ھەدىيەلەرنى ئالدى. مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىجەننىڭ بۇنداق قورقۇمسىزلىقىغا ھەيران قالدى. كەيخۇسرەۋ يەنە پەرمان قىلىپ، ئون ئالتۇن كەمەرلىك قۇل، ئون ئالتۇن ئېگەر ـ يۈگەنلىك ئات، ئون ئاي يۈزلۈك كېنىزەك كەلتۈردى.

— كىمىكى پالۋان نىژادنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسە، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — بۇ ھەدىيەلەرنى شۇ كىشىگە بېرىمەن. نىژادنىڭ بىر كېنىزىكى بار. جەڭ كۈنلىرىدە نىژاد ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇ گۈزەلنىڭ خۇش ئاۋازىنى يولۋاس ئىشىتسىمۇ بىھۇش بولىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى قىزىلگۈلدەك، بوي ـ قامىتى سەرۋى دەرىخىدەك، يۈرۈشلىرى خۇددى كەكلىكتەك گۈزەل. ئۇنىڭ ئىسمى ئەسنەۋى، ئۇنىڭ بەدىنى ئاپئاق كۈمۈشتەك، چېچى ئىپاردەك. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئەيىبتۇر. شۇڭا ئۇنى كەمەند بىلەن تۇتۇپ كەلتۈرگەي.

يەنە پالۋان بىجەن ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇ ھەدىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى.

كەيخۇسرەۋ خۇشال ـ خۇرام بولۇپ:

— ئەي پالۋان ئەۋلادى، سەندەك باتۇرنىڭ جېنى دائىم ئامان بولسۇن، — دېدى، ئاندىن ئۇنى يەنە ماختاپ، — ئالەمنىڭ پادىشاھلىق تەختى سەنسىز بولمىغاي، — دېدى.

كەيخۇسرەۋ يەنە خەزىنىچىگە پەرمان قىلىپ، ئون ئاي يۈزلۈك كېنىزەك، ئالتۇن تاجلىق، ئالتۇن كەمەرلىك ئون قول، ئالتۇندا نەقىشلەنگەن ئىككى يۈز توپ رەخت، بىر شاھانە ئالتۇن تاج ۋە ئالتۇن كەمەر كەلتۈردى. ئاندىن مۇنداق جاكارلىدى:

— كىمىكى بۇ يەردىن ئاتام سىياۋۇشنىڭ روھىغا رەھمەت ئوقۇغان ھالدا كاسەرۇدغىچە بارسا، كاسەرۇدتا بىر تاغ بار. ئۇ تاغنىڭ ھەممە يېرى ئوتۇن بىلەن قاپلانغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئون ئارغامچى بويى كېلىدۇ. ئۇ يەردە جەڭ قىلساق جىمى پالۋانلىرىمىز ئوتۇننىڭ ئارىسىدا قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئاشۇ ئوتۇنلارغا ئوت يېقىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىسا، بۇ ھەدىيەلەرنى ئاشۇ كىشىگە بېرىمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، گېۋ ئورنىدىن تۇردى:

— ئۇ تاغقا ئوت يېقىش مېنىڭ ئىشىمدۇر. ئۇ يەرگە قانچە كۆپ لەشكەر كەلگەن تەقدىردىمۇ قورقمايمەن، — دېدى. كەيخۇسرەۋ ئۇ ھەدىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى گېۋگە بەردى ـ دە:

— ئەي مەشھۇر پالۋان، ئەگەر سەن بولمىساڭ شاھلىق تەختىمىز ھەرگىز نۇرلانمايدۇ، — دېدى.

كەيخۇسرەۋ خەزىنىدارلىرىغا پەرمان قىلىپ، يەنە يۈز توپ رەڭگارەڭ ئېسىل رەخت، يۈز قىممەت باھالىق گۆھەر، ئون كېنىزەك كەلتۈردى.

— بۇ ھەدىيەلەرنى، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — ئەقىللىق ۋە قورقۇمسىز بولغان، ئەفراسىياب ئالدىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى ماڭا يەتكۈزگەن، ئەفراسىيابتىن ئەسلا قورقمىغان كىشىگە بېرىمەن.

بۇ ئىشقا پالۋان كەركىن ئىبنى مىلاد قول سۇندى. بۇ خىزمەتكە بەل باغلاپ، بۇ ھەدىيەلەرنى شۇ ئالدى. كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى.

كۈن كەچ بولدى. پادىشاھ ئۆز قارارگاھىغا قايتتى. ساقى ۋە شارابلارنى ھازىرلاپ بەزمە تۈزدى.

تاڭ ئاتتى. رۇستەم بىلەن تەھەمتەن پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئىران مەملىكىتى ۋە تاجۇ تەختى ھەققىدە سۆزلىدى. پالۋان زەۋارە ۋە فەرامەرزلەرمۇ كېلىپ، رۇستەمنىڭ يېنىدا، پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.

— ئەي شاھىم، — دېدى رۇستەم كەيخۇسرەۋگە، — زابۇلۇستاندا بىر شەھەر بار. ئۇ ئۆلكە ئەسلى تۇرانىنىڭ ئىدى. مەنۇچېھرە پادىشاھ ئۇ شەھەرنى تۇرانلىقتىن تارتىۋالغان. ئۇ ناھايىتى ئوبدان، خۇشھاۋالىق شەھەردۇر. لېكىن كەيكاۋۇس قورقۇنچاق بولغانلىقتىن، ئۇ شاھلىق تەختىگە چىققاندىن بېرى ئۇ شەھەرنىڭ باج – خىراجىتىنى ئەفراسىيابقا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ شەھەر ئىرانغا زادىلا قارىمايدۇ. ئۇ شەھەردە ھەددى ھېسابسىز خەزىنىلەر ۋە پىللار بار. پۇتكۈل بىگۇناھلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ شەھەرلىكلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىدۇ. ئۇ شەھەرلىكلەر ھەمىشە ئىران شەھەرلىرىنى چاپقۇن قىلىپ، تالان – تاراج قىلىدۇ. ئەي پادىشاھ، ھازىر ئەمدى پۇتكۈل ئىران شەھەرلىرى سېنىڭ بولدى. قولۇڭدا نۇرغۇن داڭلىق پالۋانلىرىڭ بار. ئەمدى بىر ئۇلۇغ لەشكەر بىلەن بىر جەسۇر پالۋاننى ئۇ شەھەرگە ئەۋەتسەڭ، ئۇ شەھەرلىكلەر باج – خىراجەتنى زېمىنىڭگە ئېلىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا كەلسە، ئاندىن كېيىن تۇران زېمىنىغا بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ.

كەيخۇسرەۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي جاھان پالۋىنى، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، ياخشى يول كۆرسەتتىڭ. ئۇ شەھەرگە قانچىلىك لەشكەر بارسا بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ مۆلچەرلەپ باق. ئۇ شەھەر سېنىڭ ئۆلكىلىرىڭگە تۇتاش ئىكەن. بۇ ئىش ساڭا مۇۋاپىق كەلگۈدەك. شۇڭا ئوغلۇڭ فەرامەرزگە نۇرغۇن لەشكەر بەرگىن. بۇ ئىش ئۇنىڭ قولى بىلەن پۇتسۇن، — دېدى.

جاھان پالۋىنى رۇستەم بۇ سۆزنى ئاڭلىدى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلدى. كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا كۆپ تەھسىن – ئاپىرىنلارنى ئېيتتى.

پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ناتام كەلتۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن مەي ئىچىشتى. خۇش ئاۋاز سازەندىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ كۈي كۈيلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازىمۇ خىجالەت بولدى. تاڭ ئېتىپ، قۇياش تۇغدى. غەزەلخانلار تارقىدى. بارگاھ ئىشىكىدىن ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممە پالۋانلار كېلىپ، سەپ تارتىپ تۇردى. ناغرىلارنى پىللارنىڭ ئۈستىگە بېكىتتى. يەنە بىر پىلنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن تەختنى بېكىتتى. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ كېلىپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلۇغلار كېلىپ كەيخۇسرەۋنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈردى. كەيخۇسرەۋ قولىدا ئۆي باشلىق گۈرزىنى تۇتتى. بوينىغا ئالتۇن ھالقىنى سالدى. ئۇنىڭ تاجىنىڭ كۈنگۈرىلىرىگە گۆھەردىن كۆز قويۇلغانىدى. بوينىغا يەنە قىممەت باھالىق ئۈنچە – ياقۇتلارنى ئاستى. ئاق مۆھۈرنى يېنىغا ئاستى. يەر يۈزى گوياكى نىل دەرياسىدەك چايقالدى. تىغ – گۈرزىلارنىڭ، ناغرا

www.uyghurkitap.com

كارنايلارنىڭ ۋە پالۋانلارنىڭ ئاۋازىدىن پەلەك يۈزى قىزاردى . شاھ كەيخۇسرەۋ قولىدا ئالتۇن جام بىلەن مۇنچاقنى تۇتۇپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى . لەشكەرلەرنىڭ ئاۋازى كەيۋان يۇلتۇزىغا يېتەتتى . لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئالتۇن زەنجىرلىك ئون پىل ھەيۋەتلىك قەدەم بىلەن يۈرەتتى . قاچانكى كەيخۇسرەۋ پىل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، ئالتۇن جامغا مۇنچاقنى ئۇرسا ، ھېچ بىر پادىشاھنىڭ ئۆز ئورنىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشىغا بولمايتتى ، دەرھال كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كېلىشى كېرەك ئىدى . كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ ھاكىمىيەت قائىدىسى ئاشۇنداق ئىدى .

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ بىر باياۋاندا پىل ئۈستىدىكى تەختتە ئولتۇردى . ھەممە لەشكەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . ھەممىدىن بۇرۇن ماگغىنى فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس ئىدى . ئۇ بېشىغا تاج كىيىپ ، قولىغا گۇرزا تۇتقانىدى . ئالتۇن كەش كىيگەنىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قۇياش سۈرەتلىك ئەلەمنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى . فەرپىز ئىنتايىن ئېسىل ئاتقا مىنگەنىدى . سالما ( كەمەند ) نى ئېتىنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاپ ، ئاجايىپ ھەيۋەت ۋە سۆلەت بىلەن ئۆتتى . ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ، كۈمۈشكە غەرق بولغانىدى . پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئېيتتى :

— ئەي قېرىندىشىم ، — دېدى ئۇ فەرپىزگە ، — سەن پۈتكۈل دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگەيسەن . سېنىڭ ھەممە كۈنۈڭ نورۇز كۈنىدەك شاد — خۇرام ئۆتكەي . ساغلاملىق بىلەن بېرىپ ، خۇشال — خۇراملىق بىلەن يانغايسەن .

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد ئۆتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن شىر سۈرەتلىك ئەلەمنى كۆتەرتىپ ، قولىدا ئېغىر گۇرزا ۋە شەمشىرىنى تۇتقان ھالدا ئۆتتى . ئۇنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە بىر ئوغلى ، يەنى پالۋان گېۋ ؛ سول قول تەرىپىدە يەنە بىر ئوغلى رۇھام بىللە ئۆتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا توغ ئەلەملەرنى پالۋانلار ۋە ئۇزۇن نەيزىلەرنى كۆتەرگەن مىڭ نەپەر پالۋان ئۆتتى : رۇھامۇ ئۆزىنىڭ ئەلىمى ۋە نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، پۈتكۈل پالۋانلىرى بىلەن ئۆتتى . گۇدەرزنىڭ يەتمىش سەككىز ئوغلى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ توغلىرى ، لەشكەر ۋە قۇرال — ئەسلىھەلىرى پۈتكۈل باياۋانغا سىغماي كېتىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ توغ — ئەلەملىرى باشقا — باشقا رەڭدە ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇرزىلىق ۋە تىغلىق پالۋانلار ئىدى . ئۇلار پۈتكۈل ئالەمنى شۇلارنىڭ لەشكەرلىرى قاپلاپ ، ھەممە پادىشاھ شۇلارنىڭ شەمشىرى ئاستىدا قالغاندەك ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن ئۆتتى . گۇدەرز پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . كەيخۇسرەۋ گۇدەرزگە ، پالۋان گېۋگە ۋە بارلىق لەشكەرلىرىگە تەھسىن — ئاپىرىنلار ئېيتتى .

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەژدىھەم ئوغلى گۇستىھەم ئۆتتى . ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قولىدا نەيزە تۇتقان ، ئوق — يالىرىنى ئېسىشقان ، گۇرزىلارنى كۆتۈرۈشكەنىدى . ئۇ لەشكەرلىرىنى ئىنتايىن ياخشى زىننەتلىگەنىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالۋان ئەشكەس ئۆتتى . قولىدا ئېغىر گۇرزىنى كۆتۈرۈۋالغان بۇ كىشى ئىنتايىن جەسۇر ھەم دانىشمەن پالۋان ئىدى . ئۇمۇ لەشكەرلىرىنى ياساپ زىننەتلەپتۇ . ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يولۋاس سۈرەتلىك ئەلەمنى كۆتۈرگەنىدى . كەيخۇسرەۋ بۇ پالۋانغا ئاپىرىن ئېيتتى ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن زوقلاندى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالۋان فەرھاد ئۆتتى . ئۇلار ھەممە پىللارنىڭ ئۈستىگە ناغرىلارنى

ياغلىغان، لەشكەرلەر قوللىرىدا تىغ ـ سۇپەرلەرنى تۇتقان، ساۋۇتلارنى كىيگەنىدى. ھەممىسى ئاتلىق ئىدى. پادىشاھ ئۇلارغىمۇ بارىكاللا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالۋان گورازە ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ھەيۋەتلىك قىلىپ بېزەلگەنىدى. ئۇلار تۇگىۇز سۈرەتلىك تۇغ كۆتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالۋان زەڭگى شاھۋەران ئۆتتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى سالما تاشلاشقا ئۇستا ئىدى. ئۇلار ھۇمايۇن سۈرەتلىك تۇغ كۆتۈرۈشكەنىدى. ئۇنىڭ باشلاپ ئۆتكىنى پۈتۈنلەي باغداد شەھرىنىڭ لەشكەرلىرى ئىدى. ئۇلار باشلىرىغا ھۇمايۇن قۇشىنىڭ قاناتلىرىنى قادىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن فەرامەرز ئىبنى رۇستەم ئۆتتى. ئۇ قولىدا ئېغىر گۇرزىنى كۆتۈرگەن. كەشمىر، كابۇل، زابۇل ۋە نىمرۇز شەھەرلىرىنىڭ پالۋانلىرى ۋە لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ تۇغى ئاتىسى رۇستەمنىڭ تۇغى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۇغنىڭ يەتتە بېشى بار ئىدى. ھەربىر بېشى بەئەينى ئەجدىھانىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قوشۇنى گوياكى تىرىك ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. فەرامەرز گوياكى سەرۋى دەرىخىدەك ھەيۋەت بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا تەھسىن ئاپىرىنلار ئېيتتى. پادىشاھنىڭ كۆڭلى فەرامەرزدىن ناھايىتى سۆيۈندى. ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەتلەر قىلىپ، مۇنداق دېدى:

ـــ ئەي پالۋان ئوغلى، سېنى كىچىككىدىن باشلاپ جەسۇر پالۋان رۇستەم بېقىپ چوڭ قىلدى. سەن ئۇنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ھەرقانداق سورۇندا ئەزىز ۋە مۆھتىرەم بولغايسەن. چۈنكى سەن رۇستەمنىڭ ئوغلى، داستان ئىبنى سام نەرىماننىڭ نەۋرىسىسەن. پۈتكۈل ھىندىستان شەھەرلىرى، قۇتۇچ شەھرى تاكى بوۋاڭ داستاننىڭ ئۆلكىسىگىچە سېنىڭ بولسۇن. ھەرقانداق كىشى سەن بىلەن جەڭ قىلىشنى ئىستىسە، ئۇنداق كىشىگە ھەر ئىككىلا دۇنيانى قاراڭغۇ قىلغايسەن. مەيلى قەيەردە بولمىغىن، دەرۋىشلەرگە يار ـ يۆلەك بولغايسەن. دوست كىم، دۈشمەن كىم؟ بۇنى ياخشى سىناق قىلىش لازىم. كىشىلەرگە سېخىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن؛ «ئەتە بېرەي» دېمىگىن، چۈنكى ئەتە تاڭ ئاتقۇچە ئۆمۈر يار بېرەمدۇ ـ يوق، بۇنى بىلمەيمىز. ئەي پالۋان ئوغلى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بارلىق شەھەرلەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ساڭا بەردىم. بۇ شەھەرلەرنى ياخشى تۇتقىن. كىشىلەردىن بىھۇدە نەرسە تەلەپ قىلمىغىن. يىگىتلىكىڭگە مەغرۇرلانمىغىن. كىشىگە بىھۇدە ئازار بەرمە. بۇ ئۆتكۈنچى، مەسخىرىۋاز دۇنياغا تولا ئىشىنىپ كەتمىگىن. چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى رەڭگارەڭ بولىدۇ. ئەي پالۋانزادە، سەن ياخشى نام چىقىرىپ، نامدار بولۇشۇڭ كېرەك. كۆڭلۈڭنى دۇنيا ئۈچۈن غەمكىن قىلمىغىن. بۇ ئالەمدە سەن ۋە مەن ھەممىمىز خۇشال ـ خۇرام ياشايلى، سالامەت بولايلى. جانىنى ياراتقان خۇدايىتائالا سەندىن رازى بولسۇن. ساڭا يامان نىيەتتە بولغانلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن.

فەرامەرز پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ بۇ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئىشىتتى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، پىيادە بولدى. پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈزىنى تۇپراققا ئۇرۇپ، تەشەككۈر ئېيتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ بارىدىغان مەنزىلىگە قاراپ يۈزلەندى. رۇستىمى تەھەمتەن ئوغلىنى ئىككى پەرسەڭ يەرگىچە بىرگە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا جەڭ سورۇنلىرىنىڭ قائىدە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئېلېكتىرونلۇق كىتابلار بېكىتى


يوسۇنلىرىنى ئۆگەتتى. ئاندىن كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا ئوغلى بىلەن خوشلاشتى. ئۇ يەردىن يېنىپ، ئۆزىنىڭ بارگاهىغا قايتىپ كەلدى. كەيخۇسرەۋمۇ پىل ئۈستىدىكى تەختتىن چۈشۈپ، ئاتقا مىنىپ، ئۆزىنىڭ قارارگاهىغا كەلدى. ئوغلىنى ئۇزاتقان رۇستەم كەيخۇسرەۋنىڭ قارارگاهىغا يېتىپ كەلدى. شاهنىڭ پەرمانىغا بىنائەن مەي كەلتۈرۈلدى. كەيخۇسرەۋ رۇستەمگە:

— ئەي جاهان پالۋىنى، هەمىشە كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتقىن. بىزگە بۇ خۇشاللىق دەملىرى غەنىمەتتۇر. ئەقىللىق كىشى بىر ئىشنى ئەتە قىلايلى دېمەيدۇ. قاراپ باق، تۇر نەگە كەتتى؟ سەلم، فەرىدۇن قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلارنىڭ هەممىسى تۇپراق ئاستىغا كىرىپ، نابۇد بولدى. بىز كۆڭلۈمىزدىكى هېرىسمەنلىكنى يوق قىلىشىمىز كېرەك. گەرچە بىز نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى چېكىپ خەزىنە توپلىساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نېسىۋىمىز تۇپراقتىنلا ئىبارەت. بۇ ئۆلۈمدىن هېچكىم قۇتۇلالمايدۇ. بۈگۈن كېچە شاد - خۇرام هالدا مەي ئىچەيلى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا پەرمان قىلايلى، تۇس ئىبنى نەۋدەر كارنىينى ۋە ناغرىلىرىنى چالسۇن. قېنى كۆرۈپ باقايلى، بۇ جەڭ كىمگە مېهرىبانلىق قىلىدىكىن؟ بۇ جاهاننى ياراتقان خۇدايىتائالا بىزگە ياردەم قىلسا، تىغ تارتىپ، دۈشمەنلىرىمىزدىن ئۆچىمىزنى ئالايلى، — دېدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى داستان

## فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇش بىلەن تۇس ئىبنى نەۋدەرنىڭ قىسسىسى

**فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇشنىڭ تۇسنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقى، بەهرام ئىبنى گۇدەرزنىڭ**
**بېرىپ فۇرۇدنىڭ هالىنى سورىغانلىقى، فۇرۇدنىڭ زەراسپ ئىبنى تۇسنى ئۆلتۈرگەنلىكى،**
**بىجەن ئىبنى گىۋنىڭ فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئەفراسىيابنىڭ ئىران**
**لەشكەرلىرى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقى، بىجەننىڭ پالۋان نىژاد**
**بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، پىران ۋىسەنىڭ ئىران لەشكەرلىرىگە**
**كېچىدە هۇجۇم قىلغانلىقى**

هەزرىتى مەۋلانا فىردەۋسى تۇسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەهمەت قىلغاي) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئادەم يامان خۇيى بىلەن بولسا، ئۇ ناهايىتى يامان ئەيىبتۇر. ئەگەر بۇ داستاننى ئىشىتسىڭىز، بەدخۇيلۇقنىڭ نەقەدەر يامان ۋە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى: قۇياش هەمەل بۇرجىغا كەلدى. تۇس ناغرا - كارنايلارنى چالدۇرۇپ، هەممە شەهەرلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغدى. ئات ۋە ناغرىلارنىڭ تولىلىقىدىن قۇياشنىڭ يۈزلىرى قارايدى. قورال - ياراقلار ۋە پىللارنىڭ ئاۋازىدىن ئالەم ئىچىدە شاۋقۇن - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. هاۋانىڭ يۈزى كۆك، سېرىق، قىزىل ئەلەملەر بىلەن پۈركەندى. كاۋە تۇغى هاۋانى رەڭگارەڭ تۇسكە كىرگۈزدى. كاۋە تۇغىنىڭ ئەتراپىدا گۇدەرزنىڭ ئوغۇللىرى ئو-

رۇنلاشتى . كەيخۇسرەۋ بېشىغا تاج كىيىپ بارگاھ ئالدىغا چىقتى . كاۋە تۇغىنى كۆتۈرگەن، ئايىغىغا ئالتۇن كەش كىيگەن تۇس ئىبنى نەۋدەر كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى . پادشاھ نەۋدەرنىڭ ئۇرۇقىدىن قانچە شاھزادە بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن تاجلىق ئىدى . مەنۇچېھر، پادشاھنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن بولغان ھەربىر كىشى تۇسقا مېھرىۋان ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇس بىلەن بىللە كەلدى . شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلار بىر پىل سۈرەتلىك ئەلەمنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى . كەيخۇسرەۋنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بارلىق پالۋانلار بارگاھ ئالدىغا يىغىلدى . پادشاھ كەيخۇسرەۋ قوشۇن بېگى تۇسقا مۇنداق دېدى :

— ئەي تۇس ، سەن بولساڭ قوشبېگى . سەن كاۋە تۇغىنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتىسەن، يولدا ھېچ كىشىنى رەنجىتمىگەيسەن . دېھقانلار بىلەن ھۈنەرۋەنلەر لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ بەل باغلىمايدۇ . بۇ ئەزەلدىن بېرىقى پادشاھلىق يوسۇنى، ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار . چۈنكى بۇ ئالەم بىزگە ۋاقىتلىق ئارىيەتكە بېرىلگەن . ئەي تۇس ، بۇ سەپەردە سەن ھەرگىز گالات شەھىرىنىڭ يولىدىن ماڭمىغىن . ئەگەر ئۇ يولغا كىرىپ قالساڭ، ئىشنى خام قىلغان بولىسەن . چۈنكى ئۇ يەرنى ئاكام فۇرۇد ساقلاۋاتىدۇ . ئۇ ئىنتايىن غەيۇر پالۋاندۇر، ئۇ ئاتام سىياۋۇش (ئۇنىڭ روھى نۇرانە بولغاي) نىڭ پىران ۋىسەنىڭ قىزىدىن بولغان ئوغلىدۇر . ئۇنىڭ چىراي ۋە قەددى ـ قامىتى ماڭا بەك ئوخشايدۇ . ناھايىتى چىرايلىق يىگىتتۇر . ئۇ ھازىر ئانىسى بىلەن گالات شەھىرىدە تۇرۇۋاتىدۇ . بىر ئىقلىمغا پادشاھلىق قىلىۋاتىدۇ . ئۇ ئىرانلىقلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ . شۇڭا ئۇ تەرەپكە چۈلۈۋرۈڭلارنى تەۋرەتكۈچى بولماڭلار . ئۇنىڭ لەشكىرى ۋە پالۋانلىرى ناھايىتى تولا . ئۇ يەرنىڭ يولى بەك تار . سىلەر باياۋان يولى بىلەن مېڭىڭلار . شىرنىڭ چاڭگىلىغا ئۆزىنى ئۇرۇش ئوبدان ئىش ئەمەس .

— ئەي پادىشاھىم ، — دېدى تۇس ، — بىز سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزدىن چىقمايمىز . قايسى يول بىلەن مېڭىشنى بۇيرۇساڭ، شۇ يول بىلەن بارىمىز . سىزنىڭ قىلغان پەرمانىڭىزدىن ياخشىلىق ۋە بەختتىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ .

تۇس لەشكەرلىرى بىلەن راۋان بولدى . پادشاھ كەيخۇسرەۋمۇ رۇستەم بىلەن قايتىپ، ئۆز بارگاھىغا كەلدى . مەجلىس تۈزۈپ، ئەفراسىيابتىن كۆرگەن رەنج ـ ئەلەملەرنى سۆزلىشىپ ئولتۇردى .

ئەلقىسسە ، يولغا چىققان لەشكەرلەر مەنزىل، ئۆتەڭلەرنى بېسىپ، مۇساپىلەرنى كېزىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلار بىر مەنزىلگە يېتىپ كەلدى . قارىسا يولنىڭ بىر تەرىپى ئوت ۋە سۇيى يوق باياۋان ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىكى يول بولسا گالات شەھىرىگە بارىدىغان يول ئىدى . ئۇ يول بىلەن چەرمۇن ناملىق ۋىلايەتكە بارغىلى بولاتتى . ھەممە لەشكەرلەر پىل ۋە ناغرىلارنى توختاتتى . قوشۇنبېگى تۇس يېتىپ كەلدى . تۇس ئۇ باياۋاننىڭ ئوت ۋە سۇيى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئېيتتى . ئاندىن گودەرزگە :

— ئەگەر بىز ئۇ باياۋاندىن مېڭىپ، چۆلگە كىرىدىغان بولساق، ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ئىپار، ئەنبەر بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئوت ـ چۆپ ۋە سۇغا ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ . بۇ

uyghurkitap.com

ئۇزۇن يولدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولىمىز. ئەڭ ياخشىسى گالات - چەرمۇننىڭ يولىغا كىرەيلى. بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئاۋاتلىق، ئېرىقلىرىدا سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق يول تۇرغان يەردە نېمە دەپ چۆل - باياۋان يولىغا كىرگۈدەكمىز؟ بىز ئىلگىرى كەژدىھەم بىلەن بىللە گالات يولىدىن بىر قېتىم ماڭغان. ئۇ چاغدا ھېچقانداق رەنج - مۇشەققەت كۆرمىگەنىدۇق. بۇ يولنىڭ پەقەت بىرمۇنچە ئېگىز - پەس يەرلىرى بار، خالاس، — دېدى.

تۇس شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئېتىبار قىلماي، گالات شەھرىنىڭ يولىغا كىردى.

فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇشقا: «ئىران تەرەپتىن لەشكەر كەلدى. قۇياش يۈزىنى توغ قاپلىدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ پىللىرىنىڭ تولىلىقىدىن يەر يۈزى نىل دەرياسىدەك چايقالماقتا» دېگەن خەۋەر يەتتى. فۇرۇدنىڭ كۆڭلى غەمكىن بولۇپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىردى:

— ئەي مېھرىبان ئانا، بىر پالۋان نۇرغۇن لەشكەر بىلەن تاغلىق يولى بىلەن كەلدى، — دېدى.

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، ھېچ ئەنسىرىمە، بۇ لەشكەرنىڭ سېنىڭ بىلەن ھېچبىر ئاداۋىتى يوق. ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ ئىراندىن كەلگەن لەشكەرلىرىدۇر. تۇرانغا ئاتاڭنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندۇر، — دېدى ئانىسى.

فۇرۇد ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يەنىلا ئەنسىرىدى. ئۇ سېپىلدىن چۈشۈپ، تاغقا قارىدى. تاغدا ئوتلاپ تۇرغان نۇرغۇن قوي، كالا، يىلقىلار بار ئىدى. بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چارۋىلارنىڭ ھەممىسىنى سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋالدى. تاغ ۋە باياۋانلاردا ھېچ نەرسىنى قويمىدى. ئاندىن سېپىلنىڭ قوۋۇقلىرىنى تاقىدى.

چەرمۇن تەرەپتىن تۇسنىڭ ناغرىلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاۋانى توغ - ئەلەملەر قاپلىدى. فۇرۇدنىڭ ئانىسىنىڭ ئېتى جەرىرە ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى سىياۋۇشنىڭ دەرد - پىراقىدا غەمكىن ئىدى. فۇرۇد ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىردى:

— ئەي ئانا، ئىرانلىقلار بىزگە چاپقۇنغا كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى.

— ئەي پالۋان ئوغلۇم، — دېدى جەرىرە، — بۇنداق دەپ كەتكۈدەك ئىش يوقتۇر. ئىران شەھرىدە قېرىندىشىڭ كەيخۇسرەۋ يېڭىدىن پادىشاھلىققا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قېرىندىشىڭ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ھوشيار يىگىتتۇر، ئۇ سېنى ۋە مېنى ئوبدان بىلىدۇ. مېنى ئاتام پىران سىلەرنىڭ ئاتاڭلار سىياۋۇشقا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. ئۇنداق بولمىغاندا سىياۋۇش تۇرانلىقلاردىن ئۆيلەنمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالغانىدى. سېنىڭ ئانا تەرىپىڭمۇ، ئاتا تەرىپىڭمۇ تاجدار پادىشاھلاردىندۇر. ئەگەر قېرىندىشىڭ كەيخۇسرەۋ ئاتاڭ سىياۋۇشنىڭ روھىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ئۆچ ئالماقچى بولغان بولسا، سەنمۇ ئەفراسىيابتىن ئاتاڭنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن زىيادىرەك بەل باغلىشىڭ كېرەك. بۇرادىرىڭ كەيخۇسرەۋ ئۆزىنىڭ بوۋىسى بولغان ئەفراسىيابتىن ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلاپتۇ. ئۆچ ئېلىشقا ئەسلىدە ئۇنىڭدىن بەكرەك سەن لايىق ئىدىڭ. ئەي ئوغلۇم، رومچە ئولپىقىڭنى كىيگىن. قېرىندىشىڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا بارغىن. ئۇ يېڭى پادىشاھ بولغان قېرىندىشىڭنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ھەم-

دەم بولغىن . سىياۋۇشنىڭ ماتىمى ئۈچۈن يولۋاسلارمۇ يىغلىسا كېرەك . ئۇنىڭ قايغۇسىدا دەريالار تېشىپ ، بېلىقلار چوقان سالسا لايىقتۇر . بارلىق سۇ قۇشلىرى ۋە بېلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەفراسىيابقا لەنەت ئوقۇيدۇ . ئېست ، بۇ ئالەمگە ئەمدى سىياۋۇشتەك پادىشاھ كەلمەس . پالۋانلىقتا ، مەردانىلىكتە ۋە سېخىيلىقتا ، ئېسىللىكتە ، خۇش خۇيلۇقتا ۋە ئەدەب ئەخلاقتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى . سەن ئەنە شۇنداق داڭلىق ۋە پالۋان پادىشاھنىڭ ئوغلىسەن . ئاتاڭنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا بەل باغلىغىن . ئۇ لەشكەرنىڭ ئۇلۇغى ، قوشېگى كىمكىن ؟ قاراپ باققىن . ئۇ پالۋانلارنى بۇ يەرگە چاقىرغىن . ئۇلارنى مەي ۋە غىزالار بىلەن مېھمان قىلغىن ، تون — سەرۇپاي ، تىغ — شەمشەر ، دۇبۇلغا — قويۇاق ۋە خەنجەر ئولپاقلارنى بېرىپ ، تارتۇقلىغىن . بۇ ئالەمدە قېرىندىشىڭ كەيخۇسرەۋنىڭ ئۆزىلا ساڭا يۆتمەس — تۇگىمەس خەزىنىدۇر . سەن بۇ لەشكەرنىڭ ئالدىغا ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتۇپ بارغىن ، شۇ ئارقىلىق ئاتاڭنىڭ ئۆچىنى ئالغىن !

فۇرۇد ئانىسىغا مۇنداق دېدى :

— مەن بۇ سۆزلەرنى كىمگە ئېيتىمەن ؟ بۇ لەشكەرلەر ئىچىدە ماڭا كىم شەپقەت قىلىدۇ . ئۇ لەشكەرلەر ئىچىدىن مەن ھېچكىمنى تونۇمايمەن ، ئاتلىرىنىمۇ ئۇقمايمەن . ئۇلاردىنمۇ ماڭا ھېچقانداق خەۋەر كەلگىنى يوق .

جەرىرە :

— ئەي شاھزادەم ، قاچانكى ئۇ لەشكەرلەرنى كۆرسەڭ ، ياخشىراق قاراپ باققىن پالۋان بەھرام بىلەن پالۋان زەڭگى شاھۋەرانىنى ئىزدىگىن . سىياۋۇش (ئۇنىڭ روھى نۇرلۇق بولغاي ) بۇ ئىككى پالۋاندىن زادى ئايرىلماي بىرگە يۈرەتتى . ئەي ئوغلۇم ، سەن ئۆزۈڭ بىلەن ھېچقانداق لەشكەر ئالماي ، پەقەت تۇخارە ئاتلىق پالۋان بىلەنلا ئۇ يەرگە بارغىن . بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۆزۈڭگە خارلىق دەپ بىلمىگىن . ئەگەر ئۇ تەرەپتىكى پالۋانلارنىڭ ئېتىنى سورىساڭ ، تۇخارە ساڭا ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ .

— ئەي مېھرىبان ئانا ، سېنىڭ مەسلىھەتىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىۋېتىدۇ ، — دېدى فۇرۇد .

دەل شۇ چاغدا بىر قورۇل بېگى كېلىپ ، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى :

— ئەي شاھزادە ، — دېدى ئۇ كىشى ، — بۇ باياۋاننى لەشكەر قاپلاپ كەتتى . قۇياش يۈزىگە پەردە تارتىلغاندەك ھاۋا قارىيىپ كەتتى . سېپىلنىڭ يېنىدىن تاكى تاغنىڭ باغرىغىچە تۇغ — ئەلەملەر ، پىل ۋە ئاتلار ھەم پالۋانلار بىلەن توشۇپ كەتتى .

فۇرۇد تۇخارەنى ئېلىپ سېپىلدىن چىقتى . ۋاقتىكى بىچارە فۇرۇدنىڭ تەلىيى يانغانىدى . بۇ پەلەك ئۇنىڭغا تەتۈر چۆرگۆلدى . نەزمە :

كىشىنىڭ بەختى يانسا ، ئالتۇن ئالسا بولغۇسى تۇپراق ،
كۈل ئالسا بولغۇسى نۇقرە ، كىشىنىڭ بەختى يار ئولسا .

فۇرۇدقا بۇ پەردە ياكى ئۇرۇق — تۇغقان ياكى يار — غەمگۇزار يوق ئىدى . ياكى ئاچ-

چىقلايدىغان ياكى مېھرىبانلىق قىلىدىغان كىشى يوق ئىدى . ئۇ تۇخارە بىلەن تاغ ئۈستىگە چىقىپ ، ئىران لەشكەرلىرىنى كۆزەتتى . شاھزادە تۇخارەگە :

— مەن سورىغان سوئاللارغا راستى بىلەن جاۋاب بەرگىن . ئۇ ئەلەم كۆتۈرۈپ ، ئالتۇن كەش كىيگەن كىشىلەر ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگىن ، — دېدى .

ئىران لەشكەرلىرى تاغ تۈۋىگە يېقىنلاپ كەلدى . لەشكەرلەر توپ - توپى بىلەن كېلىپ تۇراتتى . ئالتۇن دۇبۇلغا ، ئالتۇن گۇرزا ، ئالتۇن كېمەرلەردىن تاغ باغرى ئالتۇن بىلەن تولدى . تەخمىنەن ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ناغرا - كارنايلارنى چېلىپ تۇراتتى . فۇرۇد بىلەن تۇخارە ئۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

— ئەي تۇخارە ، — دېدى فۇرۇد ، — ئەمدى بۇ ئەلەملەرنى ماڭا بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىن ، يوشۇرمىغىن !

تۇخارە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— ئەي شاھزادە ، ئاۋۇ تۇغ بىلەن كۆك تىغلار تۇس ئىبنى نەۋدەرنىڭدۇر . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قۇياش سۈرەتلىك تۇغ ئاتاك سىياۋۇشنىڭ قېرىندىشى فەرىبز ئىبنى كەيكاۋۇسنىڭدۇر . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى شىر سۈرەتلىك تۇغ گۇدەرز ئىبنى گەشۋادنىڭ . بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئاي سۈرەتلىك تۇغ گەژدىھەمنىڭ ئوغلى گۇستەھەمنىڭ . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تىرنا سۈرەتلىك قىزىل تۇغ گىۋنىڭ ئوغلى بىجەننىڭ . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يولۋاس سۈرەتلىك تۇغ شىدۇشنىڭ تۇغى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى توڭغۇز سۈرەتلىك تۇغمۇ گۇدەرز ئەۋلادىنىڭ . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قوتاز سۈرەتلىك تۇغ فەرھادنىڭ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بۆرى سۈرەتلىك تۇغ گىۋنىڭ .

ئىرانلىقلار تاغ ئۈستىدە تۇرغان فۇرۇد بىلەن تۇخارەنى كۆردى . تۇس ئاچچىقلاندى . ھەممە پىللارنى توختاتتى .

— لەشكەرلەر ئىچىدىن بىر پالۋان چىقىپ ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ باقسۇن . ئۇ ئىككى كىشى كىمكەن ؟ بۇ تاغدا ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئولتۇرىدۇ ؟ ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدىن بولسا ، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئىككى يۈز قامچا ئۇرۇش كېرەك . ئەگەر تۇرانلىقتىن بولسا ، باغلاپ ئېلىپ كەلسۇن . ئەگەر بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنى يوشۇرۇن ساناشقا كەلگەن كىشى بولسا ، ئۇلارنى شۇ يەردىلا ئىككى پارە قىلىپ تاغدىن تاشلىۋەتسۇن ! — دەپ چاقىرىق قىلدى .

بەھرام ئىبنى گۇدەرز ئالدىغا چىقىپ :

— ئەي قوشبېگى ، مەن بېرىپ سېنىڭ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈرەي ، — دېدى ۋە ئېتىغا قامچا ئۇردى . ئۇ ئويغا چۆككەن ھالدا تاغ تەرەپكە يۈردى .

— ئەي تۇخارە ، بىزدىن ئەندىشە قىلماستىن ، ئاچچىقلانغان ھالدا بۇياققا كېلىۋاتقان بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى فۇرۇد .

— ئەي شاھزادە ، — دېدى تۇخارە ، — بۇ ئاچچىقى بىلەن كەلگەن كىشىنىڭ نامۇ نىشانىنى مەنمۇ بىلمەيمەن . لېكىن گۇدەرزنىڭ ئوغۇللىرىدىنمىكىن ، دەپ گۇمان قىلىمەن .

چۈنكى كەيخۇسرەۋ تۇراندىن ئىرانغا كەتكەندە بېشىغا بىر دۈبۇلغا كىيىۋالغانىدى. پەممىچە بۇ كىشىنىڭ بېشىدىكىسى ئاشۇ دۈبۇلغا ئىكەن. ئۇنىڭ بوينىغا كىيىۋالغان گىببىسىمۇ پادىشاھانە ئىكەن. ھەر ھالدا بۇ كىشى گۇدەرزنىڭ ئۇرۇقىدىندۇر. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىش كېرەك.

بەھرام تاغنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نەرە تارتقان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھاي، سەن كىم؟! بۇ تاغدا نېمىشقا ئولتۇرىسەن؟! بۇ ھېسابسىز لەشكەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟! بۇ ناغرا - كارنايلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟! قوشېگى تۇستىن قورقمامسەن؟!

فۇرۇد جاۋاب بېرىپ:

— ئەي پالۋان، مەندىن ھېچقانداق ئاچچىق كۆرمەي تۇرۇپ، نېمگە مۇنچىۋالا ئاچچىقىڭ كېلىدۇ؟! تولا ئاچچىقىڭنى كەلتۈرمىگىن، يۇمشاق سۆزلىگىن. بۇنداق ئاچچىقلايدىغانغا سەن بىر شىر ئەمەس، مەنمۇ بىر قۇلۇن ئەمەس. سەن پالۋانلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتە مەندىن زىيادە ئەمەس. قاراپ باققىن، قەددى - قامەت، قول ۋە بىلەك جەھەتتە، جاسارەت - قورقۇمسىزلىقتا، ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە سەندە بار بولغان ھەرقانداق نەرسە مەندىمۇ بار. ئەمدى مەن سەندىن سوئال سورايمەن. ئەگەر ياخشى نەسىھەت، تەۋرۈك مەسلىھەتلىرىڭنى كۆرسەتسەڭ خۇشال بولىمەن، — دېدى.

— سورىغىن، سەن ئاسماندا، مەن يەردە تۇرۇپ بېرەي، — دېدى بەھرام.

فۇرۇد ئۇنىڭدىن:

— بۇ لەشكەرلەرنىڭ قوشېگى كىم؟ — دەپ سورىدى. بەھرام جاۋاب بېرىپ:

— قوشېگى تۇس ئىبنى نەۋدەردۇر. بۇ لەشكەرلەر ئىچىدە پالۋانلاردىن گۇدەرز، گېۋ، شىدۇش، كەركىن، فەرھاد، گۇستەھەم ئىبنى كەژدىھەم، گورازە قاتارلىقلار بار، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن پالۋان بەھرامنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايسەن؟ — دېدى فۇرۇد ئۇنىڭغا، — بىز گۇدەرزنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىساق خۇشال بولىمىز.

— ئەي شىرى مەرد، ساڭا بەھرامنى كىم ئېيتتى؟

— مەن ئانامدىن ئاڭلىغان، — دېدى فۇرۇد، — ئانام ماڭا: «قاچانىكى لەشكەرلەر يۈقىرىغا چىققۇدەك بولسا، سەن ئۇلار ئىچىدىكى پالۋانلار ئىچىدىن بەھرام بىلەن زەڭگى شاھۋەرانىنى چاقىرغىن، بۇ ئىككىيلەن ئاتاڭ سىياۋۇشنىڭ ئىمىلداشلىرىدۇر» دېگەن.

— ئەي بەختىيار شاھزادە، سەن سىياۋۇشنىڭ ئوغلى ئوخشىمامسەن؟ سىياۋۇش شۇنداق بىگۇناھ ئۆلدى. ھەتتا ئۇنىڭ ماتىمى ئۈچۈن تۇران لەشكەرلىرىمۇ كۆڭلىدە قايغۇردۇ. سەن فۇرۇد ئوخشىمامسەن؟ — دېدى بەھرام.

— شۇنداق، مەن سىياۋۇشنىڭ ئوغلى فۇرۇد بولىمەن.

— ئۇنداق بولسا، بەدىنىڭنى ئاچقىن، ماڭا سىياۋۇشنىڭ نىشانىسىنى كۆرسەتكىن.

فۇرۇد بىلىكىنى ئېچىپ بەھرامغا كۆرسەتتى. بەھرام كۆردىكى، ئۇنىڭ بىلىكىدە ئەن-

www.uyghurkitap.com



بەردەك بىر مەڭ بار ئىدى. ئۇ مەڭ گوياكى قىزىل يۈزدىكى قارا خالدەك ياراشقانىدى. بەھرام بۇ شاھزادىنىڭ كەيقۇباد پادىشاھنىڭ پۇشتى، سىياۋۇشنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىپ، يۈزىنى يەرگە قويدى. ئاندىن تاغ بېشىغا چىقتى. فۇرۇدمۇ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇلار تاغ ئۈستىدە ئولتۇردى.

— ئەي پالۋان، — دېدى فۇرۇد بەھرامغا، — مەن ئاتامنى تىرىك ھالەتتە كۆرگەندىمۇ بۇنىڭدەك خۇشال بولمىغان بولاتتىم. سېنىڭ شۇ قەدەر ساغلام، ماھارەتلىك ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ چەكسىز سۆيۈندۈم. مېنىڭ بۇ تاغ ئۈستىگە چىقىشتىكى مەقسىتىم: ئىرانلىقلارنىڭ قوشۇنبېگىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش، پالۋانلىرى بىلەن تونۇشۇش، ئۇلارنى ئوردامغا تەكلىپ قىلىپ، مېھمان قىلىش ئىدى. پالۋانلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا توي قىلىپ بەرمەكچى ئىدىم. ئات، شەمشەر، گۈرزا، ئالتۇنلارنى سوۋغا قىلماقچى ئىدىم. ئاندىن بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، تۇرانغا بېرىپ، ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى ئىدىم. بۇ قىساسنى ئېلىشقا مەن ئەڭ ھەقلىق ۋە لايىقمەن. سەن ئەمدى بېرىپ تۇسقا ئېيتقىن، لەشكەرلىرى بىلەن تاغقا كەلسۇن. بىر ھەپتىگىچە خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرايلى، ھەرقانداق مەسلىھەت بولسا قىلىشايلى. سەككىزىنچى كۈنى لەشكەر بېگى تۇسمۇ ئاتلانسۇن، مەنمۇ ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم، جىگىرىمنى قان قىلىپ، زالىم ئەفراسىياب بىلەن شۇنداق بىر جەڭ قىلايكى، بۇ جاھاندا ھېچ كىشى بۇنداق جەڭنى قىلىپ باقمىغان بولسۇن.

بەھرام مۇنداق دېدى:

— ئەي ئەقىللىق شاھزادە، پالۋانزادە، مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى تۇسقا ئېيتاي. جاۋابىنى ساڭا ئۆزۈم يەتكۈزەي. بىراق قوشۇنبېگى تۇس جەڭدە باتۇر ۋە ئالىي نەسەبلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئەقىلسىز، ھوش ـ كاللىسى يوقراق ئادەم. ئۇ ھەمىشە: «مەن پادىشاھ نەۋدەرنىڭ ئوغلىمەن، جاھاننىڭ پادىشاھلىقى ماڭا لايىق» دەپ يۈرىدۇ. ناھايىتى ئۇسال، كۆڭلى ئەگرى كىشى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ فەرىبىزنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ياقلىغانىدى. باياتىن ماڭا: «سەن تاغقا بېرىپ قاراپ باق. ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماستىن، گۈرزا ۋە خەنجەر بىلەن سوراق قىلغىن، ئۇلار نېمە ئۈچۈن تاغدا ئولتۇرۇپتۇ؟» دېگەنىدى. مەن بېرىپ تۇسقا ئەھۋالنى ئېيتاي. ئەگەر ئۇ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلسا، ئالدىڭغا سۆيۈنچە ئالغىلى كېلىمەن. سېنى خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن. ئەگەر سېنىڭ ئالدىڭغا مەندىن باشقا ئادەم كەلسە، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغايسەن. سېنىڭ ئالدىڭغا بىر ئاتلىقتىن زىيادە كىشى كەلمەيدۇ. چۈنكى تۇسنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى ئاشۇنداق. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالسا، سەن سېپىل ئىچىگە كىرگەيسەن.

فۇرۇد يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن بىر ئالتۇن دەستىلىك گۈرزىنى بەھرامغا بېرىپ:

— بۇ گۈرزا مەندىن ساڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن. يېنىڭدا ساقلىغىن، بىرەر ئىشقا ياراپ قالار. ئەگەر قوشۇنبېگى تۇس مېنىڭ سۆزۈمنى ماقۇل كۆرسە، سەن دەرھال بۇ ياققا كەلگىن، بىز تەڭ شاد ـ خۇرام بولايلى. مەن ساڭا يەنە بۇنىڭدىن باشقا ھەدىيەلەرنى، ئات ۋە تاجلارنى بېرىمەن، — دېدى.

بەھرام قايتىپ، تۇسنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى:

— ئەي قوشۇن سەردارى، — دېدى ئۇ تۇسقا، — سېنىڭ جېنىڭغا ئەقىل - ئىدرەك يار بولغاي. بىلگىنىڭكى، ئۇ ئۆلتۈرگەن يىگىت فۇرۇد ئىكەن. بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن سىياۋۇشنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ماڭا بىلىكىنى ئېچىپ، كەيقۇباد ۋە كەيكاۋۇسنىڭ نىشانىسىنى كۆرسەتتى.

— ھاي، مەن ساڭا ئېيتمىدىممۇ؟! — دېدى زالىم تۇس. — ئۇنى تۇتۇپ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن، سۆزىنى ئاڭلىمىغىن، دېمىدىممۇ؟! ئۇ پادىشاھزادە بولغان بولسا، مەن كىمكەنمەن؟! مەن جاھاندا گودەرزنىڭ ئوغۇللىرىدەك ئۈز بېشىمچى كىشىلەرنى كۆرمىدىم. ھەممىشە لەشكەرگە زىيان سالىدۇ. بىر ئاتلىق كىشىدىن قورقۇپ، قايتىپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان. شۇنچىۋالا قورقىدىغانغا ئۇ شىر ياكى ئەجدىھا ئەمەسقۇ؟! — تۇس شۇندىن كېيىن زالىم پالۋانلار تەرەپكە قاراپ، — ئەي پالۋانلار، ئاۋۇ تاغقا بېرىپ، ئۇ تۈركنىڭ بېشىنى كېسىپ ئەكىلىدىغان يۈرەكلىك ئەر بارمۇ؟! — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىر پالۋان بۇ خىزمەتكە بەل باغلىدى.

بەھرام تۇسقا مۇنداق دېدى:

— ئەي پالۋان، بىھۇدە جېنىڭدىن كەچمىگىن، قۇياش ۋە ئاينى ياراتقان خۇدايىتائالادىن قورقىن! كەيخۇسرەۋ پادىشاھدىن ئۇياتقىن. ئەقىلسىزلىق قىلما. ئەگەر بۇ لەشكەر ئىچىدىن بىر ئاتلىق ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

تۇس بەھرامنىڭ سۆزىگە چىچىلىپ، كايىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىدى. كۆپلىگەن داڭلىق پالۋانلار فۇرۇد بىلەن جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى بەھرام ئۇلارغا، — بۇ ئىشنى ئادەتتىكى كىچىك ئىش دەپ قالماڭلار! تاغدا ئولتۇرغان ئۇ يىگىت پادىشاھىمىز كەيخۇسرەۋنىڭ قېرىندىشىدۇر. شاھىمىز ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرسە خۇشال بولىدۇ.

بەھرام ئۇ پالۋانلارغا فۇرۇدنىڭ نىشانىسىنى كۆرسەتتى. ھەممە پالۋانلار يولدىن يېنىپ كەلدى. پالۋان دىۋسەير تۇسنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ چەرمىنىڭ يولى بىلەن تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

فۇرۇد تاغ ئۈستىدە ئۇنى كۆرۈپ، ئوقياسىنى قولىغا ئالدى. ئاندىن:

— ئەي تۇخارە، تۇس مېنىڭ سۆزلىرىمنى تۈۋەن كۆرۈپ، كۆزگە ئىلمىغان ئوخشايدۇ. بەھرام كەلمەي، باشقا بىر ئاتلىق كەلدى. قاراپ باققىن. ئۇ كىم؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ باشتىن ئاياغقىچە تۆمۈرگە چۆمكىنىپ كېلىدۇ؟ — دېدى.

— ئەي شاھزادە، — دېدى تۇخارە، — ئۇنىڭ ئېتى پالۋان دىۋدۇر. ئۇ ناھايىتى باتۇر چەۋەنداز. ئۇنىڭ قىرىق ئاچىسى بار. لېكىن ئۆزى يالغۇزلا بىر ئوغۇل. ئۇ ناھايىتى قاملاشقان يىگىت، تۇسنىڭ كۈيئوغلى.

— جەڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرمايلى، شۇ تاپتا ئۇ بىز بىلەن جەڭ قىلغىلى كېلىپتۇ: ئۇنى ئاچىلىرىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلىتىپ قوياي. ئېيتىپ باقە، مۇشۇ ئوق

بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرەمدۇ، ئۆزىنىمۇ؟ — دېدى فۇرۇد.

— ئۆزىنى ئاتقىن، — دېدى تۇخارە، — تۇسنىڭ ئىچ ـ باغرى قانغا تولسۇن. ئۇ بىلىپ قويسۇنكى، سەن ئۇنىڭ بىلەن سۇلهى قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدىڭ، كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭغا دوستانە تۇتقانىدىڭ، لېكىن ئۇ سەن بىلەن بېھۇدە جەڭ قىلماقتا. قېرىندىشىڭنى پادىشاھ دېگەنلىكىڭگە نومۇس قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى جەڭ قىلىش كېرەك.

دىۋ فۇرۇدقا يېقىنلاپ كەلدى. فۇرۇد ئۇنىڭغا بىر ئوق ئاتقانىدى، دىۋنىڭ دۇبۇلغىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ بېشىغا كىرىپ كەتتى. دىۋ تۈۋەنگە يىقىلدى، ئېتى قېچىپ كەتتى. دىۋ شۇ هامان جان تەسلىم قىلدى. تۇس يۇقىرىغا قاراپ بۇ ئەھۋالنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ بولدى. ئاقىللار: «كىمكى بەدخوي بولسا، ئاخىر پۇشايمان قىلىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. تۇس ئۆزىنىڭ ئوغلى زەراسىبقا پەرمان قىلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، جەڭ كىيىملىرىڭنى كىيگىن، جان ۋە تېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، دىۋنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىن! — دېدى.

زەراسىب ئىبنى تۇس قوراللىنىپ تاغقا راۋان بولدى.

فۇرۇد:

— ئەي تۇخارە، قارىغىن، يەنە بىر ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كىم؟ پادىشاھزادىمۇ ياكى پالۋانمۇ؟ — دېدى.

تۇخارە جاۋاب بېرىپ:

— بۇ كەلگىنى تۇسنىڭ ئوغلى زەراسىب. جەڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئالدىغا پىل كەلسىمۇ يانماي جەڭ قىلىدۇ. ئۇ دىۋنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرىدۇر، قارىغاندا ئۇ دىۋنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇمۇ سېنىڭ قول ۋە بىلەكلىرىڭنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ قويسۇن. ئۇنىڭغىمۇ بىر تال ئوق ئاتقىن ئۇ ئەقىلسىز، كالۋا تۇس بىزنىڭ مەسخىرە قىلىدىغان ئادەملەر ئەمەسلىكىمىزنى بىلىپ قالسۇن. — دېدى.

فۇرۇد ئېتىنى دېۋىتىپ، بىر ئوقنى ئېلىپ زەراسىبنىڭ بېلىگە قارىتىپ شۇنداق ئاتتىكى، ئوق ئۇنىڭ يوپۇق، ئولپاق ۋە قوياقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئېگەرگە قادىلىپ قالدى. زەراسىب ئېتىدىن يىقىلىپ، شۇ هامانلا جان بەردى. ئۇنىڭ ئېتى قېچىپ يېنىپ كەتتى. ئىران لەشكەرلىرى ئىچىدىن قىقاس ـ چوقان چىقىپ كەتتى. ھەممىسى باشلىرىدىن دۇبۇلغىلىرىنى ئېلىشتى. تۇسنىڭ يۈرىكى قان بولۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان هالدا دەرهال جەڭگە ياساندى. ھەممە پالۋانلار يىغلاشتى. ئۇلار فۇرۇددىن قورقۇپ، دەرەخ يوپۇرمىقىدەك تىترىدى.

تۇس تاغدەك ئېتىغا مىندى ـ دە، فۇرۇد تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. تۇخارە بۇ چاغدا فۇرۇدقا:

— ئەي شاھزادە، بىر پارچە تاغ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. قوشۇنبېگى تۇس دېگەن ئاشۇ. قويغىن، سېپىل ئىچىگە كىرىپ، ئىشىك ـ قوۋۇقلارنى تاقايلى. ئاندىن بۇ غايىبلىق پەردىسىدىن نېمىلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، سەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ۋە كۈيئوغلىنى ئۆلتۈردۈڭ. ئەمدى يەنە ئۇرۇشۇۋەرمىگىن، — دېدى.

فۇرۇدنىڭ تۇخارەگە ئاچچىقى كەلدى.

— جەڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى. مەيلى تۇس بولسۇن ياكى شىر بولسۇل ۋە ياكى پىل، پولۋاس بولسۇن جەڭ دېگەندە ئەرنى يۇرەكلەندۇرىدىغان سۆزنى قىلىش كېرەك. سەن نېمشقا ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلسەن؟!

— ئەي شاھزادە، — دېدى تۇخارە، — ئەگەر سەن تۆمۈردىن قويغان قوقتا بولغان تەقدىرىڭدىمۇ، تاغلارنى كۆچ – قۇۋۋىتىڭ بىلەن يۇلۇپ تاشلايدىغان ئىقتىدارىڭغا ئىگە بولغان بىلەنمۇ يەنىلا بىر ئاتلىقسەن. شۇ تاپتا ئىرانلىقلاردىن ئوتتۇز مىڭ پالۋان سەن بىلەن جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار نە سېنى نە سېپىلنى قويماستىن، ھەممىسىنى ئاياغ ئاستى قىلغۇسى. ئۇ چاغدا ئاتاڭنىڭ ئىنتىقامىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. مەن ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟

فۇرۇدنىڭ سېپىلى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. سېپىل ئىچىدە يەتمىش كېنىزىكى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېپىلنىڭ قوقتىلىرىغا چىقىپ، فۇرۇدنىڭ جېڭىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. فۇرۇد ئۇ يەردىن يېنىپ كېلىشكە كېنىزەكلەردىن ئۇيالتتى. ئېتىنىڭ چولۋۇرىنى تەۋرىتىپ، ئوقياسىغا ئوق باستى. تۇخارە بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھزادە، ئەگەر تۇس بىلەن جەڭ قىلماقچى بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېتىنى نىشانلاپ ئاتقىن. تۇسنى ئۆلتۈرمىگىنىڭ ياخشى. ئېتىنى ئۆلتۈرسەڭلا بولدى. چۈنكى پادىشاھلار پىيادە جەڭ قىلمايدۇ، — دېدى.

فۇرۇد تۇخارەدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ياسىنى بەتلەپ، تازا چىڭ تارتىپ بىر ئوق ئاتتى. ئوق تۇسنىڭ ئېتىغا تەگدى. ئات تىك موللاق چۈشۈپ جان بەردى. تۇس چەكسىز قەھر – غەزەپ ۋە دەرد – ئەلەمگە تولغان ھالدا ئۆز لەشكەرلىرى تەرەپكە پىيادە يېنىپ كەتتى.

فۇرۇد ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەنە قىلىپ:

— ئەي داڭدار پالۋان، نېمە بولدۇڭ؟ بىر ئاتلىق كىشىگە تەڭ كېلەلمىدىڭغۇ. جەڭ ۋاقتىدا پالۋانلار سېپىدە نېمە ئىش قىلسەن؟ — دېدى.

سېپىل ئۈستىدىكى كېنىزەكلەر چۇقۇرۇشۇپ:

— بىر مويسىپىت پالۋان بىر كىچىك يىگىتنىڭ ئوقىدىن قورقۇپ، قېچىپ كېتىپ باردۇ! — دېيىشتى.

تۇس تاغ ئۈستىدىن يېنىپ كەلدى. ھەممە پالۋانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشتى:

— تىرىك كەلگىنىڭنىڭ ئۆزى غەنىمەت، كۆپ پەرىشان بولما، — دېيىشتى.

پالۋان گىۋ تۇسنىڭ پىيادە يېنىپ كەلگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، يىلاندەك تولغاندى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى ئۇ دەرغەزەپ بولغان ھالدا. — ئەگەر ئۇ بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ لەشكىرىمىزنى بۇنچىۋالامۇ خارلامدۇ؟! قوشۇنبېگى تۇسنىڭ بەدخۇيلۇقى تۇپەيلىدىن ھەممىمىز مۇشۇنداق پەرىشان ۋە دەردلىك بولدۇق. ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. بىز ھەممىمىز سىياۋۇش ئۇچۇن جان پىدا قىلغۇچىلارمىز. نەۋدەر پادىشاھىنىڭ نەۋرىسى زەراسىپ فۇرۇدنىڭ قولىدا ئۆلدى. پالۋان دېۋمۇ فۇرۇد قولىدا ھالاك بولدى. بىز بۇ خارلىقنى قانداقمۇ ئۇنۇتالايمىز. فۇرۇد ھەرقانچە جەمشىد

www.uyghurkitap.com

پادىشاھىنىڭ ئوغلى ، كەيكاۋۇسنىڭ نەسلى بولغان تەقدىردىمۇ بەك نادانلىق قىلدى !

گىۋ شۇنداق دېگەندىن كېيىن ، ئالدىراپ ـ تېنەپ دۇبۇلغا ، قۇياقلىرىنى كىيىپ ، ئەجدىھادەك ئېتىغا مىنىپ ، تاغ تەرىپىگە راۋان بولدى . فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇش بۇنى كۆردى . كۆڭلىدە دەردلىك ئاھ چەككەن ھالدا : «بۇ لەشكەرمۇ قائىدە بىلمەيدىكەن . ئۇلار بىر ـ بىردىن يۈرەكلىك ئىكەن . ئەمما تۇس دېگەن ئادەمدە ھېچبىر ئەقىل ـ ئىدرەك يوقكەن . بۇلار ئەفراسىيابقا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن . ئەگەر تۇران زېمىنىغا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كەيخۇسرەۋ ئۆزى كەلگەن بولسا ئىدى ، ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان بولاتتىم . دۈشمەنلەرگە مۇشتۇمۇم بىلەن زەربە بېرىپ ، ئۆچ ئالغان بولاتتىم » دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئاندىن :

— ئەي تۇخارە ، ئېيتقىنا ، بۇ ئاتلىق كېلىۋاتقان كىم ؟ — دېدى .

— ئەي شاھزادە ، — دېدى تۇخارە چۈشەندۈرۈپ ، — بۇ پالۋان بىر ئەجدىھادۇر . ھاۋادىكى قۇشلارنى دەم تارتقۇدەك قۇدرەتكە ئىگىدۇر . سېنىڭ بوۋاڭ پىرانىنىڭ قولىنى مۇشۇ كىشى باغلىغان . تۇرانىنىڭ ئۈچ نۆۋەتلىك قوشۇنىنى مۇشۇ پالۋان يەڭگەن . ئۇ تولا باللارنى يېتىم قىلغان ، كۆپلىگەن تاغۇدەشتلەرنى كەزگەن . بۇرادىرىڭ كەيخۇسرەۋنى ئىرانغا مۇشۇ پالۋان ئېلىپ بارغان . ئۇ جەيھۇن دەرياسىدىن كېمىسىزلا ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئىسمىنى گىۋ دەپ ئاتايدۇ . جەڭ ۋاقتىدا ئۇ سىياۋۇش كىيگەن قۇياقنى ۋە دۇبۇلغىنى كىيىدۇ . شۇڭا ئوق ئاتساڭ ئۇنىڭ دۇبۇلغا ، قۇياقلىرىدىن ئۆتمەيدۇ . ئوق ئاتماقچى بولساڭ ئۇنىڭ ئېتىغا ئاتقىن . ئات يارىدار بولسا ، ئۇ پالۋان پىيادە قېلىپ ، قايتىپ كېتىدۇ .

فۇرۇد يايىنى قولىغا ئېلىپ ، گىۋنىڭ ئېتىنىڭ كۆكسىگە قارىتىپ شۇنداق ئاتقانىدى ، ئات شۇ ھامان جان بەردى . سىپىل ئۈستىدىكى كېنىزەكلەرنىڭ كۈلكىسى پەلەككە يەتتى . گىۋ قايتىپ كەتتى . پالۋانلار گىۋنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلار گىۋنىڭ كۆڭلىنى ياساپ :

— ئەي پالۋان ، گەرچە ئېتىڭ ئۆلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزۈڭ سالامەت قايتىپ كەلدىڭ ، — دەپ تەسەللى بېرىشتى .

بىجەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، ئېتىنى شامالدەك چاپتۇرۇپ ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى — دە ، بىرمۇنچە سوغۇق گەپلەرنى قىلدى :

— ئەي شىرى غەرراندەك پالۋان ئاتام ، — دېدى ئۇ گىۋگە ئاچچىقلاپ ، — ساڭا جەڭدە پىلمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى . نېمە ئۈچۈن بىر تۈركنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېلىسەن ؟!

— ئېتىم يارىلىنىپ ئۆلدى . مەنمۇ تۇرغان بولسام بېشىم كەتكەن بولاتتى ، — دېدى گىۋ .

بىجەن بۇنىڭغا قايىل بولماي ئاتىسىغا ئاچچىق ـ ئاچچىق سۆزلەرنى قىلدى . گىۋنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى . بىجەن ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىگە ، قەھرى ـ غەزەپكە تولغان گىۋ بىجەننى قوغلاپ يۈرۈپ قامچا بىلەن نەچچىنى سىلىۋەتتى :

— ھەي ، سەن «جەڭنى ئېھتىيات ۋە پەم ـ پاراسەت بىلەن قىلىش كېرەك » دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ ! — دېدى گىۋ پىغانغا تولغان ھالدا ۋارقىراپ ، — سېنىڭ ھېچبىر ئەقىل ـ ھوشۇڭ يوقمۇ؟!

بىجەنمۇ قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلى دەرد ـ ئەلەمگە تولغان ھالدا تەگرىنىڭ ئىسمىنى تۇتۇپ قەسەم ئىچتى:

ــ مەن تاكى بۇ تۇركنى ئۆلتۈرمىگىچە، ياكى ئۆزۈم ئۆلمىگۈچە ھەرگىز يانمايمەن!

بىجەن شۇ سۆزلەرنى قىلغاچ، گۇستەھەمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

ــ ماڭا بىر ياخشى يۈرۈشلۈك ئات بەرگىن. مەن قوراللىنىپ، تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۇ تۇرك بىلەن جەڭ قىلاي. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەر ئۇنىڭ جېڭىنى تاماشا قىلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئىككى ئېتىم بار، ئىككى يۈرۈش قورال ـ ياراقىم بار. ئۇ ئاتلار مېنىڭ قوراللىرىم بىلەن مېنى كۈتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ تۇرك ئاتلىرىمدىن بىرىنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۇنىڭدەك ياخشى ئات تاپالماي قالىمەن.

ــ ئەي پالۋانزادە، ــ دېدى گۇستەھەم، ــ بۇ ئىشىڭ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. سەن بىھۇدە بالا ـ قازانىڭ قويىنىغا ئۆزۈڭنى ئۇرمىغىن. زەراسىپ، دىۋ قاتارلىق پالۋانلار ئۇنىڭ قولىدا ئۆلدى. تۇسمۇ پالۋانلىقتا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى؛ ئاتاڭ گىۋمۇ شىرى غەرراندەك قەھرىمان ئىدى. ئۇ تۇرك ھەر ئىككىيلەننى پىيادە قىلىپ ياندۇردى. ئۇنىڭغا سەن قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيسەن؟

ــ ھەي، تولا كۆڭلۈمنى سۇندۇرمىغىن، ــ دېدى بىجەن، ــ ھېلى بىكار ئۆز قولۇمنى ئۆزۈم كېسىپ تاشلايمەن. خۇدايتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تاكى زەراسىپنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىغۇچە بۇ تاغدىن ھەرگىز چۈشمەيمەن!

ــ بۇ قىلغىنىڭ ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، ــ دېدى گۇستەھەم. بىجەن:

ــ زەراسىپنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن پىيادە بولسىمۇ بارىمەن! ــ دېدى.

ــ ئەي پالۋانزادە، ــ دېدى گۇستەھەم، ــ مەن سېنىڭ بىر تال مويۇڭنىڭ كەم بولۇشىنىمۇ خالىمايمەن. ئەگەر قۇيرۇقى ۋە يالىغا گۆھەر ـ ياقۇتلار ئېسىلغان يۈزمىڭ ئېتىم بولغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۈچۈن ئۇنى پىدا قىلىشقا تەييارمەن. بوپتۇ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ قايسى ئاتنى خالىسا، تاللىغىن، شۇ ئاتقا قوياق يېپسۇن.

بىر ياخشى ئات بار ئىدى. شۇ ئاتقا قوياق يېپىلدى. گىۋ ئوغلىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، گۇستەھەمنى ئالدىغا چاقىردى:

ــ ئۇ ياشلىق قىلىپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. لېكىن ئېھتىيات قىلسۇن، بۇلارنى كىيىۋالسۇن، ــ دەپ، سىياۋۇشنىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇتلىرىنى بەردى. گۇستەھەم ئۇ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىنى ئېلىپ كەلدى. بىجەن ئۇنى كىيدى. ئاندىن ئاتلىنىپ، تاغ تەرەپكە راۋان بولدى.

فۇرۇد:

ــ ئەي تۇخارە، يەنە بىر پالۋان كېلىۋاتىدۇ. قاراپ باققىن. كىمكىن؟ ــ دېدى.

تۇخارە:

ــ بۇ كەلگەن پالۋان گىۋنىڭ ئوغلى بىجەن. ئۇ ناھايىتى باتۇر يىگىت، ھەرقانداق جەڭدە غالىب كېلىدۇ. گىۋنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتى يوق. شۇڭا ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىزراق كۆرىدۇ. ھازىرچە سەن ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتقىن، ئۆزىنى ئاتمىغىن. ئەگەر ئۆزىنى ئاتساڭ كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كىيىۋالغىنى ئا-

تىسى كىيگەن دۇبۇلغا، ساۋۇتلار ئىكەن. ئۇنىڭغا ئوق، نەيزە كار قىلمايدۇ، — دېدى.

فۇرۇد بىجەننىڭ ئېتىغا بىر تال ئوق ئاتتى. ئات يىقىلىپ، شۇ هامان جان بەردى. بىجەنمۇ ئات بىلەن تەڭ يىقىلدى. لېكىن شۇ هامان ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا تىغ ئالدى-دە، ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ نەرە تارتىپ:

— ئەي پالۋان، بىردەم توختاپ مېنىڭ جېڭىمنى كۆرۈپ باققىن! سەن بىلمەيدىكەنسەن! پالۋانلار ئاتقا ئوق ئاتمايدۇ! — دېدى.

بىجەن فۇرۇدنىڭ ئالدىدىن يانمىغاچقا، فۇرۇدنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ بىر تال ئوقنى بىجەنگە ئاتتى. بىجەن بېشىغا سۇپەر تۇتتى. ئوق سۇپەردىن تېشىپ ئۆتتى. لېكىن دۇبۇلغىغا كار قىلمىدى. بىجەن تاغ ئۈستىگە چىقتى. تىغ تارتىپ كېلىپ، فۇرۇدنىڭ ئېتىغا يايقان قۇياقتا ئۇردى. قۇياق كېسىلىپ، ئات يىقىلدى. فۇرۇد دەرهال سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قۇۋۇقچىلار سېپىلنىڭ قۇۋۇقىنى تاقىدى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر قار، يامغۇردەك تاش ياغدۇردى. بىجەن نەرە تارتىپ:

— ئەي ئاتاقلىق پالۋان، ئۆزۈڭ ئاتلىق تۇرۇپ، بىر پىيادە كىشىدىن قورقۇپ، شۇنداق قېچىپ كېتىدىغانغا ئۇيالتامسەن؟! — دېدى. ئاندىن قايتىپ تۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى.

تۇس خۇدابىتائالانىڭ ئېتىنى تۇتۇپ قەسەم قىلدى:

— مەن بۇ سېپىلنىڭ تۇغىنى هاۋاغا ئۇچۇرماي قويمايمەن! زەراسىبنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن قاتتىق جەڭ قىلىمەن! بۇ تۇركنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جىگەر قانلىرى بىلەن تاغلارنى مارجاندەك قىزارتىۋېتىمەن!

كۈن كەچ بولدى. بۇ سېپىل ئىچىدە مىڭدىن ئارتۇقراق لەشكەر بار ئىدى. ئۇلار قۇۋۇقنى تاقاپ قەلئەنى مۇهاپىزەت قىلىشقا ئۆتتى. پىرانىنىڭ قىزى جەرىرە ئوغلى فۇرۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ، مىڭ بىر غەم - ئەندىشىلەر بىلەن ياتتى. جەرىرە شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە: قەلئەگە ئۇلۇغ ئوتلار تۇتاشقانمىش، فۇرۇدنىڭ ئالدىدا ئوت كۆيۈۋاتقۇدەكمىش، ئوت هەممە تاغلارنى قاپلاپ كەتكەنمىش.

جەرىرە ناهايىتى قورقۇپ ئويغاندى. غېمى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ سېپىلنىڭ قوقتىسى ئارقىلىق تاغ ئۈستىگە چىقتى. پۈتكۈل يەر يۈزىگە قارىدى. تاغ ۋە جىلغىلارنىڭ هەممىسى ساۋۇت، دۇبۇلغا، قۇياق، نەيزە - گۈرزا دېگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ جەرىرەنىڭ رەڭگىرويى سارغايدى. ئۇ يەردىن قايتىپ، يۈگۈرگەن پېتى فۇرۇدنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، بىزنىڭ بەختىمىز يېنىپتۇ. پۈتكۈل تاغنى دۈشمەن قاپلاپتۇ، — دېدى.

— ئەي مېهرىبان ئانام، — دېدى فۇرۇد، — قاچانغىچە مېنىڭ غېمىمدە يىغلايدىغانسەن. ئەگەر مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان بولسا، بەرىبىر ئۇنىڭدىن زىيادە ئۆمۈر كۆرەلمەيمەن. مېنىڭ ئەپسۇس، ئاتامۇ يىگىتلىك مەزگىلىدە ئۆلدى. مەنمۇ ئاتامغا ئوخشاش يىگىتلىك پەيتىمدە غېرىپ، ئاجىز، تەنها ۋە بىچارە هالەتتە ئۆلىدىغان ئوخشايمەن.

ئاتامنىڭ ئەجىلى گەرۋى فەررەنىڭ قولىدىن كەلگەندى. مېنىڭ جېنىمغا بىجەن زامىن بولىدىغان ئوخشايدۇ.

فۇرۇد ئۆز لەشكەرلىرىگە ساۋۇت، دۇبۇلغا، قوياق ۋە جەڭ ياراقلىرىنى تارقاتتى. ئۆزىمۇ بېشىغا دۇبۇلغا، بوينىغا رۇمچە، ئولپاق كىيدى. يايىنى قولىغا ئالدى.

تاڭ ئاتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن كارناي ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى كەلدى. فۇرۇد ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن قەلئەدىن چىقتى ـ دە، ئۆزىنى ئىران لەشكەرلىرىگە ئۇردى. ئاتلىقلار، گۇرزا ـ شەمشەرلەر ۋە نەيزە ـ ئوقيالارنىڭ تولىلىقىدىن پۈتكۈل تاغ ۋە ئېدىرلارنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. تاكى چۈش ۋاقتىغىچە قاتتىق جەڭ بولدى. فۇرۇدنىڭ لەشكەرلىرىدىنمۇ ئۆلدى، ئىرانلىقلاردىنمۇ ئۆلدى. ئىرانلىقلار فۇرۇدنىڭ جەڭدىكى شىددىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى بۇنداق شىر سۈپەت پالۋاننى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئاخىر فۇرۇدنىڭ ھەمراھلىرىدىن ھېچكىم تىرىك قالمىدى. فۇرۇد يالغۇز سېپىل تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. رۇھام بىلەن بىجەن بىر چۆپلۈكتە تۇراتتى. فۇرۇد بىجەننى كۆرۈپلا گۇرزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى پالۋان ئېلىشىۋاتقان پەيتتە رۇھام فۇرۇدنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، نەرە تارتقان پېتى فۇرۇدنىڭ بىلىكىگە تىغ ئۇردى. فۇرۇدنىڭ قولى كېسىلىپ، يەرگە چۈشتى. زەخىملەنگەن فۇرۇد نەرە تارتقان پېتى ئات چاپتۇرۇپ، سېپىل قوۋۇقىغا يېتىپ كەلدى. فۇرۇد سېپىل ئىچىگە كىرىش بىلەنلا سېپىلنىڭ قوۋۇقى تاقالدى.

جەرىرە كېنىزەكلىرى بىلەن فۇرۇدنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەن يىغلىشىپ، فۇرۇدنى تەخت ئۈستىدە ياتقۇزدى. ئۇلار ئىپاردەك چاچلىرىنى يۇلۇپ، نالە ـ زار قىلىشتى. فۇرۇد ئالتۇن تەخت ئۈستىدە جان تالىشىپ ياتاتتى. بىچارە فۇرۇد بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، جەرىرەگە:

ــ ئەي مېھرىبان ئانام، سىلەرنىڭ چاچلىرىڭلارنى يۇلۇشۇڭلار ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىرانلىقلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا گۇرزىلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار سېپىلنى ۋەيران قىلىپ ھەممە كېنىزەكلەرنى ئەسىر قىلىدۇ. ئەگەر قايسى كېنىزەكنىڭ كۆڭلىدە ماڭا مۇھەببىتى بولسا، ئۇ ئۆزىنى سېپىل ئۈستىدىن پەسكە تاشلاپ، جان بەرسۇن. چۈنكى مېنىڭ كېنىزەكلىرىم بىجەننىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن. مېنىڭ ئۆمرۈمنى ياشلىق ۋاقتىمدا ئاخىرلاشتۇرۇپ، جېنىمغا زامىن بولغا كىشى ئاشۇ بىجەندۇر. مېنىڭ كېنىزەكلىرىمدىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ قولىغا نىسىپ بولۇپ قالمىسۇن، ــ دېدى ـ دە، جان تەسلىم قىلدى.

ئىست، بۇ پەلەك خۇددى بىر ئويۇنچىغا ئوخشايدۇ. بىر پەستىلا يەتمىش خىل ئويۇن كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەزىدە شامال ئاستىدە، بەزىدە تىغ ـ خەنجەر ئۈستىدە ۋە بەزىدە لەنەتگەردىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرىدۇ. بەزىدە تەخت ۋە تاج بەرسە، بەزىدە خارلىق زىندانىغا سالىدۇ.

فۇرۇد جان بەرگەندىن كېيىن ھەممە كېنىزەكلەر سېپىل ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار تەڭلا ئۆزىنى سېپىلدىن تاشلىدى. ھەممىسى ئۆلدى. جەرىرە سېپىل ئىچىگە ئوت قويدى، ھەممە مال ـ دۇنيانى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاندىن قولىغا بىر تىغنى ئېلىپ ئاتخانىغا كەلدى ـ دە، ھەممە ئاتلارنىڭ قورساقلىرىنى يېرىپ، سىڭىرلىرىنى كېسىۋەتتى. سېپىل ئىچىدە قان ئېرىق سۈيىدەك ئاقتى. جەرىرە شۇنىڭدىن كېيىن ئەزىز ئوغلىنىڭ يېنىغا قايتىپ

كىردى. ئوغلىغا قاراپ زار - زار يىغلىدى، يۈزىنى ئوغلىنىڭ يۈزىگە ياقتى. ئاندىن كېيىننىڭ ئىچىدىن بىر خەنجەرنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ياردى. بىچارە جەرىرە ئوغلى فۇرۇدنى قۇچاقلاپ يېتىپ جان بەردى.

ئىرانلىقلار سېپىلنىڭ قوۋۇقىنى ئاچتى. ئۇلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشماقچى بولدى. ئاۋۋال سېپىل ئىچىگە كىرگەن كىشى بەھرام بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى فۇرۇد ئۇچۇن بىئارام ئىدى. بەھرام سېپىلنىڭ قوقتىسىغا چىقىپ، ھەممە ئەھۋالنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى يۈز پارە بولغاندەك بولدى. بەھرام ناھايىتى تېزلىكتە فۇرۇدنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولدى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاقتى.

— ۋاي ئىست، — دېدى ئۇ ئىرانلىقلارغا، — بۇ بىچارە شاھزادە ئاتىسىدىنمۇ بەكرەك ئېچىنىشلىق ئۆلدى! سىياۋۇش ئۆلگەندە قانداقلا بولمىسۇن ئانىسى يېنىدا ئەمەس ئىدى!

ئىرانلىقلار كۆردىكى ئوردا - خەزىنىلەر پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ. بەھرام زار - زار يىغلىغان ھالدا ئىرانلىقلارغا خىتاب قىلدى:

— ئەي دوستلار، خۇدايىتائالادىن قورقۇڭلار، بۇ پەلەكنىڭ يوسۇنى مانا مۇشۇنداق. لېكىن بۇ پەلەك زالىملارغىمۇ ھېچقاچان مېھرىبانلىق قىلمايدۇ. كەيخۇسرەۋ تۇسقا بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. سىلەرنىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، سىياۋۇشنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۇچۇن ئەۋەتكەنىدى. كەيخۇسرەۋ ھەممەيلەنگە بىر مۇنچە پەند - نەسىھەتلەرنى قىلغانىدى. سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن كەيخۇسرەۋدىن تەپتارتماسىلەر؟! ئەمدى كەيخۇسرەۋ ئۆز ئاكىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلسە، ھەممىڭلار ئۇياتلىق بولىسىلەر. رۇھامۇ، بىجەنمۇ ئاقىلانە ئىش قىلمىدى.

شۇ چاغدا گۇدەرز شەھەر ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە ئېچىنىشلىق ئۆلگەنلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ فۇرۇدنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تەخت ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بەھرام ئىبىنى گۇدەرز يىغلاپ ئولتۇراتتى، زەڭگى شاۋەرانمۇ زار - زار يىغلاۋاتاتتى. ھەممە پالۋانلار شۇ يەرگە يىغىلغانىدى. گۇدەرز فۇرۇدنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ سەرۋى نوتىسىدەك گۈزەل ۋە ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئىدى. قارىماققا خۇددى سىياۋۇش ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۈستىبېشىغا زەرباپ تون كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ھالدا ئايدەك جۇلالىنىپ ياتاتتى. گۇدەرز، گىۋ ۋە باشقا پالۋانلارنىڭ ھەممىسى يىغلاشتى. قوشبېگى تۇسمۇ فۇرۇدنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز ئوغلىنى ئويلاپ، ھەر ئىككىيلەننىڭ ھالىغا ئېچىنىپ زار - زار يىغلىدى. ھەممە پالۋانلار كۆز يېشى قىلغان ھالدا تۇسقا قارىدى. ھەرقانداق كىشى ئاچچىقى يامان بولسا، ھامان پۇشايمانغا قالىدۇ. پالۋانلار تۇسقا:

— ئەي تۇس، سەن تولا ئاچچىقى يامانلىق قىلمىغىن. ئاچچىقى يامانلىق قوشبېگىگە لايىق خىسلەت ئەمەس. ئىست، ئاچچىقىڭنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ قەدەر گۈزەل ۋە باتۇر شاھزادىنى ھالاك قىلدىڭ. ئوغلۇڭ زەراسىبمۇ نەۋدەر پادىشاھنىڭ نەۋرىسى ئىدى. دىۋ سېنىڭ كۈيئوغلۇڭ ئىدى. ھەممىسى سېنىڭ بەدخۇيلۇقۇڭنىڭ كاساپىتىدىن ھالاك بولدى. قابىل ۋە ئاقىل كىشىلەر ئەگەر ئاچچىقى يامان بولسا، ئۇ گوياكى دات باسقان تىغقا ئوخشاپ

قالدۇ ، — دېدى .

تۇسنىڭ پەرمانىغا بىنائەن تاغنىڭ ئۈستىدە بىر شاھانە قەبرە ياساتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن تەخت قويدى . فۇرۇدنى قويىپ ، تىغ ۋە گۈرزىلىرى بىلەن ئۇ تەخت ئۈستىدە ياتقۇزدى . ئۇنىڭ شاھانە جەستىنى يۇپ ــ تاراپ زىننەتلىدى . تېنىگە گۈل ، ئىپار ، كاپۇرلارنى سەپتى . كاپۇر بىلەن گۈل سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن فۇرۇدنىڭ تېنىنى خۇش بۇي قىلدى . ئاندىن كېيىن بۇ جەسەتنى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە قويدى ــ دە ، ئۆزلىرى يېنىپ چۈشتى .

فۇرۇدتەك شىر يۈرەك شاھزادىمۇ بۇ ئالەمدە مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى . بۇ ئالەمنىڭ رەسىم ــ قائىدىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، بىز قانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەكمۇ ، ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز . خاھى شىر بولسۇن ياكى پىل بولسۇن بۇ ئالەمدە بەربىر تىرىك قالمايدۇ . تاشتەك قاتتىق كۆڭۈلمۇ ئۆلۈمدىن قورقىدۇ . ئۆلۈمدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ . پەلەكتىكى يۇلتۇزلارمۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ، ئۇلارمۇ ئاخىر يوقىلىدۇ . ئەي ئەزىزلەر ، ئۆلۈمدىن قورقۇڭلار ، كىشىگە يامانلىق قىلىشتىن يىراق بولۇڭلار . تەڭرى تائالاغا شەك كەلتۈرۈشتىن پەرھىز قىلىڭلار ، تەڭرىگە سېغىنىڭلار ، پەقەت تەڭرى تائالانىڭ ئۆزىلا سىلەرگە ياردەم بەرگۈچى ، پەرىيادىڭىزلارغا يەتكۈچىدۇر .

ئەلقىسسە ، ئىرانلىقلار چەرمۇن ۋىلايىتىدە ئۈچ كۈن تۇردى . تۆتىنچى كۈنى ناغرا ــ كارنايلارنى چېلىپ يولغا چىقتى . ئۇلار تۇرانلىقتىن ھەرقانداق كىشىنى كۆرسە ئۆلتۈرەتتى . پۈتكۈل يېزا ــ قىشلاقلارنى ۋە ئۇچىرىغانلا يۇرتلارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى . شۇ تەرىزدە يول يۈرۈپ ئاخىر كاسەرۇدقا باردى . شۇ يەردە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىدى . ئىران لەشكەرلىرى تىككەن چېدىر ــ بارگاھلارنىڭ توللىقىدىن يەر يۈزى كۆرۈنمەيتتى .

بۇ خەۋەر تۇرانغا يەتتى . تۇرانلىقلار ئىچىدە بالاشان ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى . ئۇ ناھايىتى باتۇر ، قورقۇمسىز يىگىت ئىدى . ئۇ يىگىت ئىران لەشكەرلىرىنىڭ تۇغ ــ ئەلەملىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەلدى . ئىران قوشۇنلىرى چۈشكەن لەشكەرگاھىغا يېقىن جايدا بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى . تاغ ئۈستىدە پالۋان گىۋ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بىجەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى . توساتتىنلا بىر تەرەپتىن بالاشاننىڭ تۇغى كۆرۈندى . ئۇ بىر بۆلۈك لەشكەر بىلەن چىقىپ كېلىۋاتاتتى . پالۋان گىۋ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ، ئېغىنى قولىغا ئالدى :

— ئەي ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ بىجەنگە ، — پالۋان بالاشان كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ئىنتايىن غەيۇر قەھرىماندۇر . مەن بېرىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلەي .

— ئەي ئاتا ، كەيخۇسرەۋ مېنىڭ جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىشىم ئۈچۈن ، ماڭا كۆپ ئىنئاملارنى بەردى . ئۇنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بالاشان بىلەن جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدىم ، — دېدى بىجەن .

گىۋ ئۇنىڭغا :

— ئوغلۇم ، جەڭ قىلىشقا تولا قىزىقىپ كەتمىگىن ، مۇبادا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي قالساڭ ، بۇ يورۇق كۈن ماڭا قاراڭغۇ بولىدۇ . چۈنكى بالاشان شىرلار بىلەنمۇ جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلالايدۇ ، ــ دېدى .

بىجەن بۇنىڭغا كۆنمەي :

ــ ئەي ئاتا ، سەن مۇنداق گەپنى قىلمىغىن ، سىياۋۇشنىڭ جەڭ ياراقلىرىنى ماڭا بەرگىن . ئاندىن مېنىڭ جەڭ قىلغىنىمنى كۆرۈپ باققىن ، ــ دېدى .

پالۋان گىۋ سىياۋۇشنىڭ دۇبۇلغا ، ساۋۇتلىرىنى بىجەنگە بەردى . بىجەن ئۇنى كىيىپ ، چاپسانلىق بىلەن ئېتىغا مىنىپ ، قولىغا نەيزە ئېلىپ ، ئۇ باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى . بۇ چاغدا بالاشان بىر كىيىكنى ئوۋلاپ ، كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغانىدى . بالاشاننىڭ ئېتى بىجەننىڭ ئېتىنى كۆرۈپ ، قاتتىق بىر كىشنىدى . بالاشان شۇندىن كېيىن بىر ئاتلىقنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى . ئۇ دەرھال ئېتىغا مىنىپ ، بىجەنگە قاراپ نەرە تارتتى . ئۇ ۋارقىراپ :

ــ ھەي سەن كىمسەن ؟ بۇ جاڭگالدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟ ئىسمىڭنى ئېيت . نام ـ نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمە يەنە ، ــ دېدى .

ــ ئەي بەدبەخت ، ــ دېدى بىجەن ، ــ مېنى سورىساڭ ، قەھرىمانىي ئىران ۋە تۇران بىجەن نەۋجىۋان دېگەن مەن بولىمەن . بوۋامنىڭ ئىسمى شىر جەڭگى گۇدەرز ئىبنى گەشۋادتۇر . مېنىڭ پالۋانلىقىمنى ھازىرلا بىلىپ قالىسەن . مېنىڭ ھۈنىرىم جەڭ قىلىش . سېنىڭ ھۈنىرىڭ بۇلاڭچىلىق ، هارامخورلۇق قىلىش . سەن خۇددى تاغدىكى تاپ يەيدىغان بۆرىگە ئوخشايسەن .

بالاشان جاۋاب بەرمەستىن ، ئېتىنى دېۋىتىپ ، بىجەنگە قاراپ ئېتىلدى . بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدىن توپا ـ تومانلار كۆتۈرۈلدى . بالاشان بىلەن بىجەن بىر ـ بىرىگە نەيزە سانجىشتى . ئۇلارنىڭ نەيزىلىرى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى . ئۇ بۇنى يېڭەلمىدى ، ياكى بۇ ئۇنىڭغا خەتەر يەتكۈزەلمىدى . ئۇلار تىغ ۋە تەبەرلىرىنى قولىغا ئېلىپ ، چاقپەلەكتەك پىرقىراپ ئالتە يۈز رەددى بەدەل ئېلىشتى . ئاخىر ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قورقۇشتى ، ھەر ئىككىلىسى دەرمخ ياپرىقىدەك تىترەشتى . ئاتلار ھېرىپ بەدەنلىرىدىن چىلىق ـ چىلىق تەرلەر ئاقتى . ئۇلار يەنە ئېغىر گۇرزىلارنى قوللىرىغا ئېلىشتى ، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە ئېتىلدى . بىجەن ھاۋ گۇلدۇرلىگەندەك نەرە تارتىپ : «ئەللاھۇ ئەكبەر !» دەپ بالاشاننىڭ ئۈستىگە بىر گۇرزا ئۇرغانىدى ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن دەريالار دولقۇنلاپ ، بۇلاقلار چايقىلىپ كەتتى . گۇرزىنىڭ زەربىسىدىن بالاشاننىڭ دۇبۇلغا ، ساۋۇتلىرى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى . بىجەن دەرھال ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، بالاشاننىڭ بېشىنى كېسىۋالدى . ئۇنىڭ بېشىنى ، قورال ـ ياراقلىرىنى ۋە ئېتىنى ئولجا ئېلىپ ، ئاتىسى تەرەپكە ماڭدى .

گىۋ تاغ ئۈستىدە تەقەززا بولۇپ ئولتۇراتتى . بىجەننىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى . تاغ ئۈستىدىن ئىنتىزارلىق بىلەن تۈۋەنگە قاراۋاتاتتى . پالۋان بىجەن چىقىپ كەلدى . بالاشاننىڭ بېشىنى ، قورال ـ ياراق ۋە ئېتىنى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قويدى . بۇنى كۆرۈپ گىۋ ئىنتايىن خۇشال بولدى . ئىككىسى خۇشال ـ خۇرام ھالدا بارگاھ تەرەپكە ماڭدى . ئۇلار تۇس ئىبنى نەۋدەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، باش ، قورال ـ ياراق ۋە ئاتنى تەقدىم قىلدى . تۇس ئىنتايىن خۇشال بولدى :

— بۇ پالۋان تۇران لەشكەرلىرىنىڭ ھىماتچىسى ئىدى. ھەممە پالۋانلارنىڭ ئالدى مۇشۇ ئىدى، — دېدى تۇس شادلىنىپ.
بۇ چاغدا ئەفراسىيابقا: «پۈتكۈل تۇران ئۆلكىسى سۇدەك چايقالدى. كاسەرۇد تەرەپكە ئىران لەشكەرلىرى كەلدى. يەر يۈزى سىياۋۇشنىڭ قېنىدىن قىزاردى» دېگەن خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئەفراسىياب پىرانغا:
— كەيخۇسرەۋ ئەمدى مېنىڭ ھەممە يوشۇرۇن ئىشلىرىمنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. بىز دەرھال ناغرا كارنايلارنى چېلىپ، تۇغ — ئەلەملەرنى تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ئىرانلىقلار بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ھالدا بىزگە كۈن تەسلىشىدۇ. ئەي پىران، سەن تەرەپ — تەرەپتىن لەشكەر يىغقىن، — دېدى.
بۇ تەرەپتىن ئىران لەشكەرلىرىنىڭ چۈشكەن يېرىدە ناھايىتى قاتتىق بوران چىقتى. ھاۋانى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. سوغۇق دەستىدىن لەۋلەرنىمۇ مىدىرلاتقىلى بولمىدى. چېدىر — بارگاھلارنى مۇز قاپلاپ كەتتى. پۈتكۈل يەم — خەشەك، ئوت — بوغۇزلار ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرى قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى. قاردىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر ھەپتىگىچە سەھرا يۈزىنى كۆرگىلى بولمىدى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ يېمەك — ئىچمىكى ۋە ئۇخلىشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا ھېچقايسى پالۋاننىڭ جەڭ قىلىش خىيالىغا كېلىپ باقمىدى. ھەممەيلەن جەڭ ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېدى. نۇرغۇنلىغان ئادەم ۋە ئۇلاغلار ئۆلۈپ كەتتى. سەككىزىنچى كۈنى ئاپتاپ چىقتى. قار — مۇزلار ئېرىپ، يەر يۈزى دەريادەك سۇغا غەرق بولدى. تۇس ھەممە لەشكەرلەرنى يىغدى. ئۇلارغا:
— بۇ قىيىنچىلىقتىن نۇرغۇن ئاتلىقلىرىمىز ھالاك بولدى. ئەمدى بۇ تەڭلىكمۇ ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا دەرھال بولغا چىقايلى، — دېدى.
پالۋان بەھرام ئىبنى گۇدەرز ھەممە گەپ — سۆزنى قوشبېگى تۇستىن يوشۇرماستىن ئېيتىۋەتتى:
— ئەي قوشبېگى، — دېدى ئۇ تۇسقا، — سەن بىزنى ھەمىشە بىھۇدە سۆزلەپ ئاۋارە قىلىسەن. بىكاردىن بىكار سىياۋۇشنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ. ئەي تۇس، بۇندىن كېيىن مۇنداق پەلپەتىش ئىشنى تولا قىلما. قاراپ باقە، بىز سېنىڭ بۇ ئىشىڭ تۈپەيلىدىن نېمە بالا — قازالارغا قالدۇق! يەنە ئالدىڭغا كەلمىگەن قانداق يامان ئىشلار باركىن، تېخى!
— ھاي، سەن بىلمەمسەن، — دېدى تۇس، — زەراسىبتەك داڭلىق پالۋان يوق ئىدى؛ ئاشۇ فۇرۇدنىڭ قولىدا بىگۇناھ ئۆلدى. دىۋدەك قەھرىمانىنىمۇ ئالەمدىن تاپالمايسەن، ئۇمۇ فۇرۇدنىڭ قولىدا ھالاك بولدىغۇ؟! ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەشمەيلى. خاھى بىگۇناھ ئۆلسۇن ياكى گۇناھلىق ئۆلسۇن، بۇلارنى سۆزلەشمەيلى. پالۋان گىۋ بىلەن پالۋان بىجەن كەيخۇسرەۋنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەنىدى. ئەمدى ئۇلار تاغدىكى ئوتۇنلارنى كۆيدۈرۈپ ماڭسۇن. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرنىڭ مېڭىشىغا كەڭرى يول ئېچىلىدۇ.
پالۋان گىۋ:
— بۇ ئىش ئانچە مۇشەققەتلىك ئەمەس. مۇشەققەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ مەن قىلاي، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىجەن ئاتىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈلدى :

— ماۋۇ گەپنى ئاڭلىمامدىغان ، مەن ياش تۇرۇپ بىكار ئولتۇرغۇدەكمەن ، ئاتام بۇ ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغۇدەك . بۇ قانداق گەپ ؟ بۇ ئىشنى مەن قىلىمەن . سىنىڭ جاپا چېكىپ ، مېنىڭ تىنچ ئولتۇرۇشۇم راۋا ئەمەس .

— ئەي ئوغلۇم ، — دېدى گىۋ ، — بۇ ئىشنى قىلىشنى مەن پەيدا قىلغان . مەنمۇ قېرىپ قالغىنىم يوق . سەن مەندىن غەم يېمىگىن ، ھېلىغۇ ئۇرمانگەن ، تاغ بولغان تەقدىردىمۇ بىردەمدە كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىمەن .

ئىران لەشكەرلىرى كاسەرۇددىن ناھايىتى تەستە ئۆتتى . چۈنكى ھەممە يەرنى قار - مۇز قاپلاپ كەلگەنىدى . ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئوتۇنلۇق تاغقا يېتىپ كەلدى . ئوتۇننىڭ تولىلىقىدىن بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . پالۋان گىۋ ئوقىدا ئوت ياندۇرۇپ تاغقا تاشلىدى . ئوتۇنلارغا ئوت تۇتاشتى . لەشكەرلەر ئۈچ ھەپتىگىچە بۇ ئوتتىن ئۆتەلمىدى . ئوت ئەلەڭگە ئۇرۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى پەلەكنى قاپلىدى . تۆتىنچى ھەپتىسى لەشكەرلەر ئوتنى ئۆچۈرۈشتى . تۇس لەشكەرلىرىنى ئۇ يەردىن ئۆتكۈزدى . بىر باياۋانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن توختىدى . بۇ يەردە ھەممە لەشكەرلەر چېدىر - بارگاھلارنى تىكتى . ھەممە يەرنى چېدىر قاپلىدى .

ئۇ كېچىسى تۇران تەرەپنىڭ جىسەكچىلىرى چىقتى . تۇران قەھرىمانى نىژادنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايى شۇ يەردە ئىدى . نىژاد غايەت ھەيۋەتلىك پالۋان ئىدى . نىژادنىڭ يىلقىلىرى شۇ يەردە تاغدىن تاغقا ئېشىپ يايلايتتى . نىژادقا : «ئىران لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى . يىلقىلارنى بىر تەرەپكە ئېلىپ كېتەيلى . » دېگەن خەۋەر كەلدى . نىژاد دەرھال بىر پالۋاننى ئەفراسىيابنىڭ يىلقىچىسى كۇرەنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . كۇرە ناھايىتى چېچەن ، قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى . نىژاد ئۇنى چاقىرتىپ :

— ئەي كۇرە ، سەن بۈگۈن كېچە ئىران لەشكەرلىرى تەرەپكە بارغىن . ئۆزۈڭنى ئۇلارغا كۆرسەتمەي ، ئۇلارنىڭ قانچىلىك لەشكىرى بارلىقى ، قوشۇنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگىن ، ئاندىن بىز ئۇلارغا شەبىخۇن (كېچىلىك ھۇجۇم ) ئۇرىمىز ، — دېدى .

كۇرە قارا دۆۋىدەك ياسىنىپ ، كېچىدە ئىران لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاپ كەلدى . ئىران لەشكەرلىرىنىڭ جىسەكچىسى پالۋان بەھرام ئىدى . كۇرە ئىران لەشكەرلىرىگە يېقىن كەلگەنىدى ، توساتتىن كۇرەنىڭ ئېتى كىشنىدى . بۇنى بەھرام ئاڭلاپ قالدى . ئوقيا- سىنى كىرىچلاپ ، ئېتىنى دۈشمەن ۋە ھېچبىر گەپ قىلماستىن ئوقنى كۇرەنىڭ بىلىگە ئاتتى . كۇرە ئېتىدىن يىقىلدى . ئۇ بەھرامدىن ئامانلىق تىلىدى .

— راست گەپ قىل ، سېنى بۇ قاراڭغۇدا كىم ئەۋەتتى ؟ نېمىگە كەلدىڭ ؟ ! — دېدى بەھرام .

كۇرە يىلىنىپ :

— ئەي پالۋان ، مېنىڭ جېنىمنى ئامان قويساڭ ، نېمە سورىساڭ راستى بىلەن جاۋاب بېرەي . مەن نىژادنىڭ خىزمەتكارىمەن . مېنى ئۆلتۈرمىگىن . ساڭا يول باشلاپ ، نىژادنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى كۆرسىتىپ قوياي ، — دېدى .

— نىژاد شىرى غەررانىدەك بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ماڭا شىرنىڭ ئۆيى بىلەن جەڭ قىلغىنىچىلىك ئاددى ئىش ، — دېدى بەھرام ، ئاندىن يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ، كۈرەنىڭ بېشىنى كېسىپ ، غانجۇغىسىغا ئېسىۋالدى . ئاندىن ئۇنى لەشكەرگاھقا ئېلىپ كېلىپ تاشلىدى .

خوراز چىللىدى . كۈرە نىژادنىڭ ئالدىغا يېنىپ كەلمىدى . نىژاد غەمگە چۆككەن ھالدا : «ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولدى » دەپ ئويلىدى . ئاندىن ئەتراپىدا بار لەشكەرلەرنى يىغدى . ئۇ لەشكەرلىرىنى توپلاپ يولغا چىقتى . تاڭ ئېتىپ قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئىران لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى . ئىران قوشۇنىنىڭ قاراۋۇللىرى : «تۇران لەشكەرلىرى كەلدى !» دەپ ۋارقىراشتى . پالۋان گىۋ ئىران قوشۇنىدىن بىرمۇنچە باتۇرلار بىلەن بىللە نىژادنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ نىژادتىن :

— ھەي ، بۇنچىلىك لەشكىرىڭ بىلەنلا بىزنىڭ ئالدىمىزغا جەڭ قىلغىلى كەلگۈدەك بولدۇڭمۇ ؟ سەن كىمسەن ؟ ! — دەپ سورىدى .

نىژاد جاۋاب بېرىپ :

— مەن بىر شىرى غەررانمەن ، ئېتىم نىژاد ، ئەفراسىيابنىڭ كۈيئوغلى ، بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانىمەن ، — دېدى .

— سەن بۇنداق گەپنى قىلما ، ئابرويۇڭنى تۆكۈۋالىسەن ، — دېدى گىۋ ئۇنىڭغا ، — ئەگەر ھاكىم بولساڭ ، ئەفراسىيابنىڭ كۈيئوغلى بولساڭ ، نېمىشقا كۆپرەك لەشكىرىڭ يوق ؟ سەن بۇنچىلىكلا قوشۇنۇڭ بىلەن بىزنىڭ پالۋانلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ - تېنەپ بېرىپ قالما . چۈنكى قوشبېگى تۇس ئىبنى نەۋدەر ئىنتايىن غەيۇر پالۋاندۇر . سەن ھەقىقەتەن ھاكىم بولغان تەقدىرىڭدىمۇ سېنى باش ئەگدۇرىدۇ . لېكىن سەن لەشكەرلىرىڭگە پەرمان قىلىپ ، قوشبېگى تۇسنىڭ ئالدىغا بارساڭ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، سۆزىنى ئاڭلىساڭ ، مەن ئۇنىڭدىن ساڭا ئادەم كۆرۈپ باقمىغان مال - دۇنيا ، قىممەت باھالىق لىباس ، قۇل - كېنىزەك ۋە ئېسىل ئاتلارنى ئىنئام ئېلىپ بېرىمەن .

نىژاد جاۋاب بېرىپ :

— مېنىڭ تۇغ - ئەلەمىمنى ھېچكىم ئاستىغا باسالمايدۇ . مېنىڭمۇ تاجۇ تەختىم ، ئۇزۈك ، ئات - قويلىرىم بار . لەشكەرلىرىم بار . يەنە كېلىپ ئەفراسىيابتەك ئۇلۇغ پادشاھ ئىران زېمىنىدە يوق . بايلىق - خەزىنە ، قۇل - كېنىزەك ۋە ئات - يىلقا جەھەتتە ئەفراسىيابنىڭ تەڭدىشى يوق . ئەي پالۋان ، سەن مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ ئازلىقىغا قارىما ، بەلكى گۇرزا - شەمشىرىم ۋە ئېتىمغا قارا . مەن بۇ لەشكەرلىرىمنى ئىشقا سېلىپ شۇنداق جەڭ قىلايكى ، سىلەرنى كەلگىنىڭلارغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتەي ، — دېدى .

— ئەي ئاتا ، — دېدى بىجەن گىۋگە ، — سەن نىژادقا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆپ نەسىھەت قىلىسەن ؟ ئۇنىڭغا نېمانچە مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىسەن ؟ دەرھال گۇرزا شەمشەرنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى يېرىش كېرەك .

بىجەن شۇ سۆزلەرنى دېدى - دە ، ئېتىنى دىۋىتىپ ، نىژادقا قاراپ تىغ تارتتى . ئىككى ئوتتۇرىدىن شۇنداق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدىكى ، قۇياش يۈزى كۆرۈنمىدى . ئالەم قاراڭغۇ

www.uyghurkitap.com

بولدى. لەشكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالۋان گىۋ تۇغ چىقاردى. پالۋان بىجەن ئىلگىرىلەپ كەلدى. ئۇ تەرەپتىن پالۋان نىژاد بېشىغا تاج كىيىپ، بىجەنگە روبىرو بولدى. ھەممە پالۋانلار بىر ــ بىرىگە يۈزلەندى. ئۇلار جەڭ قىلىشتىن زادىلا يانمىدى. تۇران لەشكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولدى. نىژادنىڭ بەختى ياندى. ئۇ قاچتى. بىجەن قوغلىدى. ئۇ پات ــ پات شېرى غەررانىدەك نەرە تارتاتتى. بىجەن نەيزىنى نىژادنىڭ بېلىگە ئۇردى. نىژادنىڭ ماجالى قالمىغانىدى. بىجەن يەنە نەيزىنى نىژادنىڭ تاجىغا ئۇردى. ئۇ قىممەت باھالىق تاجنى خۇددى تورغاينىڭ بېشىنى ئۈز گەنىدەك ئۈزۈۋالدى. ئۇ تاجنى نىژادقا ئەفراسىياب بەرگەنىدى. نىژاد سېپىلغا قېچىپ باردى. بىجەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى چاقماقتەك تېز قوغلىشىپ كەلدى. نىژاد سېپىلغا يېقىن كەلدى. ئۇ يەرگە نىژادنىڭ كېنىزىكى ئاسنوي يېتىپ كەلدى. ئاسنوي نىژادقا:

ــ ئەي پالۋان، مېنى بۇ سېپىل ئىچىدە شۇنداق خارلىق بىلەن تاشلاپ قويۇپ يۈز ئۆرۈدىڭىز. مېنى ئېتىڭىزنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈۋېلىڭ. مېنى دۈشمەن قولىغا تاشلاپ قويماڭ! ــ دەپ ۋارقىرىدى. ئاسنويغا نىژادنىڭ ئىچى كۆيدى. دەرھال ئۇ كېنىزەكنى ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈردى ــ دە، تۇران تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بىرمۇنچە يۈرگەندىن كېيىن، نىژادنىڭ ئېتى ھېرىپ قالدى. بىر يەردە دەم ئېلىپ ئولتۇرسا، ئەفراسىياب ئەۋەتكەن قوشۇن يېتىپ كەلدى. بۇ لەشكەرلەرنى پىران ۋىسە باشلاپ كەلگەنىدى. نىژاد بىلەن ئاسنوي ئۇلارنى كۆرۈپ، شاد ــ خۇرام بولدى. نىژاد پىران ۋىسە بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، ئىران قوشۇنىغا كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ ئاخشىمى ئىرانلىقلا مەي ئىچىشىپ ئۇيقۇغا كەتتى. تۇران قوشۇنى كېچە بولغاندا چېدىر بارگاھلىرىدىن چىقىپ، جەڭگاھقا راۋان بولدى. ئۇلار ئىران قوشۇنى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ شەبىخۇن ئۇردى. ئىران لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. گىۋ ئۆزىنىڭ بىپەرۋا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق نومۇس قىلدى. ئۇ دەرھال ئېتىغا مىندى ــ دە، تۇسىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئۇ چېدىرىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلدى. ئاتنىڭ چاڭ ــ توزانلىرى تۇپەيلىدىن كېچىنىڭ بىر قاراڭغۇلۇقى ئىككى بولغانىدى. گىۋ تۇسىنىڭ چېدىرى سىرتىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ــ ئەي تۇس، ئۇيقۇڭنى ئاچقىن، لەشكەر كەلدى!

گىۋ قولىغا گۈرزىنى ئېلىپ ئاتىسى گۇدەرزىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئۇ ھەر تەرەپكە ئات يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ، پالۋانلارنى ئويغاتتى. بىجەننىڭ چېدىرىغا كېلىپ:

ــ ئەي ئوغلۇم، بۇ مەي ئىچىپ ئۇخلايدىغان چاغ ئەمەس، جەڭ ۋاقتى! ــ دەپ ۋارقىراپ، ئۇنى ئويغاتتى.

بۇ چاغدا تۇران لەشكەرلىرى ئىرانلىقلارغا ئۆزىنى ئۇردى. ئىران قوشۇنى ھەم مەست ھەم ئۇيقۇلۇق بولغاچقا ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى يۇمشاق تۆشەكلىرىدە يېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا گۈرزا شەمشەرلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قار ــ يامغۇردەك يېغىپ كەتتى. غەلۋە ــ غۇۋغا، قىقاس ــ چوقان، نالە ــ پەرياد ئاۋازلىرى جاھاننى بىر ئالدى.

تاڭ يورىدى، پالۋان گىۋ ئەتراپقا قارىدى. پۈتكۈل باياۋان ئىرانلىقلارنىڭ ئۆلۈكى

بىلەن تۇشۇپ كەتكەنىدى. گۇدەرزمۇ ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. دۈشمەنلەر ھەددى ھې-
سابسىز كۆپ كەلگەنىدى. ئۇلار قارا چۈمۈلىدەك تولا ئىدى. ئاندىن ئۆز لەشكەرلىرىگە
قارىدى. پالۋانلاردىن ھېچكىشى كۆرۈنمىدى. ھەممىسى باياۋاندا ئۆلۈپ يېتىپتۇ. يەر يۈزى
قانغا بويىلىپتۇ. جېمى تۇغ - ئەلەملەر يىرتىلىپتۇ. ئاتا ئوغۇلسىز، ئوغۇل ئاتىسىز بولۇپتۇ. بۇ
ئالەمنىڭ رەسىم - قائىدىسى شۇنداق. ئۇ كىشىگە بەزىدە خۇشاللىق بەخش ئەتسە، بەزىدە
غەم - غۇسسە سوۋغا قىلىدۇ.

ئەلقىسسە، ئىران پالۋانلىرى بىچارە بولدى. ئۇلار تۇران تەرەپكە ئارقىسىنى قىلدى -
دە، قالغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ، چېدىر بارگاھلىرىنى تاشلاپ، شىللىسىنى قاشلاپ
قېچىشتى. ئۇلاردا نە تۇغ - ئەلەم، نە ناغرا - كارناي بولسۇن. ھەممىسى خەستە، كۆڭۈللىرى
شىكەستە ئىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا كاسەرۇدقا باردى. تۇران لەشكەرلىرى تۇسىنىڭ ئارقىسى-
دىن قوغلاپ يۈرۈپ، گۇرزا - شەمشەر ئۇراتتى. ھېچكىمدە ئۇلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ماجال
يوق ئىدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى بىر تاغقا قاراپ قېچىشتى. جەڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى
ھېرىپ كاردىن چىقتى. پالۋانلارنىڭ ھوشى باشلىرىدىن ئۇچتى. لەشكەرلەر تاغ ئېتىكىگە
كېلىشۋالدى. تۇس تاغ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

تۇرانلىقلار غەمدىن خالاس بولدى. چۈنكى ئىرانلىقلارنىڭ ناھايىتى كۆپ لەشكىرى
يوقىتىلدى. ئىران قوشۇنىدىكى ھەربىر ئادەم ۋايساپ، نالە - پىغان قىلاتتى. ھايات قالغانلار-
نىڭ ھەممىسى يارىدارلارنى باقاتتى. ئۇلاردا نە تاج، نە ئات، نە تەخت بولسۇن، نە
ئاغرىقلارنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك كىشى بولسۇن. ئاتىسى ئوغلىنى ئوغلى ئاتىسىنى ئەسلەپ يىغ-
لىشاتتى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۆلۈپ، بىر ھەسسىسى قالغانىدى. بۇ
جەڭدىن كېيىن تۇسنىڭ تەرسالىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، تەلۋىلىكى ئاۋۋالقىدىن بەكرەك
ئۆتتى. گۇدەرزنىڭمۇ يا ئوغۇللىرىدىن ياكى نەۋرىلىرىدىن بىرەرسى ساق قالمىغانىدى.
ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ، ئاز قىسمى يارىدار بولغانىدى. گۇدەرز ئۆلۈپ كەتكەن ئوغۇل-
لىرى ئۈچۈن قان يىغلىسا، ھايات قالغان ئوغۇللىرىنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ھالىدىن
خەۋەر ئېلىشاتتى. مويسىپىتلار گۇدەرزنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى بۇزۇ-
لۇپ، زار - زار يىغلاشتى. ئۇلار گۇدەرزدىن توغرا يولغا باشلاشنى تەلەپ قىلىشتى. گۇدەرز
بىر پالۋاننى تاغ چوققىسىدا قاراۋۇللۇق قىلىشقا بەلگىلىدى. تەرەپ - تەرەپكە جىسەكچىلەرنى
چىقاردى. ئاندىن بىر نامدار پالۋاننى ئىلغاپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا بېرىشقا پەرمان
قىلدى. ئۇنىڭغا تۇسنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى، ئىرانلىقلارنىڭ بېشىغا قانداق ئېغىر كۈل-
پەتلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى شاھقا تولۇق بايان قىلىشنى تاپىلىدى.

ئۇ ئەلچى خۇددى چاقنىغان ئوتتەك تېز يۈرۈپ پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا
كەلدى. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، يىلاندەك تولغاندى، قازاندەك
قاينىدى. ئاكىسى فۇرۇدنىڭ پاجىئەسىنى ئاڭلاپ قايغۇ - ئەلەمگە چۆككەنىدى، لەشكەرگە
يۈزلەنگەن پالاكەتچىلىكنى ئىشىتىپ، غېمى تېخىمۇ زىيادە بولدى. كەيخۇسرەۋ شۇ كېچىسى
تاكى خوراز چىللىغانغا قەدەر تۇسقا لەنەت ئوقۇپ چىقتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كاتىپلارنى
چاقىرتىپ، بىر پارچە ئاچچىق مەكتۇپ يازدۇردى. ئۇ مەكتۇپ فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇسقا يې-

www.uyghurkitap.com

زىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«كىشىگە تەن ۋە جاننى، جاھان ۋە ماكاننى خۇدا بېرىدۇ. ئەقىلنى ۋە ئۇلۇغلۇقنىمۇ خۇدا بېرىدۇ. خارلىق ۋە پالاكەتلىكلەرنىمۇ خۇدا سالىدۇ. تەخت ۋە تاجنىمۇ خۇدا بېرىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، تۇس ئېبنى نەۋدەرنىڭ قولىغا كاۋە تۇغىنى تۇتقۇزۇپ، قىرىق شاھزادە بىلەن بىللە تۇرانغا ئاتام سىياۋۇشنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا ئەۋەتسەم، ئۇ بېرىپ مېنىڭ ئاكامنى ھالاك قىپتۇ. ئىراندا ئەمدى تۇسدەك ئادەم مەنسەپ تۇتمىسۇن. مۇنداق كىشىنى بۇندىن كېيىن قوشېبگى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئېست، قېرىندىشىم فۇرۇد ياش بولۇشىغا قارىماي، ھەممە پالۋانلارنىڭ سەردارى ئىدى. مەن ئاتامنىڭ پىراقىدا زار يىغلىسام، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ئۆرتىنەتتىم. ئەمدى قېرىندىشىم فۇرۇدنىڭ پىراقىدا يىغلايدىغان بولدۇم، مەن تۇسقا: چەرمۇن يولىغا كىرمىگىن. گالات شەھرىگە ۋە كوھى سەپىدكە بارمىغىن، ئۇ يەردە قېرىندىشىم فۇرۇد ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ تەرەپلەرگە بارساڭلار، ئۇ سىلەرنى تونۇمايدۇ. نېمە لەشكەر ئىكەنلىكىڭلارنىمۇ بىلمەيدۇ، دەپ قايتا-قايتا تاپىلىغانىدىم. ئېست-ئېست، شۇ قەدەر ئېسىل شاھزادە بىر ئەخمەق تۇسنىڭ قولىدا ھالاك بولدى! گەرچە تۇس بۇندىن ئىلگىرىمۇ قوشېبگى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەڭ ۋاقتىدا ئۇيقۇسى كېلىدۇ. مەي ئىچمىسە، كۆننى كەچ قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدا جەڭ ماھارەتلىرىنىڭ ھەممىسى بار، لېكىن، ئېھتىياتچانلىق يوق. ئەي فەرىبىز، سەن مۇشۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئۇيقۇنى، ئارام ئېلىشنى تاشلا. تۇسنى دەرھال بۇ ياققا ماڭدۇرۇۋەتكىن. مېنىڭ پەرمانىمدىن چىقمىغىن. لەشكەرلەرگە سەن قوشېبگى بولغىن. كاۋە تۇغىنى سەن قولۇڭغا ئال. ھەرقانداق ئىشتا گۇدەرزنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغىن. جەڭ قىلىشقا بېرىلىپ كەتمە. مەي ئىچىشتىن ۋە ئۇخلاشتىن يىراق بولغىن. ئاچچىقىڭ كەينىگە كىرىپ، جەڭ قىلىشقا زورۇقما. لەشكەرلەرنىڭ يارىسى ساقىيىپ بولغىچە، جەڭ يوللىرىنى ھەر تەرەپتىن تۇسقىن. ھەرگىز بەزمە-مەجلىس تۈزمىگىن».

مەكتۇپ تامام بولغاندىن كېيىن مۆھۈر باستى. ئاندىن ئۇ ئەلچىگە:

— سەن كېچە-كۈندۈز توختىماي چاپقىن، ھەر بىر ئۆتەڭدە ئاتنى يېڭى ئاتقا ئالماشتۇرۇپ مىنگىن، — دەپ، مەكتۇپنى ئەلچىگە بەردى.

ئەلچى يولغا چىقتى. ئۇچقاندەك يۈرۈپ، فەرىبىزنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مەكتۇپنى بەردى. فەرىبىز تۇسنى ۋە باشقا پالۋانلارنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە كەيخۇسرەۋنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇدى. ئىران كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ مەكتۇپنى ئاڭلاپ، كەيخۇسرەۋگە ئاپىرىن ئېيتىشتى. تۇس دەرھال كاۋە تۇغىنى كەلتۈرۈپ، ناغرا-كارنايلارنى ئېلىپ كېلىپ فەرىبىزگە تاپشۇردى. ھەممە پالۋانلار فەرىبىزگە:

— ئەمدى جايىدا ئىش بولدى. سېنىڭ دۆلىتىڭ زىيادە، ئىشلىرىڭ راۋان بولسۇن، غەلىبە-نۇسرەت ھەمىشە ساڭا يار بولسۇن، — دېيىشتى.

تۇس نەۋدەر پادىشاھىنىڭ ئۇرۇقىدىن بولغان بارلىق تۇغقانلىرى ۋە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، كەيخۇسرەۋنىڭ يېنىغا راۋان بولدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز مېڭىپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كىردى. شاھ ئالدىدا يەرنى سۆيدى. كەيخۇسرەۋ تۇسنىڭ يۈزىگە زادى

قارىمىدى . تىل ئاھانەتكە ئاغزىنى ئاچتى . ئۇ سورۇندا تۇسنى ھاقارەتلەپ خار قىلدى :
— ئەي سۆرۈن تەلەت ، — دېدى كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا ، — سېنىڭ نامىڭ پالۋانلار ئارىسىدىن يوقالسۇن ! سەن خۇدادىن قورقماسەن ؟ ! پالۋانلاردىن ئويياتماسەن ؟ ! مەن ساڭا چەرمۇن يولى بىلەن ماڭمىغىن دېمىدىممۇ ؟ ! سەن ئەتەي شۇ يول بىلەن مېڭىپ ، مېنى غەم - غۇسسىگە دۇچار قىلدىڭ . مېنىڭ قەھر - غەزىپىمنى ئاشۇردۇڭ . ئاتام سىياۋۇشنىڭ ئورۇقىنى ئازايتتىڭ . ئاكام فۇرۇد تەڭداشسىز پالۋان ئىدى . ئۇ جەڭ ۋاقتىدا ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ ، سېنىڭدەك كىشى پۈتۈن لەشكىرىڭ بىلەن كەلگەن تەقدىرىڭدىمۇ جەڭدىن يانمايتتى . ساڭا ۋە پۈتكۈل لەشكەرلىرىڭگە تېتىيتتى . سەن ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردۈڭ ! ئەمدى ساڭا شەھەردە ئورۇن يوق . سېنى قاماققا ئېلىش كېرەك . سەن مەنۇچېھر پادشاھنىڭ نەۋرىسى بولغانلىقىڭ ۋە ساقىلىڭ ئاقارغان ، قېرى سال كىشى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن تىرىك قالدىڭ ! بولمىسا ، كاللاڭنى كەسكەن بولاتتىم . بار ، ئەمدى سېنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇڭ زىندان بولسۇن . يامان خۇيۇڭ ئۆزۈڭگە پاسىبان بولسۇن !

كەيخۇسرەۋ تۇسنى قوغلاپ چىقىرىپ ، قاماققا سالدۇردى .

ئەمدى لەشكەرنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى :

ئەلقىسسە ، فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇس بېشىغا تاج كىيدى . ئاندىن رۇھام ئىبنى گۇ- دەرزگە پەرمان قىلىپ :

— سەن بۇ تاغدىن ئۆتۈپ ، پىراننىڭ ئالدىغا بارغىن . ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى قىلغىن «ئەي پىران بۇ پەلەكنىڭ رەسمى - قائىسى مۇشۇنداق ، ئۇ بىرىنى ئۇلۇغ قىلىپ ئاس- مانغا چىقارسا ، بىرىنى خار - زار قىلىدۇ . ھەر كىشى پالۋان بولسا ئاشكارا جەڭ قىلىشنى ئىستەيدۇ . شەبىخۇن ئۇرماق ئەرەنلەرنىڭ ئىشى ئەمەس . پالۋانلار ھەرگىز شەبىخۇن ئۇر- مايدۇ . بۇندىن كېيىن ئەگەر سەن جەڭ قىلمىساڭ ، بىزمۇ جەڭ قىلمايمىز . ئەگەر سەن سوقۇشساڭ ، بىزمۇ سوقۇشىمىز » دېگىن ، — دېدى .

رۇھام ئىبنى گۇدەرز مەكتۇپنى ئېلىپ ، فەرىبىزنىڭ ئالدىدىن چىقتى - دە ، يولغا راۋان بولدى . تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، تۇرانلىقلارنىڭ جىسەكچىلىرى ئۇنى كۆرۈپ قالدى :

— ھاي ، سەن كىم ؟ نەدىن كەلدىڭ ؟! — دېدى جىسەكچىلەر .

— مەن رۇھام ئىبنى گۇدەرز بولىمەن، فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇسنىڭ سۆزىنى پىرانغا يەتكۈزگىلى كەلدىم .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، جىسەكچىلەردىن بىرى پىراننىڭ ئالدىغا باردى :

— رۇھام ئىبنى گۇدەرز ئەلچىلىككە كېلىپتۇ ، — دېدى .

پىران ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە پەرمان قىلدى . رۇھام دۈشمەنلەردىن قورققان ھالدا ، پىراننىڭ ئالدىغا كەلدى . پىران ۋىسە رۇھامنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، تەخت يې- نىدا ئولتۇرغۇزدى . رۇھام فەرىبىزنىڭ سۆزلىرىنى پىرانغا يەتكۈزدى .

— ئەي پالۋان ، — دېدى پىران ۋىسە ئۇنىڭغا ، — بۇ قېتىمقى جەڭنى ئورۇنسىز ئەيىبلىسەڭلار بولماس . چۈنكى بۇ جەڭدىن بۇرۇن سىلەر قول سالدىڭلار . بىز جاھاندا تۇس- تەك ئەقىلسىز ۋە بىپەرۋا كىشىنى كۆرمىگەن . ئۇ بىزنىڭ ئۆلكىلىرىمىزگە خۇددى بۆرە

چاپقاندەك چاپتى. ئۇ پاسكىنا خۇدىنى بىلمەي تۇرانلىقلارنى كۆرگەنلا يېرىدە قىرى - ياش،
چوڭ - كىچىك دېمەي ئۆلتۈردى. سىلەر شۇ قىلغانلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىڭلار.
ئەمدى سىز بېرىپ فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇسقا ئېيتىڭ. ئىران پالۋانلىرىنىڭ قوشبېگى فەرپىز
بولغان بولسا، ئۇنىڭ نېمە ئارزۇسى بولسا ماڭا ئېيتسۇن. ئەگەر بىر ئايغىچە جەڭ قىلمايلى
دېسە، جەڭ قىلماي توختايلى، ئەگەر بىر ئايدىن كېيىن يەنە جەڭ قىلايلى دېسە، مەنمۇ جەڭ
قىلىمەن. سەپلىرىنى تەييارلىسۇن. بىر ئايغىچە جەڭ قىلماي توختاپ ئارام ئالغاندىن كېيىن
ئۆز ئېلىڭلارغا قايتساڭلارمۇ مەيلى. ئۇ قانداق مەسلىھەت قىلسا، شۇ بويىچە بولسۇن.

پىران شۇندىن كېيىن رۇھامغا شاھانە لىباسلارنى كىيدۈردى. رۇھام فەرپىزنىڭ ئال-
دىغا قايتىپ كەلدى - دە، پىراننىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. فەرپىز نەچچە كۈنگىچە ئارام
ئالغاچ ھەر تەرەپكە شىردەك قول ئۇزىتىپ يۈردى. بىر ئاي مۆھلەت توشتى. فەرپىز لەشكەر-
لىرىنى توپلاپ، تەرتىپكە سالدى. ئاينىڭ بېشىدا جەڭ ۋاقتى بولدى. ئىران لەشكەرلىرى
ناغرا - كارنايلارنى چالدى. داقا - دۇمباق، ناغرا - كارناي سادالىرى يەر - جاھاننى بىر
ئالدى. فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس ئوڭ قولغا گىۋ بىلەن گۇدەرزنى، سول قولغا ئەشكەسنى
بەلگىلىدى. ئۆزى كاۋە تۇغىنى تۇتۇپ ئوتتۇرىدا تۇردى. فەرپىز لەشكەرلىرىگە:

— بىزنىڭ جەڭ ماھارىتىمىز يوشۇرۇنۇپ قالدى! بۈگۈن بىز قاتتىق جەڭ قىلىپ،
دۈشمەنلەرگە بۇ جاھاننى تار قىلايلى! بۇ نومۇسنى ئاقلاپ، ھەممىمىز شاد - خۇرام بولايلى!
— دېدى.

ئىران لەشكەرلىرى شۇنداق ئوق ياغدۇرۇشتىكى، پۈتۈن ئاسماننى بۈركۈتنىڭ قانىتى
توسۇۋالغاندەك بولدى. تەبەرلەر ۋە ئالماس قىلىچلار ئوتتەك يالترايتتى. گوياكى قىيامەت
كۈنى ئاشكارا بولغاندەك بولدى. پالۋان گىۋ ئاغزىدىن كۆپۈكلىرىنى ئېقىتقان ھالدا نەرە
تارتىپ، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. گۇدەرزنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى ۋە باشقا پالۋانلار
بىراقلا مەيدانغا چىقتى. تىغ - تەبەر، گۇرزا - شەمشەرلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئوتلار
چېقىلدى. گۇدەرز پىران بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى. پىراننىڭ ئۇرۇقىدىن توققۇز يۈز
كىشى ئۆلتۈرۈلدى. لۇھاك بىلەن فەرشۇەرد تۇران قوشۇنى ئىچىدىن چاڭ - توزان
كۆتۈرۈلگەنلىكنى كۆرۈپ، ئالدىغا ئۆتتى. فەرشۇەرد پالۋان گىۋ تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى.
ھەممە پالۋانلار يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشتى. ئاندىن تىغلىرىنى سوغۇرۇپ چاپ - چاپقا
كىرىشىپ كەتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ تولىلىقىدىن يەر يۈزى كۆرۈنمەيتتى. ھەر ئىككى تەرەپ
لەشكەرلىرى بىر - بىرى بىلەن يەكمۇ يەك بولۇپ، ئۆزمەي جەڭ قىلىشتى. ھۇمان ئىبنى ۋىسە
لۇھاك ۋە فەرشۇەردلەرگە:

— ئەي لۇھاك، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا غول قىسمىغا ئۆزنى ئۇرۇش كېرەك.
فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس ئوتتۇرىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى قاچۇرساق، قالغىنى ئاسان، — دېدى.

ھۇمان بىلەن فەرشۇەرد فەرپىزگە ھەملە قىلدى. فەرپىز ھۇماننىڭ ئالدىدىن قاچتى.
ئىران لەشكەرلىرىگە شىكەستە يەتتى. پالۋانلار ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدىن پىتىراپ كەتتى.
ھەممە ئورۇنلارنى تۇرانلىقلارغا بېرىپ قويدى. ئىرانلىقلاردىن ھېچ كىشى ئۆز ئورنىدا توختى-
يالمىدى. چۈنكى ئۇلار جەڭ مەيداندا كاۋە تۇغىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ئىزدەپ كۆزلىرى تۆت

بولدى . پۇتكۇل تۇغ ـ ئەلەملىرىنىڭ بېشى تۆۋەن بولدى . دۈشمەن بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكتىن ، فەرىبىز تاغ ئېتىكىگە قاراپ قاچتى . ئىرانلىقلاردىن تىرىك قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تاغقا قاچتى . گىۋ بىلەن يەنە بىر مۇنچە پالۋانلار نەچچە يەردە توختاپ تۇرانلىقلار بىلەن جەڭ قىلدى . گۇدەرز ئېبنى گەشۋاد كاۋە تۇغىنى كۆرمىدى . پالۋانلارنىمۇ ئۇچرىتالمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى ئوتتەك ياندى . ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قايرىپ . قېچىشقا تەمشەلدى .

— ئەي ئاتا ، — دېدى گىۋ ئۇنىڭغا ، — سەن مۇنداق گۇرزا ـ شەمشەر ئۇرغان جەڭلەرنى تولا كۆرگەن ئادەم . بۇگۈن ئەگەر پىراندىن قورقۇپ قاچىدىغان بولساق . بىز بېشىمىزغا تۇپراق چاچىمىز . چۈنكى سەن قاچساڭ ، بىزدىن ھېچقانداق پالۋان تىرىك قالمايدۇ . بىز بۇ جەڭدىن باش تارتمايمىز . قېچىپ كېتىدىغان . بوۋام گەشۋادنىڭ ئابرويى ـ ئاتىقىنى چۇشۇرىدىغان ئىشنى قىلمايمىز . ئەي ئاتا ، سەن دانىشمەنلەرنىڭ : « ئەگەر ئاكا ـ ئىنىلەر بىر نىيەتتە جەڭ قىلسا ، تاغ بولغان تەقدىردىمۇ يەنجىپ ، تۇپراق قىلغۇسىدۇر» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ . سېنىڭ يەتمىش نەپەر پالۋان ئوغلۇڭ بار . يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭدىن نۇرغۇن پالۋانلار بار . ھەممەيلەن بىر بولۇپ . خەنجەرلىرىمىز بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆكسىنى يارىمىز . ئەگەر تاغ بولغان تەقدىردىمۇ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايمىز .

گۇدەرز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، قاچماقچى بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . قاچماي ، ئۆز ئورنىدا توختىدى . شۇنداق قىلىپ ، پالۋان گۇستەھەم . پالۋان بەرتە ، زەڭگى شاھۋران قاتارلىق بىر مۇنچە پالۋانلار يىغىلىپ : «بۇ جەڭدىن ھەرگىز يانمايمىز . گۇرزا ـ شەمشەردىن پۇتكۇل بەدىنىمىز قانغا بويىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قاچمايمىز . ھەممىمىزگە كاۋە تۇغى پاناھ بولسۇن . بىز ئاخىرىغىچە ئۇرۇشۇپ ، قولدىن كەتكەن نام ـ ئاتىقىمىزنى قايتۇرۇۋالىمىز!» دەپ شەرت قىلىشتى . ئۇلار شۇ يەردىن جەڭگە يۈزلىنىپ ، نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈردى . گۇدەرز بىجەنگە :

— ئەي بىجەن ، سەن گۇرزا ـ شەمشىرىڭ بىلەن چاپسان فەرىبىزنىڭ قېشىغا بارغىن ـ دە ، كاۋە تۇغىنى مېنىڭ ئالدىمغا قايتۇرۇپ كەلگىن . ئەگەر ماقۇل كەلسە فەرىبىزمۇ بىرگە كەلسۇن ، بىز بىرلىكتە دۈشمەنگە زەربە بېرەيلى ، — دېدى .

بىجەن بوۋىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا ، دەرھال ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، فەرىبىزنىڭ قېشىغا كەلدى .

— ھەي قوشبېگى ، — دېدى ئۇ فەرىبىزگە ، — سەن لەشكەرلىرىڭنى نېمىشقا بۇ يەرگە يوشۇرۇپ ساقلايسەن ؟! ئەگەر سەن جەڭگە بارمايدىغان بولساڭ ، كاۋە تۇغىنى تۇتقان ئاتلىقنى ماڭا بەرگىن .

فەرىبىز بىجەنگە ۋارقىراپ مۇنداق دېدى :

— ئەي بىجەن ، تولا ئاچچىقلانما ! كەيخۇسرەۋ بۇ تۇغنى ۋە پالۋانلىقنى ماڭا بەرگەن . بۇ تۇغ ھەرگىز گىۋنىڭ ياكى بىجەننىڭ ئىشكىدە بولمايدۇ !

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىجەن دەرھال تىغىنى سۇغۇرۇپ، كاۋە تۇغىنى ئىككى پارە قىلدى ـ دە، يېرىمىنى ئېلىپ، جەڭگاھ تەرەپكە راۋان بولدى. تۇرانلىقلار كاۋە تۇغىنى كۆرۈپ، بىراقلا بىجەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار گۆرزا ۋە تىغلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كاۋە تۇغىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ھۇمان تۇران لەشكەرلىرىگە ۋارقىراپ:

— ئەي پالۋانلار، پۈتكۈل ئىران قوشۇنىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاشۇ كاۋە تۇغىدا. ئەگەر بىز ئۇ تۇغنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، جاھاننى ئىران پادىشاھلىرىغا تار قىلىمىز! — دېدى.

بىجەن ياسىنى كىرىچلىدى. ئۇلارغا ئوق ئاتتى. تۇران پالۋانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوق ئېتىش بىلەن ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى.

بىجەن كېلىپ گىۋگە ۋە گۇستەھەمگە:

— تۇران لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالدىمىزدىن كېتىپ قالدى. ئۇلار ئېھتىمال فەرىبىرزنىڭ تەختىنى ۋە تاجىنى تارتىۋالماقچى بولسا كېرەك، — دېدى.

نامدار پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر گۆرزىلىرىنى كۆتۈرۈپ، شۇ تەرەپكە ئات سالدى. تۇرانلىقلاردىن كۆپ ئاتلىقلارنى ئۆلتۈردى. پالۋان بىجەن كاۋە تۇغىنى كۆتۈرۈپ، شىرى غەررانىدەك كېتىۋاتاتتى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى كاۋە تۇغىنىڭ تۈۋىگە قايتىدىن يىغىلىپ، يېڭىۋاشتىن سەپ تۈزدى. بۇ جەڭدە ئىران لەشكەرلىرى ئىچىدە دىۋە ئاتلىق پالۋان بار ئىدى. ئۇ كەيكاۋۇسنىڭ جاندىن ئەزىز ئوغلى ئىدى؛ فەرىبىرزنىڭ قېرىندىشى ئىدى. ئۇمۇ جەڭدە ئۆلدى. ئۇنىڭ تاجى تۇپراققا چۈشتى. پۈتكۈل ئىران لەشكەرلىرى ياقىلىرىنى يىرتىشتى. پالۋان گىۋ نالە پەرياد قىلىپ:

— ئەي پالۋانلار! ۋاي ئېست، دىۋەدەك پادىشاھ بۇ ئالەمدە يوق ئىدى! ۋاي ھەسرەتتا! كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ ئوغلى ۋە نەۋرىسىدىن بولۇپ ئۈچ كىشى بۇ ئالەمدىن يوقالدى. سىياۋۇش، فۇرۇد، دىۋە قاتارلىق بۇ ئۈچ شاھزادە خارلىق ۋە زارلىق بىلەن ئۆلدى. شاھزادە دىۋەنىڭ تاجى تۇرانلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، بىز شەرمەندە بولىمىز. ئەگەر ئۇنى مەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي دېسەم، بۇ يەردىكى لەشكەرلىرىمىزگە شىكەستە يېتىدۇ. نومۇس، نومۇس! ئۇ پادىشاھانە تاج جەڭ كونىدە تۇرانلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى. بۇ ئىشتىن ئۇيالمايمىزمۇ؟! تاجنى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولدۇق! — دەپ ۋارقىرىدى.

پىران ۋىسە پالۋان گىۋنىڭ بۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ تاجنى ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق جەڭ قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرىدىن كۆپلىگەن پالۋانلار ئۆلدى. بەھرام ئىبنى گۇدەرز نەيزىسىنى چۆرۈپ، ئۇلارغا ھەملە قىلدى. بەھرام تۇرانلىقلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇ تاجنى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ ئېلىپ چىقتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ لەشكىرى بۇ ئىشقا ھەيران قىلىشتى. ھەممەيلەن بەھرامغا ئاپىرىن ئېيتتى.

ئىككى تەرەپ لەشكىرى شۇ تەرىقىدە قاتتىق ئېلىشتى. بىر ـ بىرىگە توختاۋسىز ھالدا

گۇرزا ـ شەمشەر ، تىغ ـ تەبەرلەرنى ئۇرۇشتى . تاراق ـ تۇرۇق ، جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار جاھاننى بىر ئالدى . تاكى كەچ كىرىپ ، قاراڭغۇ چۈشكىچە جەڭ بولدى . گۇدەرزنىڭ يەتمىش سەككىز ئوغلىدىن ئاران يەتتىسىلا تىرىك قالدى . قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلگەنىدى . پالۋان گىۋنىڭ ئۇرۇقىدىن تاج ـ تەختكە لايىق پالۋانلاردىن يىگىرمە بەش كىشى بار ئىدى ، ھەممىسى ئۆلدى . كەيكاۋۇسنىڭ ئۇرۇقىدىن دۈەدىن باشقا يەنە سەكسەن پالۋان ئۆلدى . تۇران تەرەپتە پىران ئۇرۇقىدىن توققۇز يۈز كىشى ئۆلدى . ئەفراسىياب ئۇرۇقىدىن ئۈچ يۈز كىشى ئۆلدى . پالۋان گۇستەھەمنىڭمۇ ئېتى ئۆلۈپ ، پىيادە جەڭ قىلىۋاتاتتى . بىجەن ئۇنى كۆرۈپ :

— ئەي پالۋان ، مېنىڭ ئېتىمنى مىنگىن ، سەندىن ئەزىز كىشىم يوق ، — دېدى .

گۇستەھەم بىجەننىڭ ئېتىغا مىنگىشىۋالدى . ئۇلار بىر ئاتنى ئىككىيلەن مىنىپ چېپ كىتتى . ھەممەيلەن تاغ ئېتىكىگە قاراپ قېچىشتى .

تۇرانلىقلار خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۆزىنىڭ لەشكەرگاھىغا قايتىشتى . ئىران لەشكەرلىرىنىڭ نالە پىغانلىرى پەلەككە يەتتى . شۇ چاغدا پالۋان بەھرام ئاتىسى گۇدەرزنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ئەي ئاتا ، — دېدى ئۇ گۇدەرزگە ، — مەن دۈەنىڭ تاجىنى ئەكىلىش ۋاقتىدا قامچام شۇ مەيداندا چۈشۈپ قاپتۇ . تۇركلەر ئۇ قامچىنى تېپىۋالسا ، مېنى مەسخىرە قىلىدۇ . ئۇ ھالدا يۈتكۈل ئالەم ماڭا قاراڭغۇ بولىدۇ . ئۇ قامچىدا مېنىڭ ئېتىم پۈتۈلگۈلۈك ئىدى . مەن ئۇنى پىران ئېلىۋالغىچە تېپىپ كېلەي . ئەگەر ئۇلار جەڭ قىلسا ، جەڭ قىلاي .

گۇدەرز بەھرامغا :

— ئەي ئوغلۇم ، سەن ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ ئاخىرلاشتۇرماقچىمۇ؟! بىر پارچە تاسما باغلانغان ياغاچ ئۈچۈن دۈشمەن ئارىسىغا كىرمەكچىمۇ ؟! بۇ غەلىتە خىيالنى ئۆزۈڭدىن يىراق قىلغىن ! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تاغارغا سېلىپ ، شىرلارنىڭ ئالدىغا تاشلىمىغىن ! — دېدى .

بەھرام :

— ئەي ئاتا ، مەنمۇ ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىمدىن ياخشى ئەمەسمەن . ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈمۈم بۇ يەردە بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن ، — دېدى .

— ئەي قېرىندىشىم ، — دېدى پالۋان گىۋ ئۇنىڭغا ، — ئۇ يەرگە بارمىغىن . مېنىڭ نۇرغۇن قامچىلىرىم بار . بىرىنىڭ دەستىسى ئالتۇندىن ، يەنە بىرىنىڭ دەستىسى كۈمۈشتىن ؛ ئىككى قامچامنىڭ دەستىسى گۆھەر ـ ياقۇتتىن . فەرەڭگىس ماڭا خەزىنىلەرنىڭ ئىشكىنى ئاچقاندا مەن ئۇ يەردىن سىياۋۇشنىڭ ساۋۇتى ۋە دۈەدىن قامچىلىرىنى ئېلىۋېلىپ ، قالغانلىرىنى تاشلىغانمەن . يەنە ماڭا كەيكاۋۇس پادشاھ بەرگەن بىر قامچا بار . ئۇ قامچىنىڭ دەستىسىدىكى گۆھەر ئايدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ . يەنە دەستىسىگە ئالتۇن ، گۆھەرلەر بىلەن نەقىش ۋە سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن بەش قامچام بار . شۇلار ئىچىدىن يەتتە قامچىنى ساڭا بېرەي . بۇ يەردىن يىراققا بارمىغىن ، بىھۇدە جەڭ قىلمىغىن .

بەھرام گىۋگە:

— ئەي قېرىنداشىم، بۇ ئىشنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ. سىزگە ئالتۇن، رەڭ، نەقىشلەر كېرەك بولسا، ماڭا ئار-نومۇس كېرەك. مەن ھازىرلا بېرىپ يا قامچامنى تېپىپ كېلىمەن، ياكى بولمىسا، بېشىمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن، — دېدى.

ۋاقتىكى، ئۇنىڭغا خۇدايىتائالانىڭ ھۆكۈمى باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ بەختى يانغانىدى. ھەر كىشىنىڭ بەختى يانسا، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق ۋە سۆز-نەسىھەت پايدا بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بەھرام ئېتىغا قامچا ئۇردى. جەڭ قىلغان جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كېچە ئايدىڭ ئىدى. پالۋان بەھرام ئاتىسى گۇدەرزنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى جەڭگاھتا تاشلىنىپ قالغانىدى. بەھرام ئۇلارغا قاراپ زار-زار يىغلىدى. بەھرام ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يەنە شاھزادە دىۋەنىمۇ كۆردى. ئۇ قان ئارىلاش تۇپراققا بۇلغىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇلپىقى كېسىلىپ ئىككى پارە بولغان ئىدى.

— ئەي ئاي يۈزلۈك پالۋان شاھزادە، — دېدى بەھرام يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، — سەن ئاتاڭ ئورنىدا تەختكە ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ ئىدىڭ، ئەمما بۇ باياۋاندا قان-تۇپراققا بۇلغىنىپ يېتىپسەن، — دېدى.

بەھرامنىڭ قانچىلىغان قان-قېرىنداشلىرى ئۇ باياۋاندا ئۆلۈك ياتاتتى. بەھرام ئۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆردى. ئۇلاردىن بىرى يارىلانغان ھالدا ياتاتتى. ئۇ پالۋان بەھرامنى كۆرۈپ، تونۇپ يىغلىدى:

— ئەي پالۋان، مەن تىرىكمەن، ئەمما ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يېتىۋاتىمەن. بىز جەڭگە كىرگەن ئۈچ كۈندىن بېرى نان ۋە سۇغا زار بولدۇم. لېكىن بۇ ئارزۇيۇمغا زادىلا يېتەلمىدىم.

بەھرام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆپ يىغلىدى.

— ئەندىشە قىلمىغىن. — دېدى بەھرام ئۇ كىشىگە، — بۇ جاراھىتىڭ تېڭىلمىغانلىقتىن يامانلاپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنى تېڭىپ قويدۇم. ئەمدى لەشكەرلىرىمىز تەرەپكە بارساڭ تېزلا ياخشىلىنىپ كېتىسەن. مەن شاھزادە دىۋەننىڭ تاجىنى ئالىمەن دەپ قامچامنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. مەن قامچامنى تاپسام، دەرھال يېنىڭغا كېلىپ، سېنى لەشكەرلىرىمىزنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كېتىمەن.

بەھرام تۇران لەشكەرلىرى تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، جەڭگاھتىن قامچىسىنى تاپتى. ئاندىن يەنە يارىدار كىشىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، يارىدارنىڭ ئەھۋالىغا كۆز يېشى قىلدى. شۇ چاغدا بەھرامنىڭ ئېتىنىڭ قولىقىغا بىر بايتال ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بەھرامنىڭ ئېتى كىشنەپ، بايتال تەرەپكە قاراپ چاپتى. بەھرامنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ ئېتىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. بەھرام دۇبۇلغا، ئۇلپاق ۋە ساۋۇت كىيگەن بولغاچقا، پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ سۇ قۇيۇلۇپ كەتتى. ئاخىرى ئاتنى تۇتۇپ مىندى. تىزغىنى قولىغا ئېلىپ، ئېتىنى دىۋىتتى. ئات كەينىگە قايتقىلى ئۇنىماي، تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. بەھرام

ئاتقا قامچا ئۇردى . ئات زادىلا يۈرمىدى. ئاتنىڭ پۇتكۇل بەدىنىدىن تەر چىقىپ ، ئېرىق سۇ-يىدەك ئاقتى . بەھرام ناھايىتى غەزەپلىنىپ ئاتنىڭ پۇتىغا شەمشەر ئۇردى . ئات يىقىلدى . بەھرام ئۇ يەردىن جەڭگاھقا پىيادە قايتىشقا مەجبۇر بولدى . پۇتكۇل باياۋان ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . يەر يۈزى قىزىلگۈلدەك قىزارغانىدى . بەھرام ئۆز - ئۆزىگە : «ۋاي ئېسىت ، ئەمدى بۇ باياۋاندىن پىيادە قانداق چىقىپ كېتەرمەن» دېدى .

بەھرام ئاخىرى ياسىنى كىرىچلاپ . تۇرانلىقلارغا ئوق ئېتىشقا باشلىدى . بەھرامنىڭ ئوقىدىن تۇرانلىقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشاتتى . بەھرام تۇرانلىقلاردىن نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈردى . بەھرام ئۇلارغا شىرى غەرراندەك ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار ئاتلىرىنى قامچىلاپ ، بەھرامنىڭ ئالدىدىن قېچىشتى . ئۇلار شۇ قاچقانلىرىچە پىراننىڭ ئالدىغا كىردى . بەھرام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ، نۇرغۇن ئوق يىغىۋالدى .

تۇرانلىقلار پىرانغا بەھرامنىڭ ئىشلىرىنى ئېيتتى :

— بىر پالۋان كەپتۇ . ئۇ پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلىشتىن ئۆزىنى زادىلا توختىتالمايدىكەن . ئۇنىڭ ئىسمى بەھرامكەن . شىرى غەرراندەك پالۋانكەن . لەشكەرلىرىمىز ئىچىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى .

پىران پالۋان زۇبىنگە :

— ئەي زۇبىن ، بەھرامنىڭ قاچىدىغان يېرى يوق . سەن بېرىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كەلسەڭ ، بۇ ئالەمدە تېنچلىق تاپسەن . ئۇ ناھايىتى داڭلىق پالۋان . شۇڭا لەشكەردىن قانچىلىك كېرەك بولسا ، شۇنچىلىك ئېلىپ بارغىن ، — دېدى .

زۇبىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، بەھرامنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . بەھرام دەرھال زۇبىننى ئوققا تۇتتى . زۇبىن بەھرامنىڭ ئوقىنى توسۇپ بولالماي ، جېمى پالۋانلىرى بىلەن قاچتى . ئۇ پىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئەي قوشبېگى ، مەن بۇنداق جەڭگىۋارا پالۋاننى زادى كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن ، — دېدى .

پىران بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، غەزەپتىن دەرەخ ياپرىقىدەك تىترىدى . ئۇ دەرھال ئېتىنى مىنىپ ، پالۋانلار بىلەن بىرلىكتە جەڭگاھقا راۋان بولدى . پىران بەھرامنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئەي شۆھرەتلىك پالۋان ، نېمىشقا پىيادە جەڭ قىلىپ يۈرىسەن ؟ ئۆز ۋاقتىدا سەن سىياۋۇش بىلەن تۇراندا ئىدىڭ . بىز بىر داستىخاندا غىزالانغان ، بىللە ئولتۇرۇشقانىدۇق . سەندەك ئېسىل ۋە جەسۇر پالۋاننىڭ جېنى زايا بولمىسا دەيمەن . كەلگىن ، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە زىيان سالماسلىققا ، تۇغقاندارلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا شەرت قىلايلى . سەن پىيادە يۈرۈپ بۇنچە كۆپ داڭدار پالۋانلار بىلەن جەڭ قىلمىغىن دېمىگىن ، — دېدى .

— ئەي دانىشمەن قوشبېگى ، — دېدى بەھرام پىرانغا ، — مەن ئۈچ كۈندىن بېرى بىر لوقما ئائام يېمەي جەڭ قىلىۋاتىمەن . مېنىڭ ھاجىتىم شۇكى ، سەن ماڭا بىر ئات بەرگىن . مەن ئۇنى مىنىپ ، ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىمەن . ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ ، ئۇرۇشقىنىم

www.uyghurkitap.com

ئۈرۈشقان .
پىران بەھرامغا :
— ئەي پالۋان ، سەن بىلمەيسەن . مەن ساڭا بىر ئات بەرسەم بولمايدۇ . مەن ساڭا بىھۇدە جەڭ قىلمىغىن دەۋاتىمەن . سەن شۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭگە ياخشى . ئۆزۈڭ قاراپ باقە، بۇ خەلقلەر ساڭا بىر ئات بېرىپ ، تۇركلەرنىڭ نومۇسىنى تۆكۈشكە ئۇنارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن نۇرغۇن تاجدار پادىشاھلارنى ، پادىشاھلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە تالاي پالۋانلارنى ئۆلتۈردۈڭ . سېنى ئىران تەرەپكە قايتۇرۇۋېتىشكە كىم ماقۇل كېلەر ؟ — دېدى .

پىران شۇ سۆزدىن كېيىن ، بەھرامغا مېھرىبانلىق قىلىپ ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى . پالۋان نىژاد پىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، بەھرامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . پىران :

— پالۋانلىقتا بەھرامغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ . مەن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلدىم . لېكىن ئۇ ئۇنىماي ، ئىرانغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى ، — دېدى .

— ئەي قوشبېگى ، — دېدى نىژاد ، — مەن ئۇنى پىيادە تۇتۇپ كېلەي ، ياكى بولمىسا ، تىغ ئاستىدا ئىشنى تامام قىلاي .

نىژاد قولىغا نەيزە ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى . نىژاد بەھرامنى كۆرۈپ ، مەست پىلدەك نەرە تارتتى . ئۇ ئۆز يارانلىرىغا :

— ئەي ، باتۇرلار ، شۇنچە لەشكەرنىڭ ئارىسىدىن بىر ئىرانلىقنىڭ تىرىك پېتى قايتىپ كېتىشىنى خالامسىلەر ؟! ئەي يارانلىرىم ، بەھرامغا ھەممىڭلار ئوق - نەيزە ، گۈرزا ، قىلىچلارنى ياغدۇرۇڭلار ! — دېدى .

تۇرانلىق لەشكەرلەر بەھرامغا بىراقلا ئېتىلدى . بەھرام دەرھال ياسىنى كىرىچلاپ ، ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى . ئوقلىرى تۈگىگەندى . نەيزىسىنى قولىغا ئالدى . نەيزە بىلەن بىر ھازا جەڭ قىلدى . نەيزىمۇ سۇنۇپ ، پارە - پارە بولدى . ئاندىن تىغىنى سۇغۇرۇپ ، شەمشەر ئوينىتىپ ، تۇرانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى . لېكىن ئۆزىگىمۇ ئوق تېگىپ يارىلاندى . ئۇنىڭ ماغدۇرى قالمىدى . شەمشىرىدىن قان تامچىلاپ تۇراتتى . نىژاد بەھرامنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى - دە ، بېلىكىگە تىغ ئۇردى . بەھرامنىڭ ئوڭ قولى تېنىدىن جۇدا بولدى . بەھرام يۈزىچىلاپ يەرگە يىقىلدى . جەڭ قىلىشتىن توختىدى . نىژاد بۇنى كۆرۈپ ، يۈرىكى ئۆرتەندى . ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن نومۇس قىلىپ ، قايتىپ كەتتى .

قۇياش كۆتۈرۈلدى . بەھرام قايتىپ كەلمىدى . پالۋان گىۋنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى .

— ئەي ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ بىجەنگە ، — قېرىندىشىم بەھرام ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى . بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس . بېرىپ ئۇنىڭ ھالىنى بىلىشىمىز كېرەك .

گىۋ بىلەن بىجەن ئاتلىنىپ شامالدەك تېز يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار جەڭگاھقا كېلىپ ، ھەممە ئۆلۈكلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، ئاخىر بەھرامنى تاپتى . بەھرام بىر قولى كېسىلگەن ھالدا ، قانغا چىلىنىپ ، تۇپراققا مىلىنىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان سۇدەك ئاقماقتا ئىدى .

ئۇ كۆزنى ئېچىپ، بېشىدا گىۋنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئەي قېرىندىشىم، — دېدى ئۇ گىۋگە، — سەن مېنى تاۋۇتقا سېلىپ ئۇزاتقاندىن كېيىن، ئىنتىقامىمنى نىژاددىن ئالغىن. پىران ئىبنى ۋىسە مېنى كۆرۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. تۇران پالۋانلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاداۋەت قىلمىدى. ئۇلار مەن بىلەن جەڭ قىلىشنى خالىماي قايتىپ كەتتى. مېنىڭ تېنىمنى پەقەت زالىم نىژادلا زەخمىلەندۈردى.

گىۋ بەھرامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قان يىغلىدى. ئۇ قەسەم قىلىپ:

— قۇياش ۋە ئاينى ياراتقان تەڭرىنىڭ نامى بىلەن ئانت ئىچىمەنكى، قېرىندىشىم بەھرامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىغۇچە بېشىمدىن دۇبۇلغامنى ئالمايمەن! — دېدى.

ئۇ ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا قولىغا ھىندى قىلىچىنى ئېلىپ، پىران لەشكىرىگە قاراپ راۋان بولدى. شۇ كۈنى كەچ بولدى. بۇ كېچىسى نىژاد جىسەكچىلىككە چىققانىدى. پالۋان گىۋ يىراقتىن نىژادنى كۆرۈپ، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، تىۋۇش چىقارماي تۇردى. نىژاد لەشكىرىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ھەممە پالۋانلىرىدىن يىراقلاپ كەتتى. پالۋان گىۋ دەرھال غانجۇغىسىدىن سالمىنى ئالدى-دە، نىژادنىڭ بېشىغا تاشلىدى. سالما نىژادنىڭ بېلىگە چۈشتى. گىۋ سالمىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ يوتىسىغا بېكىتىپ، ئۇچىسىنى ئۆرۈپ بىرلا سىلكىدى-دە، نىژادنى ئاسانلا ئىگەردىن تارتىۋالدى ۋە خارلىق بىلەن تۇپراققا يىقىتتى. گىۋ ئاندىن ئېتىدىن چۈشۈپ، نىژادنى مەھكەم باغلىدى. يەنە ئېتىغا مىنىپ، نىژادنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ ماڭدى. نىژاد زارلىنىپ، قاقشىدى:

— ئەي پالۋان، — دېيتتى ئۇ يىلىنىپ، — مېنىڭ ھېچ مادارىم قالمىدى. مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ قاراڭغۇ كېچىدە شۇنچە كۆپ خالايىق ئىچىدىن مېنىلا تۇتۇپ، دوزاق ئازابىنى كۆرسىتىۋاتىسەنغۇ؟!

گىۋ نىژادنىڭ بېشىغا ئىككى يۈز قامچا ئۇردى. ئاندىن:

— ئەي بەدبەخت، مانا بۇ دۈشمەنلىك ئاداۋىتىدۇر. ھازىر ساڭا سۆزلەپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق. سەن ئۆزۈڭنىڭ دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى تىكىپ، دەرەخ قىلىپ يوغىناتقانلىقىڭنى بىلمەمسەن. سەن بەھرام بىلەن جەڭ قىلىپتىكەنسەن. مانا ئەمدى شىرنىڭ ئاغزىغا كىردىڭ! — دېدى.

نىژاد ئېيتتىكى:

— ئەي پالۋان، سەن بىر بۆرە كۈت بولساڭ، مەن بىر تورغايمەن. بەھرامغا مەن ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىدىم. مەن لەشكىرىم بىلەن كەلگەن چاغدا بەھرام ئۆلۈپ بولغانىكەن.

نىژاد بەھرامنى ئۆلۈپ بولدى، گىۋ ھەقاچان ئۇنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ خىيال قىلغانىدى. گىۋ نىژادنى سۆرە-سۆرە، ئاخىرى بەھرامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئەي قېرىندىشىم، — دېدى گىۋ بەھرامغا، — مانا ئۇ ۋاپاسىز بەدبەختنىڭ جازا-

سىنى بەردىم. خۇداغا شۈكرى، سەن تېخى بۇ دۇنيادىن كەتمەي تۇرۇپ، دۈشمىنىڭنى قولۇمغا گىرىپتار قىلدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنى كېسمەن.

— ئەي پالۋان بەھرام، — دەيتتى نىژاد يالۋۇرۇپ، — سېنىڭ ئىشىڭ ئاخىرلىشىپ قاپتۇ. مېنىڭ بېشىمنى كەسكەندىن نېمە پايدا چىقىدۇ. مېنى ئۆلتۈرمىگىن. مەن سېنىڭ روھىڭغا قۇل بولاي. سېنىڭ گۆرۈڭنى ساقلىغۇچىلارنىڭ چاكىرى بولاي.

بەھرام گىۋگە:

— ئەي قېرىندىشىم، ئانىدىن تۇغۇلغان ھەرقانداق ئادەم ئۆلمەي قالمايدۇ. گەرچە ھېلىلا ئۇنىڭدىن مېنىڭ تېنىمگە زەخمەت يەتكەن بولسىمۇ ۋە شۇ تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، لېكىن نىژادنى قويۇۋەتكىن، بۇ ئالەمدە ئۇ مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن، — دېدى.

گىۋ بەھرامنىڭ يارىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئاكىلىق مېھرى قوزغىلىپ، زار – زار يىغلىدى. نىژادنىڭ ساقلىنى تۇتتى – دە، ئۇنىڭ بېشىنى تورغاينىڭ بېشىنى كەسكەندەك كېسىپ تېنىدىن جۇدا قىلدى.

— مېنىڭ ئىنىم كۆز ئالدىمدا ئۆلسۇنمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى مەن ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرەي، بۇ جاھاندا كىم بۇنداق غەلىتە ئىشنى كۆرۈپتىكەن ؟! — دېدى گىۋ ۋارقىراپ.

بەھرام جان تەسلىم قىلدى. كۆرۈڭلاركى، بۇ جاھاننىڭ ئادىتى ئەنە شۇنداق. پالۋان گىۋ ئىنىي گۇدەرز زار – زار يىغلىدى. بەھرامنى نىژادنىڭ ئېتىغا يۈكلەپ، بىجەننىڭ ئالدىغا كەلدى. بەھرامنى جەڭ قىلغان يېرىدىن ئېلىپ بېرىپ، بىر كاتتا ئېقىننىڭ بېشىدا قويدى. ئۇنىڭغا ئىپار – ئەنبەرلەرنى سېپىپ، تاۋارلارنى يايتى. شاھانە تەخت تەييارلاپ، ئۈستىدە بەھرامنى ياتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجنى ئېسىپ قويدى. يۇپۇقلىرىنى سېرىق ۋە كۆك دىبالاردىن قىلدى. ھەممە پالۋانلار بەھرام ئۈچۈن ماتەم تۇتتى.

ئەلقىسسە، بەھرام ئۆلگەن كېچىسى تاڭ ئاتتى. قېچىپ كەتكەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. ھەممەيلەن مۇنداق دېيىشتى:

— بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆلدى. تۇرانلىقلار شۇ قەدەر غالىب بولدىكى، بىز بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئەمدى بىز پادىشاھىمىز ئالدىغا بېرىشىمىز كېرەك. پەردەئى غەيبتىن نېمە ئاشكارا بولىدۇ، بىز شۇنىڭغا قاراپ ئىش تاپايلى. ئەگەر پادىشاھىمىزنىڭ كۆڭلىدە جەڭ قىلىش نىيىتى يوق بولسا، بىزمۇ جەڭ قىلالمايمىز. چۈنكى شۇ تاپتا نۇرغۇن ئاتلار ئوغۇلسىز، ئوغۇللار ئاتىسىز بولدى. ئەگەر شاھىمىز جەڭ قىلىشقا پەرمان چۈشۈرسە، ئۇنداقتا زور قوشۇن تەشكىل قىلار. شۇ چاغدا كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىگە ئالەمنى تار قىلايلى.

ھەممەيلەن شۇ مەسلىھەتكە كىرىپ، بۇ ئۆلكىدىن ياندى. پۈتكۈل خالايىقنىڭ كۆزلىرىدە نەم، كۆڭۈللىرىدە ماتەم ئىدى. ئاكا – ئىنىسىنى ياد قىلاتتى. ئىنىلار ئاكىلىرى ئۈچۈن يىغلايتتى. ھەممەيلەن ئۇرۇق – تۇغقان، قوۋم – قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ياش تۆكەتتى. ئۇلار

شۇ ھالەتتە يول يۈرۈپ، كاسەئى رۇد تەرەپكە كېتىشتى.

شۇ كېچىسى پىراننىڭ جىسەككىچىلىرى جىسەككە چىقتى. ئۇلار ئىرانلىقلاردىن ھېچ كىشىنى كۆرمىدى. ئىرانلىقلارنىڭ كەتكەنلىك خەۋىرى پىرانغا يەتكۈزۈلدى. پىران دەرھال ئەتراپقا كىشى ئەۋەتىپ تەكشۈرتتى. ئىرانلىقلارنىڭ كەتكەنلىكى راست بولۇپ چىقتى. پىران ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن تاڭ سەھەردە كېلىپ، ئىرانلىقلار بىلەن جەڭ قىلغان يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. تاغۇ تۈز ۋە دەشتۇ باياۋاندا ھەددى ھېسابسىز سەراپەردىلەر، چېدىر – بارگاھلار تۇراتتى. لېكىن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. پىران بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى. لەشكەرلىرىگىمۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ مال – مۈلۈكلەر ۋە لاۋازىماتلىقلارنى يىغىۋېلىشنى تاپشۇردى. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ئاجايىپ – غارايىپ. ئۇ بىر كۈنى تۆۋەن بولىدۇ، بىر كۈنى يۇقىرى بولىدۇ. بەزىدە خۇشال قىلىدۇ بەزىدە غەمكىن قىلىدۇ.

ئەفراسىيابقا ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ غالىب كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا پىراننىڭ بىر بېگى بارغانىدى. ئەفراسىياب ناھايىتى خۇشال بولدى. كۆڭلى غەم – قايغۇدىن ئازاد بولدى. پىراننىڭ كېلىدىغان يوللىرىنى تازىلاپ، ئەينەكتەك پاكىز قىلىشنى بۇيرۇدى. پۇتكۈل قۇۋۇق ھەم دەرۋازىلارغا چىرايلىق پەردىلەرنى ئاستى. پىراننىڭ بېشىغا ئالتۇنلارنى چاچتى.

پالۋان پىران ئەفراسىيابنىڭ شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئەفراسىياب ھەممە بەگلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. پىراننى مۇبارەكلەپ:

— ئەي پالۋان، سېنىڭ دۇنيادا تەڭدىشىڭ يوقتۇر، — دېدى.

ئىككى ھەپتىگىچە ئەفراسىيابنىڭ ئوردىسىدىن چاڭ – راۋاب، ئۇد ۋە قالۇننىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۈچىنچى ھەپتىسى پىران ئۆز شەھىرىگە ياناماقچى بولدى. ئەفراسىياب پىرانغا قىممەت باھالىق لىباسلارنى كىيدۈردى. ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئېگەر – يۈگەنلىك ئات، ئالتۇن غىلاپلىق شەمشەر، پىل چىشىدىن قىلىنغان تەخت، پىروزىدىن قىلىنغان كۈرسى، سەججادە، رۇمچە تاج ۋە خىتا كېنىزەكلىرىنى، قولىدا پىروزە جاملارنى تۇتقان چاكارلارنى ۋە ئىپار، ئەنبەرلەرنى ئىنئام قىلدى.

قوشبېگى پىران ياناماقچى بولۇپ تەييارلاندى. ئەفراسىياب ئۇنىڭغا:

— ئەي قوشبېگى، سەن دائىم خۇشال – خۇرام بولغىن. شۇنداقلا ھوشيار بولغىن. لەشكەرلەرنى دانىشمەنلەرگە تاپشۇرۇپ، ياخشى ساقلىغىن. ھەر ۋاقىت ھەممە تەرەپكە ئاقىل كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن. چۈنكى ھازىر كەيخۇسرەۋ خەزىنە، دەپىنىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئىقلىمى ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ تەخت ۋە تاجى مۇيەسسەر بولدى. بۇندىن زىيادىلىكنى تەلەپ قىلمىغىن. يەنە دۈشمەنلەرنىڭ قېچىپ كەتكىنىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالمىغىن، ھەر زامان ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن. چۈنكى ئۇ تەرەپتە رۇستەم بار. ئەگەر بىخۇدلىشىپ ئۇخلاپ قالساڭ، جېنىڭغا زىيان يېتىدۇ، — دېدى.

پىران ۋەسسە بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن خوتەن شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى.

# گۈل ۋە بۇلبۇل

## مۇھەممەد ئەبۇ سالاھى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

**مۇھەررىردىن :** «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلاردىن بىرى . بۇ ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىلىرى خەلقىمىز ئىچىدە خېلى كۆپ تارقالغان ، ئەسەر بۇنىڭدىن سىرت بىر قانچە قېتىم چاپ قىلىنغان . ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ ھەر خىل چاپ نۇسخىلىرى ۋە ھازىرغىچە بايقالغان قول يازما نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر خېلى كۆپ . بۇ ئەسەر گەرچە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىن بايقالغان قول يازملاردا يەنە بىر مۇنچە ئارتۇقچىلىقلار ۋە مۇھىم پەرقلەر سېزىلدى .

بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلاشتا ئاساسلانغان قول يازما «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىئانتى بولۇپ ، مەيلى ھەجىم جەھەتتە بولسۇن ياكى قۇرۇلما جەھەتتە بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە . تېكىستولوگىيە جەھەتتىمۇ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى كۆپ ئۆزگىچىلىككە ئىگە . بۇ قول يازما موللا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەد يار ناملىق كاتىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 1310 ـ يىلى بارائەت ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى كۆچۈرۈلۈپ تامام بولغان . قول يازما جەمئىي 158 بەت فورماتى 5 .19×13 سانتىمېتر ، ھەر بېتىگە 12×2 مىسرادىن شېئىر كۆچۈرۈلگەن . قول يازمىنىڭ بېشىدىن ۋە ئوتتۇرىدىن ئىككى ۋاراق يوقالغان . قالغان قىسىملىرى ئاساسەن ياخشى ساقلانغان . بىراق داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىغا تەۋە مەزمۇنلاردىن بىر قىسمى ئوتتۇرىدا تەكرار كۆچۈرۈلۈپ قالغان . شۇڭا تەكرارلانغان جايدىن جەمئىي 445 مىسرا شېئىر قىسقارتىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا قول يازمىنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىدە مەزمۇن جەھەتتە ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىلىرى بايقالدى . ئەمما ، بۇنداق مەسىلىلەردە قول يازمىنىڭ ئەسلى ھالىتى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى . بۇ قول يازما «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ خىلمۇ خىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ، بۇ داستاننىڭ مۇكەممەل ۋە ئىلمىي بولغان تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشتا خېلى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا ، ئۇنى ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق .

بۇ داستاننىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئەبۇ سالاھىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەلۇمات بەك كەم . شائىرنىڭ بۇ داستاننى ھىجرىيىنىڭ 1153 ـ (مىلادى 1740 ـ) يىلى يازغانلىقى ۋە داستاندىكى بەزى ئالامەتلەردىن شائىرنىڭ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . سەلاھى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى غۇربەتنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق ئەسىرىدىن ئىلھاملىنىپ يازغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ . بۇ داستاننىڭ بىر قانچە يېرىدە يەنە شائىر غۇربەتنىڭمۇ ئىسمى ئۇچرايدۇ . ئەمما شائىر غۇربەتنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ ئىجادى ھەققىدە ماتېرىيال ئۇچرىمىدى . بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

«گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا ئەركىن مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ، ساداقەت ، پاكلىق ، ئەدەب ـ ئەخلاق ، ئەمگەك ۋە مېھنەت ھەققىدە بىر قاتار ئىلغار ئىدىيىۋى قاراشلار ئالغا سۈرۈلگەن ، شەخسنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش تەكىتلەنگەن . ئۆز دەۋرىدە يۈز بېرىۋاتقان تەڭسىزلىك ، مەھكۇملۇق ، زوراۋانلىق پاجىئەلىرى غەزەپ بىلەن پاش قىلىنغان . زۇلمەتلىك زامان تۈپەيلىدىن كۆلپەت چەككەن

بەختسىز بىچارىلەرگە چوڭقۇر ھېسسىداشلىق بىلدۈرۈلگەن . داستاندا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ئىلغار ئىدىيىۋى ھىسسىيات ۋە بەدىئىي تەپەككۇر بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا ، ئۆلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ھىكمەت ۋە سەنئەت بايلىقىمىزدۇر . ئەمما ، زامان چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەردە يەنە فېئودالىزم جەمئىيىتىگە خاس بولغان قىسمەن ئىدىيىۋى خاھىشلارمۇ ئاز – تولا ئەكس ئەتكەن . بۇنداق تەرەپلىرىگە تەنقىد كۆزى بىلەن قارىشىمىز زۆرۈر .

.................................................... ①

بۇ ئايەت مەزمۇنى ئۇلدۇر مۇنى بىلگىل ،
خۇداغا بەندەسەن ھەق يولغە كىرگىل .
نەزەر قىل ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تونۇغىل ،
كى بۇ ئەئزالارىڭنى ھەق تونۇغىل .
بېرىپ بىر قەترە سۇغە جىسمۇ جاننى ،
ئەتا قىلدى ئاڭا ئەقلۇ ئىماننى ،
يوق ئېردى بارچە ئالەم ئول خۇدا بار ،
خۇدايا ، مېھرىبان سەتتارۇ غەففار .
ئانىڭ بولماغلىقىدا ئىبتىدا يوق ،
كى ھەييۇ قەييۇم ئاخىر ئىنتىھا يوق .
ھەياتى بىچۇنۇ ھەم بىچەگۇنە ،
سەمىئەستۇ بەسىر ئول بىنەمۇنە .
شەرىكى يوقتۇرۇر ، ئولدۇر يىگانە ،
تانۇماقدۇر بۇ ئالەمدە نىشانە .
خۇدانىڭ قۇدرەتى ئاي سەيرى كۈننى ،
كېچەسى ئۆتسە كۆرۈر ئەرتە كۈننى .
كېچەسى كۆكدە يۇلدۇز ماھى تابان ،
كۆرۈك كۈندۈزىدە خۇرشىد ئىھسان .
بېرۇر بارچەسىغە ئول رىزق رەززاق ،
ياراتىپ بارچەنى جۇفت ، ئول ئۆزى تاق .
خۇدانىڭ قۇدرەتى سۇنئىنى كۆرگىل ،
بۇلارنى بىل تەخى ھەقنى تانۇغىل .
دېدىم : يا رەب ، ئانى ئول بەندە پەرۋەر ،
ئانىڭ تەفسىرىدۇر خەير ئۇلسە گەر شەر .
خۇدا سۇنئىنى كۆرۈك ۋەلقەلەمدە ،
خۇدادىن ئۆزگە بارچەسى ئەدەمدە .
تونۇبان ھەم خۇدا زىكرىنى قىلغىل ،
خۇدا زىكرىنى قىلماغان تىلىڭ تىل .
غەرىبۇ ناتەۋان مىسكىن سەلاھى ،
رەھىم قىل بۇ قولۇڭغە ، ئەي ئىلاھى .

## مەنقەبەتى ئەلقابى چەھارىيار رىزۋانۇللاھۇ تەئالا ئەلەيھىم ئەجمەئىن

دەيىن ئەمدى چەھارىيارلارغە ئەلقاب ،
ئۇلار مانەند خۇرشىدى جەھان تاب .
بەيان ئەيلەي مۇھەممەد چەھار يارى ،
سەھابە ئەفزەلىدۇر تۆرت يارى .
بىرى سىددىق ئەكبەر يار غارى ،
مۇھەممەدنىڭ ئېرۇر ئەۋۋەلقى يارى .
ئەبۇ بەكرىدۇرۇر سىددىقۇ سادىق ،
مۇھەببەتتىن ئېرۇر تەڭرىگە لايىق .
ئۇمەردۇر بىل ئانى ئىككىنچى يارى ،
ئانىڭ ئەدلىدىن ئىسلام بولدى جارى .
ئانىڭدىن تاپتى ئىسلام ئاشكارا ،
مۇھەممەدنىڭ دىنى بولدى ھۇۋەيدا .
ئۈچىنچى يارى زىن – نۇرەين ئوسمان ،
بىلىڭلار ئانى ساھىب جەمئى قۇرئان .
بەغايەت ھىلمدە كانى ھەيادۇر ،
سەھابە فىرقەسىدە باسەفادۇر .
بىلىڭ تۆتىنچى يارى مۇستەفانى ،
ئەلىيۇل مۇرتەزا شىرى خۇدانى .
ئانىڭ شەئنىدۇرۇر خەيرۇ – سەخاۋەت ،
بەلەند ھىممەتلىكۇ كانى شۇجائەت .
ئېرۇر بۇ تۆرتلەرى ئۇممەت نىگىنى ،
شەفائەتخاھىمىزنىڭ جان نىشىنى .
بۇلارنى بىل سەھابە ئەفزەلىدۇر ،
ئەبۇ بەكر ، ئۇمەر ، ئۇسمان ، ئەلىدۇر .
بۇ تۆرتىدۇر مۇھەممەد چەھار يارى ،
مۇنى بىلگەن مۇسۇلمانلىققە جارى .

---

① قول يازمىنىڭ باش تەرىپىدە بىر ۋاراق يوقالغان .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كى بۇ تۆرتى ئەمرۇل ـ مۇئمىنىندۇر ،
چەھار يارى مۇھەممەد مۇرسەلىندۇر .
خۇداغەقۇل مۇھەممەت ئۇممەتى بول ،
مۇھەممەد ھۇرمەتىدىن جەننەتى بول .
ئۇشۇل تۆرتىگە ئەھمەد يارى ئېردى ،
بىھىشتى مەئرىفەت گۇلزارى ئېردى .
ئۇلاردىن سۇگرە ھېچ ئالىمۇ ئاقىل ،
قىلالماسلار ئۇلاردەك ئەدلى كامىل .
مۇھەممەد چەھار يارى دوستى بولغىل ،
شەرىئەت مەغزى ئول ، سەن پوستى بولغىل .
كۆڭۈلدە دوست تۇتۇبان زىكر قىلغىل،

ئۇلارنىڭ زىكرى ئېرۇر سەيقەلى دىل .
ئەگەر قىلسام تىلىمدىن دۇرفىشانلىق ،
دېيەلمەسمەن ئۇلار ۋەسفىغە لايىق .
ئۇلارنىڭ ۋەسفىنىڭ ھېچ سانى يوقتۇر ،
تەمام ئايتا دېسەم ئىمكانى يوقتۇر .
ئىلاھا ، رەۋشەن ئەت جانۇ دىلىمنى ،
خەتادىن ساقلاغىل نادان تىلىمنى .
خەتا بولسە تىلىمدىن سەن كەچۇرگىل ،
ماڭا جامى مۇھەببەتدىن ئىچۇرگىل .
چەھار يارلارنى دوست تۇتغىل ، سەلاھى ،
چەھار ياردىنى مەزھەبىنىڭ سەلاھى .

## مۇناجات بەدەرگاھى قازىيەل ھاجات

ئىلاھا ، ئاسى بەندەڭ مەن گۇنەھكار ،
ئەگەر دەۋزەخقە سالساڭ مەن سەزاۋار .
بۇ ئالەمدە گۇنەھ بىسيار قىلدىم ،
نەچە تۈرلۈك گۇنەھلەر بار قىلدىم .
ئىلاھا ، نەفس ئۇچۇن ئەۋۋارەدۇرمەن ،
گۇناھىم كۆپ ئۇچۇن شەرمەندەدۇرمەن .
گۇنەھ بىرلە خەتا مەندە تولا بار ،
قىلىپ مەن نەچە تۈرلۈككىم گۇنەھكار .
ئەگەر مەۋج ئۇرسە ئول دەريايى رەھمەت ،
كى دەۋزەخ ئوتىدىن كۆرمەسمە زەخمەت .
ئەگەر بولسام گۇنەھ دەرياسىغە غەرق ،
كى نەۋمىد ئولماغۇم مەئبۇدى بەر ھەق .
نە كىم قىلمىش گۇناھىم بولسا بىسيار ،
ئۇمىدىم كۆپتۇ سەندىن سەنسە غەففار ،
ۋۇجۇدۇم بارچە ئەئزام مەئسىيەتدۇر ،
گۇنەھكارلارغە سەندىن مەغفىرەتدۇر .
گۇناھى تەقسىرات مەندىن خەتادۇر ،
كى سەندىن مەغفىرەت بىرلە ئەتادۇر .
ئىلاھا ، ئاسى بەندەڭ ، سەن خۇداسەن ،
كى مەن گۇمراھدۇرمەن رەھنەماسەن .
ئىلاھا ، بارچە مۇئمىن مەرمەھەمەت قىل ،
گۇناھىدىن كەچىبان مەغفىرەت قىل ،
ئىلاھا ، بارچەغە رەھمەت ئەتا قىل ،
گۇناھىدىن ئۆتۈپ جەننەت ئەتا قىل .
ئىلاھا ، مەن گۇنەھكار ، سەن رەھىمسەن ،

گۇناھىم مەغفىرەت قىلغىل كەرىمسەن .
ئىلاھا ، مەغفىرەت قىل مەن يامانىنى ،
بىلىپ قىلغان گۇناھىم ، بىلمەگەننى .
ئىلاھا . لۇتف قىل مەن مۇبتەلاغە ،
تۇشۇپدۇرمەن بەيابانى بەلاغە .
مۇنىڭدەك ئىشلارى دانايى ئەسرار ،
ساڭا ئاسان ئېرۇر گەر بىزگە دىشۋار .
ئىلاھا ، مەغفىرەت قىل كىردىگارا ،
نىھان قىلغان گۇناھىم ئاشكارا .
ئىلاھا ، فىئلى شەيتانىمغە تەۋبە ،
گۇناھىم بىرلە بەدكارىمغە تەۋبە .
تىلەكىم ئۇشبۇ سەندىن ئەي رەھىما ،
گۇناھىم مەغفىرەت قىل . ئەي كەرىما .
ساغىندىم رەھمەتىڭغە ، ئەي ئىلاھىم ،
مېنىڭ ئىككى جەھان سەنسەن پەناھىم .
كېلىپ دەرگاھىڭە قىلدىم مۇناجات ،
ئىجابەت ئەيلە ، يا رەب ، جۇملە ھاجات .
بەھەققى نامى بىسمىللاھىر رەھمان ،
ئەتا قىل ماڭا ئاخىر دەمدە ئىمان .
تەرەھھۇم ئەيلە رەھمانىررەھىم سەن ،
خەتا پۇشى ، ئەتا بەخشى كەرىمسەن .
ئىلاھا ، ئەرشى بىرلە كۇرسى ھەققى ،
كى فۇرقان ئايەتى سۇرەسى ھەققى .
بەھەققى ھۇرمەتى تاھا ۋۇ ياسىن ،
بەھەققى ھۇرمەتى ھامىم ، تاسىن .

ئىلاھا ، مۇستەفا مېئىراجى ھەققى ،
مۇھەممەدنىڭ كەرامەت تاجى ھەققى .
بەھەققى ئۇل مۇھەممەدنىڭ زۇھۇرى ،
بەھەققى ھەم شەرابى ئەنتەھۇرى .
بەھەققى چەھار يارى نامى ئەھمەد ،
بەھەققى مۇستەفا نۇرى مۇھەممەد .
بەھەققى ھۇرمەتى ئۇل ئىسمى ئەئزەم ،
بەھەققى ئۇل شەبى قەدرى مۇئەززەم .
بەھەققى لەۋھى مەھفۇزى قەلەمدىن ،
زەلەمنا رەببەنا ئەغفىر زەلەمدىن .
سەلاھى ئاسىغە رەھم ئەيلەپ ، ئەي ھەق ،
قىل ئانى رەھمەتىنىڭ دەرياسىغە غەرق .

## موللا غۇربەتىنىڭ ئايتقان «گۇل ۋە بۇلبۇل» كىتابىنى مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھى ئاز ئايتىپدۇر دەپ ، نەزمىيى شېئىرىن ۋە ھېكايەتىيى رەڭگىن بىرلە تولا قىلىپ تازە قىلغانى

كەل ، ئەي ساقى ، ماڭا تۇت جامى مەينى ،
ماڭا بەرگىل شەرابى ئەرغەۋانى .
كۆڭۈلدە بولسۇ پەيدا نەشئەئى مەي ،
پەياپەي تۇت ماڭا مەينى كەم ئەتمەي .
ماڭا تۇت مەينى ، ئەي ساقى، ئىچەي شۇرب ،
شەرابى نەغمە بولسا يارى مەھبۇب .
خۇش ئۇلكىم بولسا يارۇ مەي مۇغانە ،
سۇرۇدى مۇترىبۇ چەڭگۇ چەغانە .
كى سەۋتى بەربەتۇ ئاۋازى نەي خۇش ،
مەيۇ نەي دۇدى ئىشقنى كەلتۈرۈر جۇش .
كەل ، ئەي ساقى ، مۇھەببەت جامى مەيدىن ،
ماڭا بەرگىل ئىچىبان مەست ئۇلايىن .
بولۇپ مەست ئەيلەيىن ئاھەڭگى ئۇشىاق ،
مۇھەببەتدىن يازاي تەھرىرى ئەۋراق .
يازاي نامەنى بىر كاغەز ئۇزە باك .
مېنى ، يا رەب ، سەن ـ ئۇق ئەيلە فەرەھناك .
رەقەم ئەيلەردە تەبئىم رەۋشەن ئەتكىل ،
ئاچىبان غۇنچە كۆڭلۈم گۈلشەن ئەتكىل .
قەفەسدىن قىل خەلاس جان بۇلبۇلنى ،
بىشارەت بەر ماڭا ھۇسنۇڭ گۇلنى .
سۇنۇق كۆڭلۈمگە ئانداغ پۇيە ئۇرسۇن ،
چىقىپ ئىشقى مۇھەببەتكە قوشۇلسۇن .
چىقىپ ئاھىم مېنىڭ توققۇز فەلەككە ،
شۇرۇۋ ئەيلەپ تىلىم بۇ سۆز دېمەككە .
كى ئاھىم شۇئلەسىدىن بولسا رەۋشەن ،
قەلەم بىرلە قىلاي كاغەزنى گۈلشەن .
پۇتۇپ بىر نەچچە مەن ئەبياتى مەرغۇب ،
مۇھەببەت ئەھلىغە بولغايمۇ مەتلۇب .
يازاي بىر نەچچە ئەلفازى شەكەررىز ،
تۇزۇپ مەجلىس قىلاي مەجلىسى گۇلرىز .
مۇھەببەتدىن يازىپ تەھرىرى خامە ،
پۇتۇلدى دوستلارغە يادنامە .
ئايتىپ غۇربەتىدىن بىر كىتابى ،
قويۇپ[ ئات ]«گۇلۇ بۇلبۇل» دەپ خىتابى ،
بەيان ئەتمىش گۇلۇ بۇلبۇلنىڭ ئىشقىن ،
كى ئىشق ۋادەسىدا بىر ـ بىرگە سىدقىن .
قىلىپ نەزم نەچچەئى بەيتۇ غەزەللەر ،
ئايتىپ ئۆتكەن ئىكەن ئۇل مەھەللەر .
كىتابى خۇب ئايتىپدۇر ۋە لېكىن ،
ئاز ئايتىپدۇر مەگەر ھارىپدۇ ئىكىن .
قىلىپ مەن بۇ كىتابغە مېھربانلىق ،
كى قىلدىم غۇربەتىگە ھەمزەبانلىق .
قوشۇپ سۆزنى ھەمە تاپتىم مەھەلنى ،
كى نەزم ئېيتىپ نەچچە بەيتۇ غەزەلنى .
ھېكايەت ئەيلەدىم بىر نەچچە سۆز تەي ،
پىتىپ مەن سەفھەغە سۆزنى پەياپەي .
كى دەردى سوزى ئىشق بۇنياد ئېيتەي دەپ ،
كى رۇھى غۇربەتىنى شاد ئېيتەي دەپ .
كىتابى غۇربەتىنى تازە قىلدىم ،
فۇر سۇردە ۋەرەقىن شىرازە قىلدىم .
كى قىلدىم پەيرەۋانلىق غۇربەتىنى ،
سەلاھى ساچتى گەۋھەر بىرلە دۇرنى .
بەزاھىر بۇ سۆزۈڭ ئەفسانەدۇرلەر ،
ھەقىقى تەي قىلۇر ھەق ئىستەگەنلەر .
ئوقۇبان بۇ كىتابنى سەير ئېتەرلەر ،
ئالۇرلار بەھرەلەر ئاشىق يارانلەر .
مۇھەببەت نەغمەسىن ئەيلەپ تەرانە ،
قىلىپ ئاھەڭگى بەزمە ئاشقانە .

مۇھەببەتدىن يازىپ بىر نەچچە بەيتى ،
ئەگەرچە بولماسا بۇ خۇد پىسەندى .
كى نەرم ئەيلەپ رىزا ئاشۇفتە ئەھۋال ،
مېنى ، يا رەب ، مۇھەببەت يولىغە سال .
قىلىپ مەن ئىپتىدائى «گۇلۇ ــ بۇلبۇل» ،
ئوقۇپ كۆرگىل مۇنىڭ ھەر بەيتى بىر گۇل .
مۇنى ئەھلى مۇھەببەتلەر ئوقۇسۇن ،
ئىشتىپ بارى زەۋقى شەۋق قىلسۇن .
ئىشتىپ ئىشق ئەھلى بەھرە ئالسۇن ،
ئىشتمەگەن كىشى ھەسرەتدە قالسۇن .

ئوقۇغان چاغدا گويا گۇل ئاچىلۇر ،
تۆكۈلگەن غۇنچەدەك كۆڭلى ئاچىلۇر .
بولۇپ فەيزى بەھارى كاشىفەردىن ،
تاپىپ تەبئىم سەفا بۇ سۆزلەر ئاندىن .
ئىلاھا ، رەھمەتىڭغە ئاشنا قىل ،
كۆڭۈلنى سەندىن ئۆزگەدىن جۇدا قىل .
ئىلاھا باتىنىمنى قىل مۇنەۋۋەر ،
ماڭا ئىشقى مۇھەببەت نەشائىسىن بەر .
سالاھىغە ئىلاھا ، بىر نەزەر قىل ،
ئۆزۈڭنىڭ ئىشقىدىن سەن بەھرىۋەر قىل .

## خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ئادەمنى ئافىرىدە قىلۇرغە ئىرادە قىلغانلارى ، فەرىشتىلەر ھەزرەتى ئادەمنى خەلق قىلىشدىن مەنئى قىلغانى ، خۇدايى تەئالا «ئىننى ئەئلەمۇ مالا تەئلەمۇن» دەپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئافىرىدە قىلغانلارى

ئىرادە ئەيلەدى خەللاقى ئالەم ،
جەھان باغىدا پەيدا قىلغاي ئادەم .
جەھاندە قىلسە پەيدا ئادەمزاد ،
جەھاننى ھەق تەئالا قىلغاي ئاباد .
كى پەيدا قىلغاي ئادەم ئۇل خۇداۋەند ،
قەرى دۇنياغە قىلغاي كۆڭلىنى بەند .
جەھانغە ئادەمنى زىننەت ئەتكەي ،
رەۋاقۇ باغى راغۇ قەسىر ئەتكەي .
كېلىپ بۇ كوھنەنى ئۇل مەنزىل ئەتكەي ،
نەچە كۈن مەنزىلدە ئۆمر كەچكەي .
قىلىپ زىينەت جەھانغە ئادەمنى ،
جەھانغە ساچسە رىزقى روزەسىنى .
غەرەز ئادەم ياساپ بەندە ئاتامىش ،
قىلۇرغە ئىمتەھانى ئازمايىش .
مېنىڭ ئەمرىم تۇتارمۇ تۇتماغايمۇ ؟
ماڭا قۇللۇق قىلۇرمۇ قىلماغايمۇ ؟
تانۇغايمۇ مېنى رەببىم دېگەيمۇ ،
ئىلاھا ، سەن مېنىڭ ، دەپ ياد ئېتەرمۇ ؟
جەھانى كوھنەنى ئاباد ئېتەرگە ،
ياراتقاي ئادەمى بۇنياد ئېتەرگە .
خىتاب ئەتتى فەرىشتەلەرگە ئۇل دەم ،
ياراتسام قۇدرەتىمدىن نەسلى ئادەم .

ياراتسام ئادەمۇ بولغاي خەلىفەم ،
كى پەيدا بولغاي ئاندىن بەندە زادەم .
ئۇلار بولغاي مېنىڭ دوستى بەئىنىم ،
كى خاس ئاشىقلارىم ئەينەلييەقىنىم .
سالىپ ئەللاھ تەئالا مەشۋەرەتنى ،
نە دەرسىزلەر فەرىشتەلەر بۇ سۆزنى .
فەرىشتەلەر ئىشتىپ قىلدى تەئيىن ،
ياراتماغلىقدە ئادەم سۇنئ ئېتەيىن .
فەرىشتەلەر دېدى : «يارەببىم ، ئەللاھ ،
قىلۇر ئادەم گۇنەھلەر بولسا گۇمراھ .
كۆرۈپمىز لەۋھى مەھفۇزدا بۇ ئەسرار ،
بولۇر فەرزەندى ئادەملەر گۇنەھكار ،
كى بىزلەر ئەمرى فەرمانىڭدادۇرمىز ،
بولۇر ئادەملەر بىفەرمانۇ خۇنرىز .
ئىشىمىزدۇر ھەمىشە بەندەلىكدە ،
قىلىپ قۇللۇق ساڭا شىكەستەلىكدە .
ساڭا ھەمدۇ سەنا دائىم ئايىتماق ،
نە لازىم بىز تۇرۇپ ئادەم ياراتماق ...»
فەرىشتەلەر دېدى بۇ سۆزنى ئۇل دەم ،
غەرەز ئۇل دەم قىلىبان رەشكى ئادەم .
خۇدانىڭ رەھمەتى ئادەمگە بولغاي ،
ئىچى ئىشقى مۇھەببەت بىرلە تولغاي .

خۇدا لۇتفى ئىنايەت رەھمەتىنى ،
بېرىپ ئادەمگە ئەفزەل قىلغاي ئانى .
خۇدا ئايدى : «بارىنى بىلگۈچى مەن .
نە دەيدۇر دەپ سىلەرنى سۆزلەتۇرمەن .
ياراتقۇم ئادەمى بولغۇم نىگەھدار ،
سىلەر بىلمەسسىلەر مەن بىلگەن ئەسرار .»
تۇشۇپ بۇ غۇلغۇلە توققۇز فەلەككە .
بۇ ئاۋاز ئاسماندىن تا سەمەككە .
خۇدا ئانداغ ئىرادە ئەيلەپ ئاۋاز ،
ئىشىتتى بارچە بۇ ئەسرارۇ بۇ راز .
تۇشۇپ ھەرقايىسغە باشىغە سەۋدا .
ياراتىپ مەندىن ئادەم بولسا پەيدا .

................................ ①

خۇدا ئايدىكى مىكائىلغە فەرمان ،
كى يەردىن تۇفراق ئالىپ كەل ھەمىن ئان .
كى مىكائىل شۇ سائەت يەرگە تۇشتى ،
كى يەر ئەئزاسىغە بىر زىلزىلە تۇشتى .
كى مىكائىل خۇدا ئەمرىن تۆگۇردى .
كى يەر تىترەپ ئۇشۇل دەم تىلغە كىردى ،
دېدى مىكائىل : «ئەي يەر ، سۆزلەمە سەن ،
خۇدانىڭ ھۇكمىنى مەن يەتكۇرۇپمەن .
تىلىڭنى ساقلا ، ئەي يەر ، سۆزلەمەيىن ،
سېنىڭدىن بىر ئاۋۇچ تۇفراق ئالايىن » .
دېدى يەر يالبارىبان : «ئەي فەرىشتە ،
فەرىشتەلەر ئارا يەتكۇر سەرىشتە .
كى مىكائىل ئاتىڭنىڭ ھۇرمەتىدىن ،
ماڭا رەھم ئەيلە تۇفراق ئالما مەندىن .
مۇقەررەب سەن فەرىشتە بول سەرەفراز ،
ماڭا رەھم ئەيلەگىل بارغىل يانىپ باز .
كى مىكائىل كېلىبان يەرگە ئۇل ھەم ،
كى تۇفراق ئالمادى يەرگە قىلىپ رەھم .
دېدى مىكائىل :«ئەي دانەندەئى راز ،
كى تۇفراق ئالمادىم» دەپ قىلدى ئاۋاز .
خۇدا ئەمر ئەتتى ئەزرائىلغە : « سەن بار ،
بۇلار تۇفراق ئالماي كەلدى ، سەن بار .»
كى ئەزرائىل ئۇشۇل دەم يەرگە تۇشتى ،
خۇدانىڭ ئەمرىنى يەرگە تۆگۇردى .

دېدى يەر يالبارىبان ئەزرائىلغە ،
«تەرەھھۇم ئەيلە مەن خارۇ ② زەلىلغە .
مەنى ئاجىز شىكەستە ھالىغە باق ،
ئۇلار ئالمادى سەن ھەم ئالما تۇفراق .»
دېدى ئەزرائىل ئۇل دەم يەرگە : «شۇك تۇر ،
ئالۇرمەن تۇفراقۇ سەن ئەمدى شۇك تۇر .»
سالىپ ئەزرائىل ئۇلدەم يەرگە چاڭگال ،
ئالىپ تۇفراقنى يەردىن ، كەلدى دەرھال .
دېدى ئەللاھ تەئالا ئەزرائىلغە :
«كى رەھمىڭ كەلمەدى خاكى زەلىلغە .
بۇلار ئالمادى تۇفراق سەن ئالىپسەن ،
كى يەرنىڭ ھالىغە رەھم ئەيلەمەپسەن .»
دېدى ئەزرائىل : « ئەي سۇلتانى ئالەم ،
سېنىڭ ئەمرىڭ تۇتۇپ كەلتۇردۇم ئۇل دەم .»
خۇدا ئايدىكى : « ئەزرائىل مۇنى بىل ،
كى ئادەمنىڭ جانىنى ھەم سەن ئالغىل .»
دېدى ئەزرائىل ئايدى : «ئەي ئىلاھىم ،
بۇ ئىشنى ئەمر قىلدىڭ نە گۇناھىم .
مېنى دۇشمەن تۇتار فەرزەندى ئادەم ،
باشىمدىن بۇ مەلامەت بولماغاي كەم .»
خۇدا ئايدى : «يېمە غەم سەن مۇنىڭدىن ،
مېنىڭدىن كۆرمەگەيلەر ھەم سېنىڭدىن .
ئەجەلگە بائىسى بىمار دەرلەر ،
بۇ ئىشدىن بولدى يا دىگەر دېگەيلەر .»
غەرەز تۇفراقنى ئالدۇرماسدا يەردە ،
كى ئادەم بولسا بىفەرمان بەندە .
گۇنەھكار بولساۋۇ بەدفېئل بەدكار ،
خۇدانىڭ ئالدىدا بولسا گۇنەھكار .
گۇنەھكار بولسا كىم بولغۇسى مەئزۇب ،
ئانىڭ بولغانىدىن بولماغانى خۇب .
غەرەز ئەندىشەسى بۇ ئېردى يەرنىڭ ،
كى تەقدىرى قەزا مۇنداغ قەدەرنىڭ .
ياراتىپ تۆرت ئەناسىر ئەربەئەدىن ،
مۇئەخخىر بولدى بۇ تۆرت ئەدۋىيەدىن ،
شەمالۇ ئوت يەنە تۇفراق ئىلە سۇ ،
كى ئادەم جىسمىغە فەرمان بولۇپ بۇ .
كى ئادەم سۇرەتىن قۇدرەت قولىدە ،

① مۇشۇ جايدىن باشلاپ بىر ۋاراق يوقالغان .
② بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «خاۋەر» دەپ يېزىلغان ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «خارۇ» دەپ ئېلىندى .

يۇغۇرۇپ لايىقەسىنى قىرىق كۈندە .
ياساپ ئادەم خۇدا ئۆز قۇدرەتىدە ،
بولۇبان جىسمى ئادەم ئافەرىدە .
كەمالى قۇدرەتىدىن قىلدى پەيدا ،
خۇدانىڭ قۇدرەتى بولدى ھۇۋەيدا .

## خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام جىسمىغە روھ كىرگۈزگەنى ۋە رەھمىتىنى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغە ئەتا قىلغانى ۋە فەرىشتەلەر ئاگاھ شەرىك قىلغانى

خۇدا لۇتفى ئىنايەت رەھمەتىدىن ،
قىلىپ ئادەمنى پەيدا قۇدرەتىدىن .
تۇرۇپ يەتمىشۇ مىڭ يىل جىسمى ئادەم ،
بولۇپ ۋەقتى كىرەرگە رۇھى ئەئزەم .
خۇدا ئەمر ئەتتى روھى ئادەمگە ،
دېدى : «ئەي روھ ، كىر ئادەم تەنىگە .»
قىلىپ قەست رۇھى ئادەم تەنگە كىرگەي ،
كىرىپ ئادەم تەنىنى مەنزىل ئەتكەي .
كى روھ چەۋرىلدى ئادەمنىڭ تەنىنى ،
بۇ تەندە كۆرمەدى ئەمنۇ ئەمانىنى .
كۆرۈپ ئادەمدە يۈز مىڭ فىتنە شورىش ،
بۇ مىسكىن ئادەمى باشىغە ياغمىش ،
ئىچى تاشى ئانىڭ غەم ئۆزرە غەمدۇر ،
سەراسەر باشىدا دەردۇ ئەلەمدۇر .
دېدى رۇھ ئول زەمان : «يارەببى رەببىم،
بۇ تەنگە يوق كىرەرگە ئىختىيارىم .
كۆرۈپ بۇ تەندە يۈز تۈرلۈك بەلىييەت ،
مۇشەققەت مېھنەتى بار ، يوقتۇ راھەت .
نەچۈك كىرگەيمەن مۇنداغ قىن ئىچىگە ،
كى تاقەت يوق بەلاۋۇ مېھنەتىگە .»
خۇدا ئايدىكى رۇھى ئادەمگە :
«نە دەپ كىرمەيسەن ئادەمنىڭ تەنىگە .
قەزا يەتسە ئەگەر فەرزەندى ئادەم ،
تۈگەنىپ ئۆمر مۇددەت يەتسە ئول دەم .
ئەزرائىل ھەق دېبان ئەمر ئەتكەنىدە ،
كى چىققۇڭ كەلمەگەي ھەم ئۇل كۈنىدە .
كىرەرگە قەسد قىلدى رۇھى ئادەم ،
كىرىپ بىئىختىيار تەنگە ئۇشۇل دەم .
كىرىپ رۇھ ئاندا ئادەمگە دىماغدىن ،
قوپۇپ ئولتۇردى كۆز ئاچتى قىياغدىن .
بەلىنىڭ يارمىسىغە كىردى جانى ،
قوپاي دەپ ھەملە قىلدى جىسمى جانى .
جانى كىرگەچ بەلىنىڭ يوقارىغە ،
قىلۇر ھەملە قوپاي دەپ يۇقارىغە ،
فەرىشتەلەر كۆرۈبان قىلدى فەرياد ،
ئەجەب بىسەبىر ئېرمىش ئادەمزاد .
ھەنۇز جانى تەنىگە تارقامايىن ،
قىلۇر تەلفىز دەپ ساچراپ قوپايىن .
كىرىپ جانى قوپۇپ ئولتۇردى ئادەم ،
بەناگەھ ئەتسە كەلتۈردى ئۇشۇل دەم .
دېدى ئادەم شۇ ھەين : «ئەلھەمدۇلىللاھ»
جەۋاب ئايدى خۇدا : «يەرھەمۇكەللاھ »
فەرىشتەلەر دېدى : «ئەي ھەق تەئالا ،
قىلىپ ئادەمگە مۇنداغ لۇتفى ئەئلا .
قىلىپ قۇللۇق ساگا قىلدۇق ئىنائەت ،
كى بىزگە قىلمادىڭ مۇنداي ئىنايەت .
قىلىپمىز بەندەلىك تەسبىھ ئوقۇبان ،
دەۋامى بەندەلىكنى قىلىبان .
ھەنۇز ئادەم سېنى ياخشى تانۇماي ،
ئىبادەت ئەيلەمەي قۇللۇقنى قىلماي .
دېدى ئول بىر سەنا قىلدىڭ ئىجابەت ،
قىلىپ ئادەمگە رەھمەت بىنىھايەت» .
دېدى ئەللاھتەئالا : « ئەي فەرىشتە ،
تەمامى زاھىرى خۇدبىن سەرىشتە .
كى بۇ ئادەم ئۈچۈن ئالەم ياراتتىم ،
مۇنى مەن بارچەدىن ئەفزەل ياراتتىم .
فەرىشتە ، جىن ، پەرىيۇ جۇملە ئالەم ،
ياراتتىم بارچە ئون سەككىز مىڭ ئالەم .
بارى مەخلۇقلاردىن فازىل ئەتتىم ،
ئۆزۈمنىڭ رەھمەتىگە شامىل ئەتتىم .

قىلىپ لۇتفۇ ئىنايەت ئادەمگە ،
مۇنىگدەك قىلمادىم مەن ئۆزگەلەرگە .
ياراتتىم بارچە مەۋجۇداتنۇ مەخلۇق .
بۇ ئادەمدە بارى ئۆزگەسىدە يوق .
ياراتتىم بارچە مەۋجۇداتى ئالەم ،
تۇفەيلى ئادەمنۇ فەرزەندى ئادەم .
ياراتتىم مەن جەھاننى ئادەمگە ،
جەھاننى جىلۋەگەر قىلدىم ئۆزۈمگە ،
كى مەخلۇقات ئارا ھەم بەرگەزىدەم ،
كى بۇ ئادەم يەنە فەرزەندى ئادەم .
كى تاتماي بەندەلىكنىڭ لەززەتىنى ،
تانۇپ ئايىتسا ماڭا ھەمدۇ سەنانى .
نەچۇك قىلماي ئاڭا رەھمۇ ئىنايەت ،
ئەتا قىلدىم ئاڭا خىلئەت ئىجابەت .»
خۇدا ئايدىكى بۇ رازى رەمۇزنى :
«دېدىڭلەر ئەي فەرىشتەلەر بۇ سۆزنى .
كى بۇ ئادەمدە فەرزەندان بولۇرلار ،
كى بىفەرمانۇ خۇنرىزان بولۇرلار .
ئىشىتكىن بەندەلەرگە ، ئەي فەرىشتە ،
بېرىپ ئادەمگە مەن نەچچە نېمەرسە .
كى ئادەمگە يېمەك ـ ئىچمەكنى بەردىم ،
ئىكىنچى نەفس ئىلە شەھۋەتنى بەردىم .
ئۈچۈنچىسى ھەۋاۋۇ ھىرس چەندان ،
بېرىپ تۆرتىنچىسى ۋەسۋاسى شەيتان .
سىلەرگە بەرسەم ئېردىم گەر بۇلارنى ،
سىلەر ھەم قىلغاي ئېردىڭلار گۇناھنى .
كۆرەرسىزلەر بىھىشتۇ دەۋزەخ ئوتىنى ،
ئالۇرسىزلەر ئۇلاردىن ئىبرەتىنى .
مېنىڭ بەندەلەرىم كۆرمەي بۇلارنى ،
ماڭا كەلتۇرۇر ئىمان غايىبانى » .
خۇدا مۇنداغ ئىرادە قىلدى تەقدىر ،
فەرىشتەلەر قويۇبان ئۆزرـ تەقسىر .
كۆرۇپ ئادەمدە رەھمەت خىلئەتىنى ،
مۇبارەك بادغە ئاچتى تىلىنى .
بېرىپ ئادەمگە ئانداغ جانۇ ئىمان .
ئۆزىن ئۆزى قىلىپ ئادەمدە پىنھان .
قىلىپ مۇئمىنلار كۆڭلىن تەختگاھى .
ئۆزىگە قىلدى ئاندا جىلۋەگاھى .
كەل ئەي . ئادەم ئۆزۈڭ فەزلىنى بىلگىل .
خۇدا ئالدىدا ئىززەت ھۆرمەتىڭ بىل .
ئەزىز ئەتمىش سېنى فەرزەندى ئادەم .
ئۆزۈڭنىڭ ئىززەتىنى ساقلا . ئادەم .
كېچە ـ كۈندۈز خۇدا يادىدا بولغىل ،
خۇداغە بەندەسەن بەندەچىلىك قىل .
خۇدايىڭ ئەمرى فەرمانىدا بولغىل ،
خۇدا دەرگاھىغە شايىستە بولغىل .
ئۆزۈڭنى پاك تۇت ئەي ئادەمى خاك ،
گۇناھدىن پاك ئۆزۈڭنى قىلمە ناپاك .
سەلاھى ، قىلمادىڭ فەرمانىنى سەن ،
كى تۇتماي ئەمرىنى ئەرتە نە دەرسەن .
گۇناھىم كۆپتۇر ئەمما تائەتىم يوق ،
قۇلىدۇرمەن ۋەلېكىن خىزمەتىم يوق .
ئىلاھا ، سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ئۇمىد ،
سېنىڭكى دەرگاھىڭدىن يوقتۇر نەۋمىد .
خۇدانىڭ رەھمەتى ئۇمىدى بەسدۇر ،
خۇدانىڭ دەرگاھى نەۋمىد ئەمەسدۇر .
سەلاھى ، پىشە تۇت خەۋفى رىجانى ،
ئۇمىد ئەت قورقۇبان ياد ئەت خۇدانى .

## خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ئادەمگە فەرىشتەلەرنى سەجدە قىل دەپ ئەمر قىلغانى ، ئەزازىل سەجدە قىلماي گەردەنىغە تەۋقى لەئنەت تۈشكەنى ، ئەزازىلنى شەيتان قىلىپ دەرگاھىدىن قوغلاغانى

خۇدا ئايدى : «فەرىشتەلەر بىلىڭلار ،
خەلىفەمدۇر مۇڭا سەجدە قىلىڭلار .»
بولۇپ ئادەمگە رەھمەتدىن سىرىشتە ،
كى سەجدە قىلدىلار بارچە فەرىشتە .
ئەزازىل سەجدە قىلماي بولدى شەيتان ،
دېدى تۇفراق ئول ، مەن نۇرى ئىمان .
كى تۇشتى گەردەنىغە تەۋقى لەئنەت ،
كى لەئنەتكەردە بولدى تاقىيامەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرىشتەلەر كۆرۈپ شۇكرانە قىلدى ،
كى ئادەمگە دۇ بارە سەجدە قىلدى .
پەرىشتەلەر قىلىبان سەجدە بۇ بەس ،
قىلىپ سەجدە بارى ئىللاۋۇ ئىبلىس .
كى سەجدە قىلمادى ئادەمگە ئىبلىس ،
قىلۇر ئادەمگە يۈزمىڭ مەكرى تەلبىس .
خۇدا ئايدىكى : «ئەي بەدكار شەيتان ،
سۆزۈم سەن تۇتمادىڭ بۇ ئەمرى فەرمان .
بۇيۇردۇم سەجدە قىل ئادەمگە دەپ مەن،
نە دەپ ئادەمگە سەجدە قىلمادىڭ سەن .
مۇنى بىلگىلكى ئادەمدۇر خەلىفەم ،
پەرىشتەلەردىن ئارتۇق بەرگەزىدەم .»
دېدى شەيتان : «مېنى نۇردىن ياراتتىڭ ،
كى بۇ ئادەمنى تۇفراقدىن ياراتتىڭ .
كى تۇفراق نۇر بىرلە تەڭ بولۇرمۇ ؟
ئاڭا مەن سەجدە قىلماقىم رەۋامۇ ؟»
خۇدا ئايدىكى : «ئەي شەيتانى مەلئۇن ،
كى خۇدبىنلىق قىلىپ بولدۇڭ دىگەر گۇن .
سېنى مەن راندەئى دەرگاھ قىلدىم ،
پەرىشتەلەر قاتارىدىن چىقاردىم .
كى خۇدبىنلىق قىلىپ ئەمرىمنى تۇتماي ،
كى بىفەرمانلىق قىلدىڭ چۇ خۇدراي .
مېنىڭ ئەمرىمنى گەر تۇتماسا ھەر قۇل ،
مېنىڭكى دەرگەھىمدە ئاڭا يوق يول .
كى خۇدبىنلارۇ بىفەرمانلارغە ،
تەكەببۇر ئەيلەگەن گۇمراھلارغە .
مېنىڭكى رەھمەتىم ئىشكى يىراقدۇر ،
كۆرەلمەس ھەم جەمالىمدىن يىراقدۇر .
يىراق قىلدىم سېنى مەن دەرگەھىمدىن ،
ساڭا يوقتۇر نەسىبە رەھمەتىمدىن .»
دېدى شەيتانكى : «قىلغان تائەتىمنىڭ ،
ماڭا ئەجرىمنى بەرگىل ، ھەر نە بارىڭ» .
خۇدا ئايدىكى : «ئەي شەيتانى بەدكار ،
كى بەردىم ئەجرىنى نە مەقسەدىڭ بار ؟»
دېدى شەيتان : «ئاتىم ئەزازىل ئېردىم ،
كى مەشھۇر ئېردى زاتىم ھەم سىفاتىم .
پەرىشتەلەر قىلىپ ئىززازۇ ئىكرام ،
ئوقۇبان ئىلمىمىزدىن سۇبھۇ شام .
كى بۇ ئادەمگە سەجدە قىلماغاندىن ،
مېنى مەردۇد قىلدىڭ دەرگەھىڭدىن .
سەبەب ئادەم بولۇپ بولدۇم گۇنەھكار ،
كى بۇ ئادەمگە گىنە ئاچچىغىم بار .
مېنى قىلغىل مۇسەللەت ئادەمگە ،
ئالۇرمەن ئىنتىقامىم ھەر كۈنگە .
خۇدا ئايدىكى : «بەردىم مەقسەدىڭنى ،
نە قىلغۇڭ راست ئايغىل بەندەلەرنى .»
دېدى شەيتانكى : «ئادەم بارۇ مەن بار ،
ئېرۇرمەن دۇشمەنۇ ھازىرۇ تەييار .
كىرىبان پوستىغە ۋەسۋاس قىلۇرمەن ،
ئانى مەن راھى راستدىن ئازغۇرۇرمەن .
زەلالەت يولىغە باشلارمەن ئانى ،
سەۋابلىق ئەسلا قىلدۇرماسمەن ئانى .
ھەر ئادەمنىڭكى كۆڭلىگە كىرۇرمەن ،
كى ئۈچ يۈز ئاتمىش ھەملە قىلۇرمەن .
نەچە تۈرلۈك گۇنەھلەر قىلدۇرۇرمەن ،
ئانىڭ ئىمانىغە ھەم قەسد قىلۇرمەن .»
خۇدا ئايدىكى : «ئەي شەيتانى مەردۇد ،
ئەگەر بولسە سېنىڭدە ئۇشبۇ مەقسۇد .
كى ھەر مۇئمىننىڭ كۆڭلىگە كۈندە ،
باقارمەن ئۈچ يۈز ئاتمىش رەھمەتىمدە .
ئەتا قىلسام ئاڭا ئىمانى ھەمراھ ،
نەچۈك ئالغايسەن ، ئەي شەيتانى بەدخاھ .»
ئىشىتىپ بولدى شەيتان ئاندا مەئيۇس ،
كى شەيتاندۇر ئانىڭدا يوقتۇر نامۇس .
ئىشى ئادەمنى ئازغۇرماقدا ئانىڭ ،
ئۆزىنىڭ قەيدىغە ئالماقدا ئانىڭ .
كەل ئادەم ، كىرمە شەيتاننىڭ يولىغە ،
ئۆزۈڭنى ساقلاغىل كىرمە كويىغە .
كەل ئادەم ، بولماغىل شەيتانغە تابىئ ،
سېنىڭ قەسدىڭدەدۇر رەھزەندە قاتىئ .
ساڭا شەيتانكى دۇشمەندۇر قەدىمى ،
ئەئۇزۇبىللاھى شەيتاننىڭ رەجىمى .
تىلەر ، يا رەب ، سەلاھى ، ئەي ئىلاھى ،
كى شەيتان شەررىدىن بەرگىل پەناھى .
«ئەنا خەيرۇن » دېدى شەيتانى بەدكار ،
خۇدانىڭ ئالدىدا بولدى گۇنەھكار .
ئانىڭ جايى ئىدى ئالتىنچى ئاسمان ،
تەكەببۇر ئەيلەگەندىن بولدى شەيتان .
تەكەببۇرنى كۆرۈڭ شەيتان قىلىپدۇر ،
ۋەلى سىز قىلماڭىز كىبرى تەكەببۇر .

تەكەببۇر بولماغىل ، بولغىل مۆلايىم ،
ھەلىم ئولغىل كىشىگە قىل مۆلايىم .
مەنىيەت قىلماغىل ئۇجبۇ تەكەببۇر ،
تەكەببۇر ئەيلەگەن نەفسىڭنى سىندۇر .
مەنىيەت قىلدى شەيتان بولدى مەردۇد ،
ئانى دەرگاھىدىن رەد قىلدى مەئبۇد .
شىكەستە ھال ئولۇپ ئادەمگە بول جىنس ،
تەكەببۇر ئەيلەگەن شەيتانغە ۋارىس .
تەكەببۇر بىلكى شەيتاننىڭ فەئالى ،
خۇش ئول ئادەمگەدۇر شىكەستە ھالى .
خۇدايىم دوست تۇتار شىكەستەلەرنى ،
نەچۈككىم دوست تۇتتى ئۇشبۇ يەرنى .
ئۆزىنى بارچەدىن كەم تۇتقانىدىن ،
ياراتتى ھەزرەتى ئادەمنى يەردىن .
ئاتاڭ يەر بولسە سەن يەردەك قىلىق قىل ،
ئۆزۈڭنى پەست تۇتۇپ شىكەستەلىك قىل .
تەكەببۇر قىلماغىل مائۇ مەنىيەت ،
تەۋازۇئ ئەيلەگىل ئۆزۈڭنى كەم ئەت .
جەھاندا ئۆزنى كەم تۇتقان ئەرەنلەر ،
كىرىپ يولغە سەلامەت ھەم ئۆتەرلار .
تەكەببۇر ھېچ ئادەمگە ياراشماس ،
تەكەببۇر فىئلى بەد ھېچ مۇندىن ئۆتمەس .
ئەگەر قۇلسەن خۇداغە بەندەلىك قىل ،
خۇدا يادىدا بول شىكەستەلىك قىل .
سەلاھى بارىدىن كەم تۇت ئۆزۈڭنى .
ئۆزۈڭنى بىل ئۆزۈڭ ئىشت سۆزۈڭنى .

**خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بىھىشتكە كىر دەپ ئەمر قىلغانى ، بىھىشت نىئمەتىنى يېگىل ، بۇغداينى يېمەگىل ، دەپ نەھيى قىلغانى ، خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ھەۋۋانى بىھىشتە ئافرىدە قىلغانى ، ھەزرەتى ئادەمنىڭ ھەۋۋا بىلە بىھىشتە تويى بولغانى**

كىرىبان رۇھ ئادەمنىڭ تەنىگە ،
قوپۇبان تەبرەپ ئادەم يۇرمەككە .
خۇدا ئەمر ئەتتى ئادەمنى بىھىشتكە ،
بىھىشنىڭ ھۇللە تاجىنى كىيىشكە .
«بىھىشتكە كىر گىلۇ ھەم نىئمەتۇ ناز» ،
خۇدا ئادەمگە ئايدى ئەيلەپ ئىئزار .
خۇدا ئەمرى بىلە ئادەم بىھىشتە ،
يۇرۇپ بىر نەچچە كۈن نىئمەت يېيىشدە .
«يېگىل ، ئادەم ، بىھىشتىنىڭ نىئمەتىنى ،
يېمەگىل ئولكى بۇغداي نېئمەتىنى» .
يۇرۇپ ئادەم قىلىپ جەننەتدە جەۋلان ،
يېدى ئالۋان نىئمەتلەرنى چەندان .
بىر ئادەم يالغۇز ئول سەككىز بىھىشتدە ،
نەچە كۈنلەر يۇرۇپ جەننەت ئىچىندە .
ئۆزىگە تاپمادى ھەمجىنس ئەھال ،
بولۇپ كۆڭلى مەلۇلۇ ئەقلى ھەم لال .
دېدى ئادەمگە بىر كۈن ھەق تەئالا :
«ياراتسام قۇدرەتىمدىن بولسا پەيدا ،
ياراتسام جۇفت بىر لايىق ساڭا مەن ،
ياراتسام دەرمەن ، ئەي ئادەم ، نە دەيسەن ؟»
دېدى ئادەمكى : «قۇدرەتلىغ خۇداسەن ،
نە ھەد مەندىن نە ئىمكان پادىشاھسەن .
ئىنايەت ئەيلەبان لۇتفۇ كەرەمدىن ،
ماڭا قىلساڭ ھەرەم بىر مۇھتەرەمدىن » .
يەنە ئادەمكى بىر كۈن ئۇخلاغاندا ،
ئالىبان چەپ يانىدىن بىر قەبۇرغا ،
ياراتتى بىر قەبۇرغادىن ھەۋانى ،
ھەۋاغە بولدى ئادەم مېھرىبانى .
كى ئادەم ئويغانىپ كۆردى ھەۋانى ،
تۇتاشىپ ئەندەكى ئوت ، كۆيدى جانى .
قوپۇپ ئادەم ھەۋا يانىغە باردى ،
ھەۋا ھۇسنى جەمالىغە قارادى .
كۆرەر بىر نازەنىن رەئناۋۇ زىبا ،
بولۇپ ئادەم ھەۋا ئىشقىدا شەيدا .

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ئادەم ھەۋاغە مەيل قىلدى .
قويۇپ قاچتى ھەۋا ئادەمدىن ئاندا ،
سۇرۇپ قوغلاشىپ ئادەم يەتتى ئاندا .
ھەۋا ئانداغ قاچىپ ئادەم قاشىدىن .
يۈگۈرۈپ يەتتى ئادەم ئارقەسىدىن .
ياتىپ ئاندا ھەۋا جەننەت تۈزىگە ،
كۆرۈنمەي ئاق ـ قارا ئادەم كۆزىگە .
تۈشۈبان زەۋقى شەۋق ئول بىنەۋاغە ،
ئۈزاتىپ قولنى ئادەم ھەۋاغە .
تۈشۈپ ئادەمگە ئىشقى بىقەرارى ،
كى قالماي تاقەتى سەبرى قەرارى .
ھەۋانىڭ باغى گۈلزارىغە كىرگەي ،
كىرىپ گۈلزارىدىن بىر غۇنچە ئۈزگەي .
غەرەز گۈل غۇنچەسىن قىلغاي شىكۇفتە ،
قىلۇرغە لەئلى مەرجاننى سىفتە .
ھەۋاغە چىرماشىبان ئاندا ئادەم ،
ياتىبان ، كەلدى جىبرىئىل ئوشۇل دەم .
دېدى جىبرىئىل ئادەمگە ئوشۇلدەم :
«ھەۋادىن يىغ قولۇڭ ، بىسەبىر ئادەم .
نىكاھ قىلماي ھەۋا نامەھرەم ئادەم ،
نىكاھ قىلغاندا نامەھرەمدۇ مەھرەم» .
ئەزىز ئەيلەپ بۇ ئىككى بەندەسىنى ،
تاپىپ چۇ بەندەۋۇ يا بەندەسىنى .
ھەۋا ئادەم تويىكىم بولدى ئەنگىز ،
ئەجەب تويدۇر كى ئاخىر شۇرئەنگىز .
ھەۋانىڭ بولدى ئادەم بىرلە تويى ،
تۈتۈپ جەننەت ئىچىنى ھايى ھۇيى ،
بولۇپ ئادەم تويى سەككىز بىھىشتدە ،
يىگىت قولداش مۇقەررەب تۆرت فەرىشتە .
فەرىشتەلەر چىكىپ ھايھۇي يۈلەننى ،
تۈتۈپ بۇ غۇلغۇلە پەستۇ بەلەننى .
ھەۋا قاشىدا ھۇرلەر قىچقارىپ چىلىڭ ،
بولۇپ ئىشقى ھەۋەس كۆڭلى ھەۋانىڭ .
ئىچىپ ئادەم شارابۇ ئەنتەھۇرى ،
بولۇبان ئىشقىنىڭ مەستى زۇھۇرى ،
قويۇپ تۈتتى ئاياق مىكائىل ئاندا ،
ئىچىپ ئادەم شەرابى ئول زەماندا .
ئاياق تۇت دەپ بۇيۇردى جىبرىئىلنى ،
قوشۇپ كەۋسەر سۇيىغە سەلسەبىلنى .
تۈتۈپ ھەم جىبرىئىل كەۋسەر ئاياقى .
بولۇپ ئانداغكى مەجلىس تۇمتەراقى .
كى ئىسرافىل چالىبان نەغمەئى سۇر ،
سەمائۇ رەقس ئويناپ ئويناشىپ ھۇر .
ئالىپ مىكائىل ئاندا قولغە دافنى ،
ئېيتىبان ھەر زەمان ھايھۇي يۈلەننى .
چىكىپ ئەزرائىل ئاھەڭگى نەۋادا ،
غەزەلخانلىق قىلىپ بۇلبۇلدەك ئاندا .
فەرىشتەلەر ھەممە بارەندەلىكدە ،
كى ھۇرلار جىلۋەدە نازەندەلىكدە .
بولۇپ توينىڭ نىكاھى ۋەقتى سائەت ،
قىلىپ ئەللاھ تەئالا ئۆزى نىسبەت .
قىلىپ نىسبەت ھەۋانى ئادەمىغە ،
جەھان بولدى ھەۋانىڭ كابىنىغە .
ھەۋانىڭ بولدى ئادەمگە نىكاھى ،
بولۇبان شادماندىن تاپماي ئاھى .
ھەۋا ئادەم قوشۇلدى بىر ـ بىرىگە ،
كىرىپ ئەيشى فەراغەتنىڭ يېرىگە
كى بولدىلار ھەۋا ئادەم بىلە جۇفت ،
بىھىشت نېئمەتلەرىنى يېدىلەر خۇب .
بولۇپ ئادەمگە بۇ ئەيشى سۇرۇرى ،
بۇ خۇش ۋەقتلىقغە يوق بولماق غۇرۇرى .
نەلەر تۈشتى كۆرۈڭ ئادەم باشىغە .
ئىچىڭگە تولۇبان ، تاشقاي تاشىغە ،
كۆڭۈل خۇشلۇقىنىڭ ئارقاسى غەمدۇر ،
غەمىنىڭ ئارقاسى دەردۇ ئەلەمدۇر .
كى شادى غەمدە ياد ئەتكىل خۇدانى ،
شۇكر قىلساڭ بېرۇر ھەم شادلىقنى .

## ھەزرەتى ئادەم بۇغداي يېگەنلەرى ، بېھىشتنىڭ ھۆللە تاجى بۇزارىدىن كېتىپ بەرەھنە قالغانلارى ، بېھىشتنىڭ دەرەختلەرىدىن بەرگ تىلەگەنلەرى ، ئەنجۈر بەرگىنى پۇشىش قىلغانلارى ، خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنى بۇ دۇنياغا چىقارغانى

ھەۋا ئادەم بىلە نەچچە زەمانلار ،
بېھىشتتە يۈردى ئىككى مېھرىبانلار .
ھەۋا كۆردىكى بۇغداي جىلۋەسىنى ،
دېدى : «يەرمىز بۇ بۇغداي دانەسىنى .»
دېدى ئادەم ھەۋاغە: «ئىككىلەمىز ،
خۇدا نەھيى ئەيلەگەن بۇغداي يېمەسمىز .»
ھەۋا بىر كۆن خۇدانىڭ تەقدىرىدىن ،
يېدى بۇغداينى زەۋقىنىڭ بارىدىن .
ئۆزى يەپ كەلتۈرۈپ ئادەمگە بۇغداي ،
يېگىل ھەم سەن تولا ئەندىشە قىلماي ،
دېدى ئادەم : «نە دەپ كەلتۈردىڭ ئانى ،
نەچۈك يەرمەن خۇدا نەھيى ئەيلەگەننى .»
ھەۋا ئايدى : «ئايا ئەي ، بۇ ئالىبسەن ،
يېدىم بۇغداينى مەن ھەم ، سەن يېگەيسەن .»
كىرىپ پوستىغە ئادەمنىڭكى شەيتان ،
قىلىپ شەيتان ھەم ۋەسۋاسى چەندان .
نە قىلسۇن ئادەمى بىچارە خاكى ،
يېگەي ئادەم بۇ بۇغداي سىنە چاكى .
يېدى بۇغداينى بىر كۆن ئادەمى خاك ،
ئوشۇل كۆن پاك ئۆزىنى قىلدى ناپاك .
كېتىپ تاجى باشىدىن ، ھۆللە تەندىن ،
جۇدالىق تۈشتى تەختى ھەم ۋەتەندىن .
بولۇپ ھەيران بەرەھنە قالدى ئادەم ،
كى بولدى ئول كۆنى ئادەمغە ماتەم .
قالىپ ئادەم ئۆزى ھالىغە ھەيران ،
يېگەن بۇغدايغە قىلدى مىڭ پۇشەيمان .
كى باردى ھەر دەرەختنىڭ قاشىغە ،
تىلەدى بەرگ سەترى ئەۋرەتىغە .
دېدى ئادەم : «بېھىشتلارنىڭ دەرەختى ،
بېرىڭ پۇشىش قىلۇرغە بىزگە رەختى .»
دەرەختلەر ئايدى : «كەلمە قاشىمىزغە ،
ئۈمىد ئەتمە بىزىڭ قولداشىمىزغە .
قىلىپ تەگرىگە بىفەرمانلىق ئادەم ،
كى بەرمەسمىز ساڭا بىر بەرگىنى ھەم .»
كى بەرمەي بەرگ ئادەم قالدى ئۆريان .
ئۆزىنىڭ ھالىغە ھەيرانۇ گىريان .
كى ئادەم كۆڭلى ئانداغ خەستە بولدى ،
دەرەختلەر قاشىدىن نەۋمىد ياندى .
قارا كۆڭلەر تۈشۈپ ئادەم باشىغە ،
پەرىشان ھال كېلىپ ئەنجۈر قاشىغە .
دېدى ئەنجۈرگە : «بىزگە بەرگ بەرگىن ،
سېنىڭ بەرگىڭنى مەن پۇشىش قىلايىن .»
دېدى ئەنجۈر : «كەل ، ئادەم ، بەرگ ئالغىل ،
ئالىپ بەرگىم ئۆزۈڭگە پۇشىش ئەتكىل .»
سۆيۈنۈپ ئالدى ئەنجۈر يافراغىنى ،
قىلۇرغە سەترى ئەۋرەت ياپماغىنى .
ئالىپ يافراقنى ئادەم قىلدى پۇشىش ،
ئۆزىن پۇشىش قىلۇرغە قىلدى كۆشىش ،
خۇدا قىلدى خىتاب ئەنجۈرگە ئول دەم :
«نە دەپ بەرگىڭنى بەردىڭ سەن بۇ ئادەم ؟»
دېدى ئەنجۈر : «خۇدايا ، سەن بىلۈرسەن ،
نەكىم ھۆكم ئەيلەسەڭ ئانداغ قىلۇرسەن .»
دېدى ئەنجۈر : «ئىلاھا ، كىردىگارا ،
كەرەملىك پادشاھسەن بىرۇبارا .»
دېدى ئەنجۈر : «قىلىپ رەھم ئادەمگە ،
نەزەر قىلدىم مەن ئەۋۋەلقى ھالىغە .»
دېدى ئەنجۈركى : «ئەي ، دانەندەئى راز ،
ياراتۇرمەن دەپ ئادەم قىلدىڭ ئاغاز .
ماڭا ئول ئادەمى بولغاي خەلىفە ،
ئانىڭ فەرزەندى بولغاي بەندەزادە ،
يېقىن دوستۇم بولۇر دەپ قىلدىڭ ئىززاز ،
ياراتماسدىن بۇرۇن قىلدىڭ سەرەفراز .
ئەزىز ئەتكەن قولۇڭنى ئىززەت ئەتتىم ،
تىلەدى يافراغىم ئادەمگە بەردىم .»
خۇدا ئايدىكى ئەنجۈرگە ئوشۇل دەم :
«سېنى قىلدىم دەرەختلەرگە مۇئەززەم .

www.uyghurkitap.com

يېسە ھەركىم سېنىڭ مېۋەڭنى ھەر بار ،
سەۋابى بىنىھايەت تاپسۇ بىسيار .
كى مېۋە ئاراسىدا غەللە غەش بار ،
ساڭا بەردىم ۋەلېكىن نەفئ بىسيار .»
ئىشىتىپ بۇ خىتاب ئەنجۇر بولۇپ شاد ،
بولۇپ مېۋەسى غەللە غەشدىن ئازاد .
كى جىبىزى ئىختىيارى بار ئىدى ھەم ،
كى تەقدىر مۇنداغ ئېردى يازدى ئادەم .
خۇدادىن بولدى فەرمان ئادەمگە ،
ھەۋا ئادەم بۇ ئىككى جەننەتگە :
«بېھىشتىدىن چىق بارىپ دۇنيادا ئولتۇر ،
بۇ بىفەرمانلار جايى ئەمەستۇر ...!»
گۇناھكار ئەيلەبان ئىككى قۇلنى ،
چىقاردى دۇنياغە جەننەت گۈلنى .
قىلىبان تەۋبە ئىستىغفار ئادەم ،
جەھان باغى بولۇپ ئادەمگە ماتەم .
مۇناجات ئەيلەبان يۈردى جەھاندا ،
ھەمىشە ئەيلەبان يوقتۇر ئەماندا .
كېچە كۈندۈز يىغىيۇ زارى بىرلە ،
يۈرۈپ يىغلاپ دىلىيۇ جانى بىرلە .
كېچە كۈندۈز يۈرۈپ يىغلاپ ھەمىشە ،
يىغى زارىدىن ئۆزگە يوقتۇ پىشە .
يۈرۈپ يىغلاپ ئادەم ئالماي ئارام ،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ سۇبھى ھەم شام .
تۆشۈپ كۆكلىگە ئانىڭ سىيم ئىلە تەرس ،
كېچە كۈندۈز يىغىنى قىلمادى پەست .
بولۇپ ئانداغ يۈزىدىن كەتتى رەڭ رۇي ،
يۈزىدىن ئاقتى كۆز ياشى بولۇپ جۇي .

نەچە يىل يىغلابان شىكەستەلىكدە ،
باشىن سالىپ تۆبەن شەرمەندەلىكدە ،
خۇداغە يىغلاپ ئادەم قىلدى زارى ،
ئاقىپ ياشى كۆزىدىن بولدى جارى .
ئۇچۇپ بارۇر ئىدى بىر جەمئ قۇشلەر ،
كۆرەر بىر سۇ ئاقار خۇشبۇچۇ ئەنبەر .
كېلىبان جانۋەرلەر يەرگە تۈشتى ،
كى ئادەم ياشىنى ھەر قايسى ئىچتى ،
ئىچىپ ئادەم ياشىنى جانۋەرلەر ،
«مۇنىڭدەك سۇنى ئىچمەدۈك» دېدىلەر .
دېدى جانۋەر ئىچىپ مۇنقارىنى تەر :
«ئەجەب شىرىن سۇدۇر يا شەھدۇ شەككەر .
بۇيىكىم مۇشكدىن خۇش بۇي تۇرۇر ،
بۇ سۇ شىرىنلىقى شەھدۇ شەكەردۇر »
ئىچىبان جانۋەرلەر قىلدى خەندە ،
دېدى : «مۇنداغ سۇ ئىچمەدۈك جەھاندە .»
دېدى ئادەم : «ئىلاھا ، كىردىگارا ،
رەھىما قادىرا پەرۋەردىگارا ،
بۇ بەندەڭ ھالىغە رەھم ئەت ئىلاھىم ،
مېنىڭكى سەندىن ئۆزگە يوق پەناھىم .
ئۇچار جانۋەر مېنىڭ ياشىمنى ئىچتى ،
باقىبان بىر بىرىسىگە كۈلۈشتى .»
غەرىب ئادەم خۇداغە ئايدى بۇ راز ،
قۇلاقىغە كېلىپ ھاتىفدىن ئاۋاز :
«شىكەستەلەر كۆزىنىڭ ياشى خۇشتۇر ،
نەدامەت قىلغۇچىلار ياشى خۇشتۇر .»
خۇدادىن بۇ نىداكىم بولدى سادىر ،
بولۇپ ئادەمغە ھەم تەسكىن خاتىر .

**ھەزرەتى ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادە يىغلاپ يۈرگەنلەرى ، بىر كۈن ئاسمانغە باقىپ ئەرشنى كۆرگەنلەرى ، ئەرشدە ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتالارىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالغانلارى ، مۇھەممەد رەسۇلۇللاھنى شەفئ كەلتۈرۈپ ، خۇدايى تەئالا گۇناھلارىنى ئۆتكەنلەرى**

كى يىغلاپ دۇنيادا بەش يۈز يىل ئادەم ،
باشىن يۇقارىغە قىلماي ، تۇتۇپ شەرم .
باشىن بىر كۈن كۆتەرىپ يوقارىغە ،
بەناگاھ باقتى ئول ئاسمان سارىغە .

باقىپ يۇقارى كۆردى ئەرشى ئەئزەم ،
پۈتۈكلۈك كۆردى بىر ئىسمى مۇئەززەم .
پۈتۈكلۈك ئەرشدە كۆردى «مۇھەممەد . »
خۇدا ئاتى بىلە بىرگە مۇھەممەد .

كۆرۈپ مۇنداق قالىپ ھەيرەتتە ئادەم ،
نەچۈك زاتى ئىكەن مۇنداغ مۇئەززەم .
ئىدا كەلدى قۇلاقىغە ئۇشۇل دەم ،
«نە دەپ ھەيرەتتە قالدىڭ بىلگىل ، ئادەم .
سىنىڭ نەسلى ۋۇجۇدۇڭدىن مۇھەممەد ،
بولۇر پەيدا ئاتى بولغاي مۇھەممەد .
كى ئۇ پەيغەمبەرى ئاخىرى زەماندۇر ،
سىنىڭ بىزنىڭكى ئۇل شاھى جەھاندۇر .
بۇ ئالەمنى سىنى ئادەم تۆرەتتىم ،
مۇھەممەدنىڭ تۇفەيلىدىن ياراتتىم .
مۇھەممەد بولماسا مەقسەد جەھاندا ،
ئۆزۈمنى قىلماس ئىردىم ئاشكارا . »
ئىشىتىپ بۇ خىتاب ئادەم ئۇشۇل دەم ،
غەمى كەتتى بولۇبان شاد خۇررەم .
«گۇنەھكار تەۋبە ئىستىغفار قىلماق ،
شەفىئ ئەتمەككە مۇندىن يوقتۇر ئىراق .
مۇھەممەدنى شەفىئ ھەم كەلتۈرەيىن ،
ئۆزۈم قىلغان گۇناھىمى تىلەيىن » .
ئىشىتىپ ئادەم ئۇلدەم بولدى خۇشھال ،
مۇھەممەدنى شەفىئ كەلتۈردى دەرھال :
«ئىلاھا ، ئۇل مۇھەممەد ھۆرمەتىدىن ،
مىنىڭ ، يارەب ، گۇناھىمنى كۆچۈرگىن . »
خۇدا ئايدىكى : «ئەي ئادەم ئاتاسى ،
مۇھەممەد دوستۇمنىڭكى باباسى .
مۇھەممەدنى شەفىئ كەلتۈرگەنىڭدىن ،
گۇناھىڭنى كەچۈردۈم يىغلاماغىن . »
ئىشىتىپ بۇ ئىدانى ئادەمزاد ،
تاپىپ ئۇلدەم فەرەھ كۆڭلى بولۇپ شاد .
بولۇپ ئاندا يەنە خۇشھالۇ خۇررەم ،
ئۇشۇلدەم كەتتى كۆڭلىدىن ئانىڭ غەم .
مۇبەددەل بولدى غەمدىن شادلىقنى ،
بۇزۇلغان كۆڭلى ھەم ئابادلىقنى .
«زەلەمنا رەببەنا» دەپ ئادەمى خاك ،
گۇناھىدىن خۇدا قىلدى ئانى پاك .
كى ئادەم تەۋبەسىنى قىلدى مەقبۇل ،
ياشنى تۆككەنىدىن قىلدى مەھسۇل .
كىچە ـ كۈندۈز خۇداغە بەندەلىك قىل ،
خۇداغە يىغلابان شىكەستەلىك قىل .
يىغا سەرمايەدۇر ئادەمگە بىلگىل ،
يىغا بىرلە خۇدا ئىشكىگە بارغىل .

يىغىنىڭ قەدرى باردۇر ھەق قاتىدا ،
ۋە لېكىن سىدقى بىرلە يىغلاغاندا .
يىغىدىن خالى بولما بىر زەمانى ،
خۇدانىڭ قەھرىدىن بەرگەي ئەمانى .
خۇدا يادىدا ھەركىم يىغلامىشدۇر ،
خۇدانىڭ غەزەبىن پەست ئەيلەمىشدۇر .
كى مۇنداغ يىغلاغان بولسە بابامىز ،
گۇنەھكارمىزكى بىز ھەم يىغلاغايمىز .
قالىپ مىراس بىزگە ئۇل ئاتادىن ،
گۇنەھكار بولماقىمىز ئۇل بابادىن .
خۇدا ئەمىر ئەتتى جىبرېئىلغە : «بارغىل ،
بىھىشتىن بۇغداي ئال ئادەمگە بەرگىل .
قوشارغە ئۇي بىلە بۇغداينى بەرگىل ،
دېگىل ئادەمگە بۇغداينى تارىغىل .
قوشۇپ ئۇينى ، تارىپ بۇغداينى ئۇلدەم ،
تارىپ يەر ئادەمى فەرزەندى ئادەم . »
خۇدادىن بولدى ئانداغ ئەمىر فەرمان ،
بىھىشتكە كىردى جىبرېئىل ئۇشۇل ئان .
ئالىپ بۇغداينى ، ئۇينى يەرگە تۈشتى ،
كى ئادەم بىرلە جىبرېئىل كۆرۈشتى .
بىھىشتدىن جىبرېئىل كەلتۈردى بۇغداي ،
دېدى : «تارىپ يېگىل بۇغداينى يىل ئاي .»
دېدى جىبرېئىل ئادەمگە : «نەدۇر ھال ،
ساڭا ئەمدى مۇشەققەت بولمىش ئەھۋال .
سالام ئايدى ساڭا ئەللاھ تەئالا ،
سىنى ئۇشبۇ جەھاندا قىلدى مەۋلا .
ساڭا بۇغداي بىلە ئۇينى ئىبەردى .»
تارىپ بۇغداي قىلىپ خىرمان ئېلىشنى ،
تارىشنى ئۆرگەتىپ بەردى تەمامى ،
كى جىبرېئىل يانىپ باردى مەقامى .
تۇرۇپ ئادەم بۇ بۇغداينى تارىشقە ،
تۇتۇپ قوشنى مۇشەقەتدىن ھارىشقە .
يېگەچ بۇغداينى چىقتى ئۇشبۇ ئالەم ،
مۇشەققەتنى تىلەپ ئۆزىگە ئادەم .
ئەگەر ئادەم يېمەسە ئىردى بۇغداي ،
بولۇر ئىردى بىزنىڭ سەككىز بىھىشت جاي .
قالىپ ئۆز نەفسىدىن مۇنداغ بەلاغە ،
كى بولمىش بۇ بەلا ئاتا ـ بالاغە .
كەل ، ئادەم بارمە نەفسىڭ خاھىشىغە .
يامان نەفسىڭنى قويما ئۆز باشىغە .

ھەمىشە قىلغاسەن نەفسىڭ خىلاپى ،
كى نەفسىڭ ئۆلتۈرۈپ بول كۆڭۈل سافى .
كۆچۈك يەتكۈنچە قىل نەفسىڭ بىلە ھەرب ،
قىلىپ ھەر كۈنلۈكى يەتكۈر ئاڭا زەرب .
نېتەيىن بىزگە تەقدىر مۇنداق ئېرمىش ،
بۇ دۇنيا بىۋەفادە ئۆمر ئۆتمىش .
ئىرادە مۇنداغ ئېرمىش بىزگە تەقدىر ،
مۇڭا ھېچ چارە يوقتۇر ھېچ تەدبىر .
خۇدا تەقدىرى ھەرگىز ئۆزگە بولماس ،
ۋۇقۇئغە كەلمەگۈنچە چارە بولماس .
خۇدانىڭ ھوكمى ئانداغ كەتمىش ئېردى ،
كى ئادەمنى بۇ دۇنياغە ئىبەردى .
يېدى ئادەمكى بىر بۇغداي دانە ،
بۇ دۇنياغە چىقارماقغە بەھانە .

## خۇدايى تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بۇ دۇنيادە بەرقەرار قىلغانلارى ، بۇ دۇنيايى غەددار ۋە كەجرەفتارۇ بەدكىردارنىڭ بەيانى

دېمەي ئادەمگە بۇ چۈنى چەرانى ،
خۇدا بىرلە قىلاي بۇ ماجەرانى .
ئاپا ئەي زۇلجەلالى ھەق تەئالا ،
جەھان باغىدا قىلدىڭ بىزنى پەيدا .
نەكىم ھوكم ئەتسەڭ ئادەمگە ھەكىمسەن ،
قارا يەرنى قىلىپ ئادەمگە مەسكەن .
سالىپ دۇنياغە بىزنى ، ئەي خۇداۋەند ،
بولۇپمىز نەفس سەركەش ئىلكىدە بەند .
بىزنىڭ ئۈچۈن قىلىپ دۇنيايى بۇنياد .
قىلۇرغە كۆھنە دۇنيايىڭنى ئاباد
جەھان باغىدا جىلۋەڭنى ئايتاي ،
سېنىڭكى قايسى بىر شىۋەڭنى ئايتاي .
سالىپ بىزنى جەھانى بىۋەفاغە ،
يامان غەددارۇ فانى بىبەقاغە .
كى بۇ دۇنيادا قىلدىڭ بىزنى پەيدا ،
كى ھەر باشغە بېرىپ باشقە سەۋدا .
بۇ سەۋدا بىرلە بىئارامدۇرمىز ،
گىرىفتارى بەلايى دامدۇرمىز .
سالىبان بىزگە مىڭ دىشۋارلىقنى ،
غەمۇ ئەندۇھۇ دىل ئازارلىقنى .
بەلىييەت تاشى باشدىن كەم ئەمەسدۇر ،
كۆڭۈلدە يوقتۇر خۇشلۇق ، غۇسسە غەمدۇر.
بۇ دۇنيا فەسلى دىل ئازارلىقنى ،
ھەمىشە خوي ئاڭا خۇنخارلىقنى .
بۇ دۇنيادۇركى بەدكەردارى تورى ،
تېگەر ھەر كۈن كىشىگە شەررى شورى .
بۇ دۇنيايى سەنەم بەدكىش ، بەد ئەندىش ،
ئىشى دائىم كۆڭۈلنى ئەيلەمەك رىش .
بۇ دۇنيادۇركى بىر جادۇيى مەككار ،
بەد ئەۋزاڭ فىئلى كەجرەفتار ، غەددار .
يىغار چەرخى فەلەكدىن مىڭ ھەۋادىس ،
بولۇر ھەر كۈن بىر ئۆزگە ئالەم ھادىس .
بۇ دۇنيا پىشەسى شورى شەئەبدۇر ،
بۇ كەجرەفتارلىق ھەردەم تەئەبدۇر .
تاپىلماس شادلىق غەمدۇر شۇئۇرى ،
پەرىشانلىق كىبلۇر يوقتۇر سۇرۇرى .
يارۇغلۇق يوق جەھان زۇلمانى تارى ،
بەلا ياغدۇرماق ئانىڭ كەسبى كارى .
بېرۇر دۇنيا ئەزىز جانلارغە ئازار ،
مۇنىڭدەك دۇنيادىن ئازار بىزار .
بولۇپ دۇنيادە مەغرۇر ئۆزۈمىزگە ،
خۇدانىڭ بەرگەنى مەغرۇر بىزگە .
نەچە يىل ئۆمرىمىز بار بۇ جەھاندا .
بولۇپمىز ئۆزىمىز نەفسىگە شەيدا .
بۇ دۇنيا دامىغە بولدۇق گىرىفتار ،
ئانىڭ ئىلكىدە بولدۇق زار ئەفگار .
فەلەك ئەيۋانىيۇ قەسرى رەۋاقى ،
بۇ دۇنيا بولمادى بىزلەرگە باقى .
تەلەپ ئولدۇر جەمالىڭنى تىلەرمىز ،
ئەبەس دۇنياغە مىننەتدار ئەمەسمىز .
قالىبدۇرمىز بۇ دۇنيانىڭ خەرابى ،
بۇ دۇنيايى خەرابىنىڭ خەرابى .
يۈرۈپ دۇنيادە يۈز ئەۋۋارەلىكدە ،
نەجىس دۇنيادا مىڭ ئالۇدەلىكدە .

بۇ دۇنيانى بىزلەك ئۈچۈن ياراتتىلەك .
مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جەننەت ياراتتىلەك .
غەرەز جەننەت ئەمەس كۆرمەكدە دىيدار ،
جەمالىلەك بىزگە كۆرسەت بىز خەرىدار .
كى مەقسۇد ئولدۇر دىيدارىلەك كۆرۇشكە ،
نە جەننەتكە كىرىپ هۇرنى سۆيۇشكە .
ئىلاها ، خالىقا ، دانايى مەئبۇد ،
بۇ دۇنيا ئىردىمۇ بىزلەرگە مەقسۇد ،
كى بىزدە بارمۇ مۇنداغ ئىختىيارى ،
كېلىپ دۇنياغە تاپقايىمىز قەرارى .
بولۇرسەن يوق بۇ ئىشدا بىزدە تەقسىر ،
سىنىڭكى تەقدىرىڭغە بارمۇ تەدبىر .
گۇۋاھىمسەن بۇ ئىشدا بىگۇناھىمىز ،
نەچە تۈرلۈك ئەگەر قىلساق گۇناھ بىز .
كى جۇزئى ئىختىيارى بىزدە بار دەپ ،
بۇ ۋەجھدىن بولۇپدۇرمىز مۇئەززەب .
ۋەگەر نە بىزدە نە چارە ، نە ئىمكان ،
بولۇر ئانداغ خۇدا تەقدىر قىلغان .
ئىرادەئى قەزا گەر هۇكم ئەتمەس ،
دەرەختدىن هىيچ بەرگى يەرگە تۈشمەس .
ئەگەر لۇتفۇ ئىنايەت قىلماسە هەق ،
مەلەك بولسا قارادۇر ئىككى ۋەررەق .

كى باردۇر دۇنيادا زىشتۇ قەبىهە ،
يەنە هەم باردۇرۇر خۇشرۇيي مەلىهە .
چىرايلىغ بولسا ئانداغكىم جەمىلە ،
كى قوخلۇق بولسا بىر پارە قەبىلە .
چىرايلىق ياكى قوخلۇق زىشت رۇيدۇر .
نەچۈك بولسا ئۆزىنىلىڭ قۇدرەتىدۇر .
ئەگەر ئادەمدە بولسا ئىختىيارى ،
تالۇن ئايدەك بولۇر ئىردى جەمالى .
ئەگەر بولسا سەئىدۇ يا شەقىدۇر ،
ۋە گەرنە فىسق ئىرۇر يا مۇتتەقىدۇر .
ئۆزىدە بارمىدۇركىم ئىختىيارى .
سەئىدۇ يا شەقى بولماقغە جارى .
بارىسى بۇ ئۆزۈلۈك سۇنئى ئەمەسمۇ ،
ئۆزۈڭنىلىڭ قۇدرەتىدىن ئۆزگە بارمۇ .
ئەمەسمۇ بۇ بارىسى قۇدرەت ئەللاھ ،
كى مۇنداغ جارى بولدى ئادەت ئەللاھ .
خۇداغە بولدى ئادەم بىر گۇنەهكار .
زەلەمنا رەببەنا دەپ يىغلادى زار .
بولۇرمىز هەر كۈنى تۈرلۈك گۇنەهدە ،
قىلۇرمىز تاڭلاسى ئاندىن زىيادە .
نە كەچكەيي هالىمىز روزى قىيامەت ،
مەگەر قىلغاي رەسۇلىللاه شەفائەت .

## مۇناجات بەدەرگاھى قازىيەل هاجات

ئىلاها ، خالىقا ، ئادەم ياراتتىڭ .
ياراتىپ بىزلەنى بەندەم ئاتادىڭ .
ئىلاها ، بولمادىم مەن بەندەلىكدە ،
دىسەم بەندەڭ بۇ يۈز شەرمەندەلىكدە .
ساڭا لايىق قىلالماي بەندەلىكنى ،
خۇدايىمغە قىلۇرمىز ئەركەلىكنى .
ۋە يا زاهىدۇ ئابىد ، يا گۇنەهكار ،
بەرابەردۇر سىنىڭ ئالدىڭدا غەففار .
خۇداۋەندا كەرىما ، ئەي رەهىما ،
تەۋانا ، قادىرا ، مەيىۇ ، قەدىما ،
رەهىما ، بەندەدۇرسەن پادىشاهى ،
ياراتقان جۇملە ئالەمنىڭ خۇدايى .
ياراتىپ بارچەنى قادىر خۇداسەن ،
ئۆزۈڭنىڭ سۇنئىغە نازىر خۇداسەن .

بۇ بەندە هالىغە قىلغىل نەزارە ،
ئەگەر رەهم ئەتمەسەڭ بەندە نەچارە .
ئىلاها ، كىبرىيائى ، زۇلجەلالى ،
كېلىپ بەندەڭ سىنىڭ دەرگاهىڭ ئالى .
ئۈمىدى كۆپدۇرۇر غەففار ئاتىڭدىن ،
ئەيىبلەر ياپقۇچى سەتتار ئاتىڭدىن .
خۇداۋەندا ئىلاها ، ئەي رەهىما ،
گۇناهكاردۇرمەن ئەغفۇرەن غەفۇرا ،
قىلىپ تۇفراقنى ئادەم ئەيلەدىڭ هەي ،
بۇ تۇفراق ئىلكىدىن ، يا رەب ، نە كەلگەي ؟
كى بولسا ئەسلىمىز بىر مۇشت تۇفراق ،
كى رەهم ئەيلەپ بۇ تۇفراق هالىغە باق .
گۇناهكارلارغە رەهمەت ئىشكىڭ ئاچ .
ئىرۇرمەن رەهمەتىڭغە زار مۇهتاج .

www.uyghurkitap.com

گۇناھىم ھەددىغە يوقتۇر شۇمارە ،
ئەگەر دوۋزەختە كۆيدۇرسەڭ نە چارە .
قىلىپمەن مەئسىيەت جامىنى گەر نۇش ،
ئىگەمنىڭ مەغفىرەت دەرياسىدۇر جۇش .
ئىلاھا ، رەھمەتىڭ ئالدىدا قانچە ،
مېنىڭ كوھى گۇناھىم يوقتۇر كەھچە .
ئىلاھا ، ئەيىب ـ نۇقسانىم مېنىڭ كۆپ ،
گۇناھىم كۆپ مېنىڭ بار ، رەھمەتىڭ كۆپ .
ئىلاھا ، قىل ماڭا لۇتفۇڭنى يولداش ،
سېنىڭ رەھمەت يولۇڭدىن چىقمايىن تاش .
يامان ئىشدىن ، گۇناھدىن مېنى ساقلا ،
قىيامەت كۈنلەرىدە قىلما رەسۋا .
ئىلاھا ، مەغفىرەتنى قىلغىل ئېھسان ،
قىيامەت شىددەتى ھەم بولغاي ئاسان .
نەسىبى مەغفىرەت قىل ئەي ئىلاھىم ،
سەلامەت بەر ماڭا ئىمان پەناھىم .
سەلاھىغە ، ئىلاھا ، مەرھەمەت قىل ،
گۇنەھكار ئاسىدۇرمەن مەغفىرەت قىل .

## بۇ دۇنيايى غەددار ، ئەجۇزى مەككارنىڭ بىبەقالىقىنىڭ بەيانى

كەل ، ئاشىق ، ئىستەمە دۇنيا ئەرۇسىن ،
تەلەب قىلغىل فەقىرلىق بورياسىن .
بىلىڭلار بۇ جەھان دۇنيايى دوندۇر ،
ئانى سۆيگەن كىشىلەر سەرنىگۇندۇر .
ئەجۇزىدۇر بەزاھىر خۇشنەمادۇر ،
كى زىبىۇ زىينەت ئىلە خۇدنەمادۇر .
ئانىڭكى ھۇسنى زىيباسى بەلادۇر ،
ئىلىنىسە دامىغەكىم مۇبتەلادۇر .
خەلايىق كۆزىگە مەئشۇق كۆرۈنۇر ،
ئاڭا ئاشىق بولۇپ ھەركىم ئىلىنۇر .
بۇ دۇنيادۇر جەھانى بىمۇرۇۋۋەت ،
قىلىپ ئاشىقلار بۇ دۇنيانى نەفرەت .
تەلاق ئەيلەپدۇر ئىبراھىم ئەدھەم ،
تەلاق ئىلە يېقىنلىق قىلما سەن ھەم .
سىكەندەردەك ئالىبان بەھرۇ بەرنى ،
سۇلەيمان ھۇكمىدەك دىۋۇ پەرىنى .
ئەگەر سۇرسەڭ ئۇلاردەك پادىشاھلىق ،
ئۆلەردە تەڭ ئېرۇر شاھۇ گەدالىق .
كى ئۆمرى نۇھدەك تاپساڭ ھەياتى ،
كېتەرسەن يەرگە ، بولغاي ھەم مەماتى .
ئەگەر قارۇن سىفەت جەمئ ئەيلەسەڭ مال ،
ئانىڭ ھالى نە كەچتى بىلگىل ئەھۋال .
خۇدا قەھرىدە يەر قەسرىگە كەتتى ،
پۇلى ، مالى ، ئۆزى ھەم بىللە كەتتى .
خەلاس ئەتكىل ئۆزۈڭنى خارۇخەسدىن ،
كۆڭۈلنى خالى قىل يۈزمىڭ ھەۋەسدىن .
كىرەر كۆڭلىڭگە ئاندا ئول خۇداۋەند ،
كۆڭۈل دۇنياغە بەرمە بولماغىل بەند .
قىلىپ نەفسى ۋۇجۇد ئۆزنى يىتۇرگىل ،
قىلىپ سەيرۇ ئىلەللاھ سەير قىلغىل .
بارىدىن ئىلگەرى نەفسىڭنى ئۆلتۈر ،
بۇ بەد نەفسىڭ سېنى بەدسارى ئىلتۈر .
يامان نەفسىڭگە بەرمە ئىختىيارى ، .
خىلافى نەفس قىل ئۆلتۈرگىل ئانى .
يامان نەفسىڭ كۆزىگە ئوق بىلە ئۇر ،
كى بولسۇن ئىككىلا نەفسىڭ كۆزى كور .
ئىكى نەفسىڭ بىرى بالا بىرى پەست ،
ئانى ئۆلتۈرمەسەڭ بولغاي زەبەردەست .
خىلافى نەفس قىل بولما تەمەئ كىن ،
تەمەئ بىرلە ھەمىشە بولما غەمكىن .
تەمەئنى سەن كۆڭۈلنى تاشلا زىنھار ،
تەمەئ بىرلە ئۆزۈڭنى قىلماغىل خار .
تەمەئ ئەيلەپ كىشىدىن يېمەگىل غەم ،
يېتەر رىزقىڭ تەمەئنى قىلماساڭ ھەم .
كىشىگە ھېچ قاچان قىلما يامانلىق ،
قولۇڭدىن كەلسە قىلغىل مېھرىبانلىق .
كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما زىنھار ،
سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ھەم ئاغرىتقۇچى بار .
كىشىگە زەررەچە ئازار بەرمە ،
ئۆزۈڭدەك بىل ئۆزۈڭنى ئۆزگە كۆرمە .
كىشىنىڭ ھەققىدە قىلما خىيانەت ،
مۇسۇلمانلىق بۇدۇر ساقلا دىيانەت .
مۇھەممەد ئايدىلەركىم خەيرۇنناس ،
تېگۈرسەڭ فائىدە مىن يەنفەئۇنناس .
زەرەر يەتكۈرمەگىل ئەي ئادەم ئوغلى ،
كى شەررۇنناس بولماغىل ، چۇغۇلى .

## دىباچەئى ئىشق مۇھەببەت فەرزەندى بەنى ئادەمنىڭ بەيانى

مۇھەببەت كويغە كىر ، ئەي سەلاھى ،
كۆڭۈلدە بولسا دەردى سوز ئىلاھى .
كى ئىشق ئوتى كۆڭۈلدە مەۋج ئۇرسۇن ،
بىر ئاھىمدىن ۋۇجۇدۇم بارى كۆيسۇن .
ۋۇجۇدۇم بولسە بەرقى ئاتەشى ئىشق ،
بولاي دەر ئىچرە ئاتەش پارەئى ئىشق .
كۆڭۈلگە تۈشتى بىر مەھۋەش ئۇزارى ،
بەيانى ئىشق تىلىغە بولدى جارى .
قەلەم قىلدى قولۇمدا خۇشخىراملىق ،
بەيان ئەتمەك بىلە بىرنەچچە ئاشىق .
قىلىپ گۇلغە بېرىپ بۇ سۆزنى تەھرىر ،
بەيان ئەتكۈسى ئىشق ئەھلىنى بىر ـ بىر .
بولۇپ فەرھاد بىر ئاشىقى شىرىن ،
كى تىنماي تاغ تەشىپ ، ئاغزىدە شىرىن .
قىلىپ جانىن فىدا شىرىنغە فەرھاد ،
يەنە شىرىننى خۇسرەۋ ئەيلەدى ياد .
دېدى ، بۇ يولدا مەجنۇنى زەمانە ،
كى ئىشق ئەھلىدە ئول دۇررى يىگانە .
بولۇپ مەجنۇنغە بىر جانان لەيلى ،
كۆرەرگە لەيلىنى كۆپ ئېردى مەيلى .
بۇلار دۇنيادا بىر كۈن قونماي ئۆتمىش ،
ئۇلارنىڭ تويى ئول جەننەتدە بولمىش .
زىلەيخا بولدى ھەم يۇسۇفكە ئاشىق ،
مۇنىڭدەك يوق يەنە ئاشىقى سادىق .
زىلەيخا ئىشقى ئېردى بارچەدىن تىز ،
كى يەتمىش ياشدە باشدىن بولۇپ قىز .
زىلەيخا ئىشقى ھەم يۇسۇفكە ئۆتتى ،
زىلەيخا قىز بولۇپ يۇسۇفنى قۇچتى .
بۇ ئىشقنىڭ مەرتەبەسىنى بىلىڭىز ،
زىلەيخا يەتتى مەقسەدغە بولۇپ قىز .
يەنە بىر ئاشىق ئول ئۇزراۋۇ ۋامىق ،
ئۆتۈپدۇر دۇنيادىن بىر ـ بىرگە ئاشىق .
ئۇلار بارى يەنە مېھرۇ ۋەفادار ،
ئۇلار بىر ـ بىرگە ئېرمىش ۋەفادار .
ئۆزىنى شەمئىگە پەرۋانە ئۇردى ،
چەراغىنىڭ ئاشىقى پەرۋانە بولدى .
كى ئىشق ئوتىغە ئۆرتەپ جىسم ئىلە جان ،
قىلىپ جانانغە جانىنى قۇربان .
كى بۇلبۇل ئۆزى بىر كىچىككىنە قۇش ،
ئۆزىن ئىشقى مۇھەببەتدە تۇتۇپ خۇش .
گۇلىستاندا قىلۇر فەرياد بۇلبۇل ،
كى بۇلبۇل ئاشىقۇ مەئشۇقىدۇر گۇل .
مۇھەببەت بىرلە بۇلبۇل گۇلغە ئاشىق ،
كىچىك قۇش گەرچە ئاشىقلىقدا سادىق .
ئوقۇپ گۇل زەۋقىدە گۇل دەفتەرى ئىشق ،
بولۇپ بۇلبۇل ئاتى سەردەفتەرى ئىشق .
كى دەشتىدۇر جەھان گەر بولماسا گۇل ،
نە خۇشدۇر بولسا گۇل شاخىدا بۇلبۇل .
زۇھۇرى ئىشقنى ئادەمگە بەردى ،
فەرىشتەگە نە ئىشق بەردى نە دەردى .
كەمالى ئىشق ئادەمنىڭ نەسىبى ،
فەرىشتەدۇر ئىشقدىن بىنەسىبى .
فەرىشتەلەردە يوق ئىشقى مۇھەببەت ،
خۇدا ئانداغ ياساپدۇر مەھزى سۇرەت .
كەل ، ئەي ئاشىقى سادىقنىڭكى بەختى ،
مۇنى بىلگىلكى ئادەم بىر دەرەختى .
ئانىڭكى مىۋەسى ئىشقى مۇھەببەت ،
كى بەرگى سايەسى خەيرى سەخاۋەت .
كى سەنجى شاخ ئانىڭكى نۇر ئىمان ،
بۇدۇر فەزلى ئەگەر بولسا مۇسۇلمان .
ھەر ئادەمدە مۇھەببەت ئىشقدىن يوق ،
جانى باردۇر ۋەلى ئىماندىن يوق .
كى ئىشق ئىمان بىلە ھەمخانە بولدى ،
بىرى گەۋھەر بىرى دۇردانە بولدى .
كىشدە بولماسە ئىشقى مۇھەببەت ،
قىلۇر ئاشىق كىشىلەرگە مەلامەت .

مەلامەت سەيقەلى زەنگار دىلدۇر ،
مەلامەت ئىشق ئىلىغە مۇتتەسىلدۇر .
كى ئىشق ئەھلىغەدۇر سەرمايە بەدنام ،
ئاڭا قورقار كىشى پۇختە ئەمەس خام .
بىلىڭلار ئىشق ئەلتافى خۇدادۇر ،
ھەقىقى بولسا ئىشقىڭ رەھنەمادۇر .
كىشى كەچمەي جانىدىن بولماس ئاشىق ،
كى بولماس لايىقى ئاشىقى سادىق .
بىھىشتۇ دەۋزەخۇ جەننەتدە مەئۋا ،
ئانىڭدىن بولماسا بىر زەررە پەرۋا .
جەماللاھ بولسا ئاندا مەقسۇد ،
تىلىيۇ دىل بىلە زىكرىيۇ مەئبۇد .
ئۆزىن مەنئ ئەتسە بار نەفسى ھەۋادىن ،
كۆڭۈلدىن مەھۋ قىلسە ماسەۋادىن .
جەھان ياخشىلارىغە سالماسە كۆز ،
ئاغىر ھەم ئالماسە ياخشى ـ يامان سۆز .
جەھاندىن ئالماسە بىر زەررە راھەت ،
كۆڭۈلدىن تاپماسا ئەيشۇ فەراغەت .
كۆيۈپ ، ئىشق ئوتىغە فەرۋانە بولسە ،
كى ئىسلام كۇفرىدىن بىگانە بولسە .
ئىچى تاشى بولۇپ دەردۇ ئەلەم ، غەم ،
كى ئاشىقلىقغە بولغالى مۇسەللەم .
كى زاھىد ھۇد ھۇدۇ بۇلبۇل ئەمەسدۇر ،
كى راھەت ئىستەگەن ئاشىق ئەمەسدۇر .
سەلاھى ، دەردۇ ئىشقىڭ قىلماغىل كەم ،
خۇدا بىلگەي نەكىم ۋەللاھۇ ئەئلەم .

## مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئىشق مەجازىنىڭ بەيانى

ئايا ئاشىق ، كەل ئەي ، ئازادە بولغىل ،
قەدەم ئىشق ئىچرە قوي ، مەردانە بولغىل .
بىلىڭنى باغلا ئاشىقلىققە ئەر بول ،
مۇھەببەت بىشەسىدە شىرى نەر بول .
جەھان رەئناسىنى سەن دىمە رەئنا ،
ئانى سۆيمەس كىشى ئاقىلۇ دانا .
جەھان رەئناسىنىڭ يوقتۇر بەقاسى ،
بەقاسى يوق ئانىڭ ھەم بىۋەفاسى .
ئانىڭ ھۇسنى ئەگەر شەمسۇ قەمەردۇر ،
ئانى سۆيمەس كىشى ئەر چىنۇ ئەردۇر .
ئانىڭ رۇخسارى ئاتەش شىتتەسىدۇر ،
نەزاكەت قەددىنى كۆرسەڭ ئەلىفدۇر .
كۆرۈپ نەفسىڭ ئەگەر قىلسا شەرارە ،
ئانىڭدىن تۇت ئۆزۈڭنى سەن كەنارە .
جەمالىدۇر ئۇلارنىڭ ماھى تابان ،
قىلۇر ئاخىر سىنى بىسەرۇ سەمان .
ئەگەرچە لەبلەرى گۇلدەك شىكۇفتە ،
ئۇلارنىڭ ھۇسنىغە بولما فىرىفتە .
ئانىڭ ھۇسنى جەمالى ئارىيەتدۇر ،
مەجازى ئىشق ھەم ئىنسانىيەتدۇر .
مەجازى ئىشق بەش كۈن يارى بولغاي ،
ھەقىقى ئىشقىڭ شەھبازى بولغاي .
مەجازىدىن ئۆتۈپ بولغىل ھەقىقى ،
خۇدانىڭ ئىشقىغە بولغىل رەفىقى .
بۇلارغە باغلاما بۇ جانۇ دىلنى ،
خۇدادىن ئۆزگەگە بەرمە كۆڭۈلنى .
كىشىنىڭ مەئشۇقى گەر بىۋەفادۇر ،
ئانىڭ ئىشقىدا كۆيمەك نارەۋادۇر .
كىرىپ سەن ئىشق ئارا كۆيگەنگە كۆيگىل ،
مۇھەببەت بىرلە ھەم سۆيگەننى سۆيگىل .
ئەگەر ئول باقماسە باقما يۈزىگە ،
نەزەر سالما ئانىڭ قاشى كۆزىگە .
كىشى مەئشۇقى بولسا قەدردانى ،
ئاڭا ئازدۇر فىداگەر قىلسا جانى .
مۇھەببەتلىك كىشىگە جان فىدا قىل ،
ئانىڭ ئىشقىدا كۆيمەكنى رەۋا بىل .
مۇھەببەتسىز كىشىنى كۆرسەڭ ئانى ،
ئەگەر گۇل بولسا ھەم يىلداما ئانى .

مۇھەببەتسىز كىشى جانانە بولسا ،
نەزەر سالما ئەگەر دۇردانە بولسا .
ئەگەرچە ئىشتۇەسىدىن قىلسا بىستەر ،
ئانى سەن خوشلاما ئېرمەستۇر خۇشتەر .
قىلۇرلار جىلۋە ئەيلەپ ئويناتىپ قاش ،
بۇ يەڭلىغ كۆرۈنۈر كۆڭلى ئانىڭ تاش .
ئانىڭ مەرغۇلەسىگە بولما مەغرۇر ،
قىيا كۆز سالماغىل ئاندىن يىراق تۇر .
كۆزنى ئويناتۇر قاشنى ئاتىپ ،
يېقىن ئولتۇرماغىل قاشىغە بارىپ .
كۈلۈپ نازۇ كەرەشمە بىرلە باقما ،
كى مىژگان ئوق قاشى ياسىدىن ئاتسا .
نىشانە بولساڭۇ ئاڭا ئاتىلساڭ ،
ئانىڭ ھەر بىر مەزاقىغە قاتىلساڭ .
ئانىڭ مېھرى كۆڭۈلدە جايى تاپسا ،
كۆڭۈل ئاندا بولۇر گەر ياتسا قوپسا .
خۇدادىن غافىل ئولغۇڭ ئول زەمان سەن .
يىراق بولغۇڭ خۇدادىن بىگۇمان سەن .
ئەگەر بولسا كىشى داناۋۇ ئاقىل ،
خۇدادىن بولماغاي بىر لەھزە غافىل .
قىلىپ خالىنى دانە زۇلفىنى دام ،
كۆڭۈل ئالماقدا قەسدى ئەرتە ئاخشام .
كۆڭۈل بەرمە ئانىڭ قەيدىدە بولما ،
قارا زۇلفىنىڭ ھەم بەندىدە بولما .
قىلىپ شىۋە مۇلايىملىك كۆرۈنۈر ،
ساڭا ھەم ئول نەزاكەتلىك كۆرۈنۈر .
مۇھەببەتنى بۇلارغە قىلما زايىئ ،
كۆڭۈل بەرمە بۇلارغا بولما تابىئ .
مۇھەببەت قىل خۇداغا ئاشنا بول ،
خۇدادىن ئۆزگە بارىدىن جۇدا بول .
ئىچىپ بولغىل مۇھەببەت مەيدىن مەست ،
قىغان ئەيلە مىسالى بۇلبۇلى مەست .
كى ئىشق دەرياسىنىڭ بول قەترە نۇشى ،
ئىچىبان بولغاسەن خۇشۇ خۇرۇشى .
بولۇپ مەجنۇن بىر دىۋانە قىلدىڭ ،
قىزىل ، سارىغ بولۇپ رەئنايى كەلدىڭ .

گۈلى رەئنا سارىغدەك قىل چىرايىڭ ،
قىزىل چېھرەدە قان بولسۇ بۇ ياشىڭ .
كىرىپ ئىشق ئىچرە سەن چىقساڭ شەرەردىن ،
كېچىپ جانۇ جەھان سۇدۇ زەرەردىن .
كى مۇنداغ بولماسا ئاشىق دېمەسلەر ،
مەنەم ئاشىق دېسەڭ سادىق دېمەسلەر .
كى مەن ئاشىق دەبان سەن قىلما دەئۋا ،
قىغانۇ ئاھ تارتما قىلما غەۋغا .
دېمە ھەم بۇلھەۋەسنى كۆرسەڭ ئاشىق ،
ئەمەس ھەر ئادەم ئاشىقلىققە لايىق .
كىشىگە بولسا ساھىب دەۋلەتى ئىشق ،
تۈشەر كۆڭلىگە ھەردەم پەرتەۋى ئىشق .
كى مەئشۇقى پەرىۋەش ، ھۇر پەيكەر ،
بولۇپدۇر ئاشىقى ھىممەتلىك ئەرلەر .
كى دون ھىممەت كىشىلەر سانى يوقتۇر ،
ئانىڭ ئاشىق بولۇر ئىمكانى يوقتۇر .
ئول ئاشىق ئۆزىنى ۋەيرانە ئەيلەر ،
ئۆزىن ئىشق ئوتىغە فەرۋانە ئەيلەر .
ئىلاھا ، بۇ سەلاھى ناتەۋانغە ،
بارى ئەل ياخشىسى مەندىن يامانغە .
ئىلاھا ، قىل ماڭا رەھمىڭنى شامىل ،
مۇھەببەت يولىدا بولغايمۇ كامىل .
سەلاھىغە ئىلاھا ، ئەيلەپ ئىلھام ،
ئاڭا رەھمۇ ئىنايەت قىلغىل ئىنئام .
سەلاھى ناتەۋان ئاسى قۇلۇڭغە ،
ئاڭا لۇتف ئەيلەبان رەھمىڭ قۇلۇڭغە .
ياماندۇرمەن يامانلارنىڭ يامانى ،
يامانلا شەررىدىن بەرگىل ئەمانى .
گۇناھىم تەقسىر ئەتتىم بىنىھايەت ،
نېچۇك كەچكەي ھالىم روزى قىيامەت .
يۈرۈپ غەفلەتدە مەن قۇللۇقنى قىلماي ،
كېچەۋۇ كۈندۈزۈ ئۆتكەننى تۇيماي .
ئۆتۈپ ئۇمرۇم كېچە ــ كۈندۈز گۇنەھدە ،
مېنىڭدەك بولماغاي شەرمەندە بەندە ،
تۇتۇپ ئەمرىڭنى قۇللۇق قىلمايىن مەن ،
نە تىل بىرلە قۇلۇڭدۇرمەن دېگەيمەن .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گۇنەھكارمەن كېلىپ مەن دەرگەھىڭغە ،
ئۈمىد ئولدۇر ئىلىتسەڭ رەھمەتىڭغە .
گۇناھىم كۆپ مېنىڭكى تائەتىم كەم ،
گۇناھىمدىن بۆلەك ھېچ يوقتۇ تۇھفەم .
ئىلاھا ، بىر گۇنەھكار بەندەدۇرمەن ،
گۇناھ دەردى بىلە دەرماندەدۇرمەن .
بولۇپمەن بەھرى ئىسياننىڭ نىگىنى ،
قىلۇر مەندىن گۇناھكار ئەھلى نىگىنى .
گۇنەھكار ئەھلىنىڭ شەرمەندەسىمەن ،
بولۇپ ئىككى جەھان ئەۋۋارەسىمەن .
كى قىلماي تائەت ، ئالماي ھاسىلى مەن ،
يۈرۈپ ئىككى جەھان بىھاسىلى مەن .
ئىنايەت ئەيلە لۇتفۇ رەھمەتىڭنى ،
دەرىغ ئەتمە مېنىڭدىن رەھمەتىڭنى ،
ئىنايەت قىل ماڭا بارانى رەھمەت ،
كى بىھەددۇر گۇناھىم بارى ئەفۋ ئەت .
باشىمغە رەھمەتىڭ يامغۇرى ياغدۇر ،
گۇناھىمدىن سىنىڭ رەھمىڭ تولادۇر .

مېنىڭ بىھەد گۇناھىم بولسا بىسيار ،
سىنىڭكى ئابى تۇفان رەھمەتىڭ بار .
مۇناجات ئەيلەدىم قىلدىم تەلەبنى ،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل قىلما غەزەبنى .
ئىلاھا ، مەغفىرەتنى قىل نەسىبىم ،
ئۆتۈپ بارى گۇناھىم ئەي رەھىمىم .
ئىلاھا ، ئالىمۇل غەيبۇل خەفىييات ،
بىلۇرسەن بارچە داناۋۇ نەبىييات .
ئىلاھا ، خالىقا ، ئەي كىردىگارا ،
كەرىما ، ئەي رەھىم ، پەرۋەردىگارا .
ئىلاھا ، قىل نەسىب كۆرمەككە دىيدار ،
كۆرەرمەن دەپ جەمالىڭدىن ئۈمىد بار .
ئىلاھا ، قىل مېنى ئۆزۈڭگە ئاشىق ،
جەمالىڭ كۆرگەلى بولغايمۇ لايىق .
ئىلاھا ، ئىشقىڭ ئوتى بىرلە زەۋقى ،
سەلاھىغە مۇھەببەت بىرلە زەۋقى .
مۇھەببەتنى سالىپ كۆڭلۈمگە پەيدا ،
ئۆزۈڭنىڭ ئىشقىدا قىل مېنى شەيدا .

## دەر مەدھى سۇلتان سەئىد بەھادۇر غازى

ئىكەۋلەن ئەي كۆڭۈل ، ھەمدەم بولالى ،
سىفاتى ھەزرەتى سۇلتان قىلالى .
بەھادۇر بۇ سەئىد ئېرۇر بۇ سۇلتان ،
ئاناسىدىن مۇبارەك كۈندە تۇغقان .
ئالىپ دەريا سۈيىدىن لەئلى جەۋھەر ،
ياراشۇر باشىغە ساچسامكى گەۋھەر .
ئېرۇر ئول ئافتابى بىزەۋالى ،
شەھى كىشۋەرىستانى بىمىسالى .
تەھەممۇلدا سۇلەيماندىن كەمى يوق ،
شۇجائەت بابىدا رۇستەمدىن ئارتۇق .
سەخاۋەت بابىدا ھاتەم مەسەللىك ،
بىلىڭ مۇلكى ئېرۇر خاتەم مەسەللىك .
ئۇلۇغ كىچىكنىڭ ئاندىندۇر ئۈمىدى ،
يامان ياخشىغە تەگكەي دەپ نەۋىدى .
ئېرۇر زاتى ئانىڭ دۇنيا مەدارى ،
جەھان ئەھلى ئېرۇر ئانىڭ چاكارى .
بارى ئەلنىڭ ئېرۇر پۇشتى پەناھى ،
تىرىك تۇتقىل تۇمەن مىڭ يىل ئىلاھى .
بەتەخسىس ئولكى مەندەك بىنەۋادۇر ،
غەرىبلىق دەردى بىرلە مۇبتەلادۇر .

(داۋامى كېيىنكىساندا)

# مۇخەممەسلەر

## قۇلئەلىم ئامى زىدئىف ①

### نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەد سالىھ ھاجى

ھەمىشە ئىشتىياقىڭدا بۇ جىسمىم قۇرۇغان يافراغ .
يۇرەكدىن لەختە ـ لەختە قان بولۇپ ھەردەم ئاقىبان ياغ ،
ھۇمايى بەختىم ئۆز شۇم تەلئەتىمدىن بوم ئېرۇر يا زاغ .
سېنىڭ ھەجرۇ غەمىڭدىن باغرىم ئېچرە بولدى يۈزمىڭ داغ ،
ساڭا ۋەسل ئولماقىمنى مەنئ ئېتەر ئالدىمدا يۈز مىڭ تاغ .

بولۇپ مەجنۇن سىفەت چۆللەر ئىچىندە ۋالەلەر قىلسام ،
كۆزۈمنىڭ ياشىنى شامۇ سەھەردە ژالەلەر قىلسام ،
دىلىمنى داغ ئەيلەپ ھەمچۇداغى لالەلەر قىلسام ،
سېنى ئىزدەپ سەھەر بۇلبۇل كەبى كۆپ خالەلەر قىلسام ،
بۇ نالەمغە ھەنۇز رەھم ئەتمەدى ئول گۇلشەنۇ گۇلباغ .

قۇرۇپ قاخشال كەبى بولدى بولۇپ جىسمىم رەباب يەڭلىغ ،
پەرىزاد شاھىدۇر يارىم يۈزىدۇر ماھىتاب يەڭلىغ ،
گۇلى ئەھمەر مەسەللىك يۈزىدە ژالە گۇلاب يەڭلىغ ،
ئەگەر ھەر دائىما ياد ئەيلەسەم باغرىم كەباب يەڭلىغ ،
ۋەلې ھۇسنۇ جەمالىڭنى كۆرەرگە تاپمادىم بىر چاغ .

باشىمنى ئالدى سەۋدا بىلمەدىم ھۇشۇمنىكىم مۇتلەق ،
تەبىبلەر دارۇسى بەرمەي نەتىجە تاپمادىم رەۋنەق ،
دېدىلەركىم ئەزەلدە ئۇشبۇ دەردىن ئۆزى سالمىش ھەق ،
زىھى ئىشقىڭدە بولدۇم تەلبە يەڭلىغ مەستۇ مۇستەغرەق ،
ۋىسالىڭنى نەسىب ئەيلەپ مېنى قىل مەستلىكىمدىن ساغ .

ئايا ئاشىق ، زىيادە ئەيلەگىل ھەردەم ئىچ ئاغرىڭنى ،

---

① بېشى ئۆتكەنكى ساندا .

دىلىگىدىن تاشلامە ھەرلەھزە سائەت زىكرى يارىڭنى ،
رىيازەت كۇلبەسىدە ئولتۇرۇپ جۇھ ئەيلە ساغرىڭنى .
ئايائامى زەئىف ، مەھبۇب ئۇچۇن خۇن ئەيلە باغرىڭنى ،
ھەمە بىمارلىقىڭدىن ئول سەبەبدىن سەن بولۇرسەن ساغ .

* *

بەندەڭ ئەيلەپ مىنى قىلمە كىزىب گويان يەڭلىغ ،
سۇرەتى ئىشان مۇبەددەل نان جويان يەڭلىغ ،
سوفى مەن دەپ ، شەيخ مەن دەپ قەۋمى شەيتان يەڭلىغ ،
ئەي سىنىڭ دەردىڭ مىنى قىلدى گەدايان يەڭلىغ .
ھەجرىنىڭ سەھراسىدا غۇلۇ بەيابان يەڭلىغ .

قىلمادىم ھەرگىز تەرەھھۇم بارچە ئەركەك - تىشىغە ،
مەسخىرە قىلغاچ تەبەسسۇم ئەيلەدىم نالىشىغە ،
زەررە شەفقەت قىلمادىم غەرىب يەتىملەر ئىشىغە ،
ھەرنەچە قىلسام تەكەللۇم نەفئى يوقتۇر كىشىغە ،
بۇجەھانغە كەلمەگەي مەن ۋەھشى ھەيۋان يەڭلىغ .

ھەجر ئوتى ئىچرە كەباب بولدۇم جۇدالىق رەنجىدىن ،
ئىزلەسەم نەسىب ئىتەرمۇ ۋەسلى ئىشرەت گەنجىدىن ،
تاپمادىم ھۇشۇمنى مەست ئولغاچ بۇ دۇنيا پەنجىدىن ،
مەن ساڭا ۋەسل ئولغالى يول تاپمادىم ھىچ ۋەجھىدىن ،
بولماغاي دۇنيادا مەن ئەھمەقۇ نادان يەڭلىغ .

ئۇيقۇ يوق يۇلتۇز سانارمەن دەردىڭ ئىچرە ھەر شەبى ،
يول ئۇزاق كۆز خىرەۋۇ تۈن تىيرە ، لاغەر مەركەبى ،
كىم يىتەر مەقسۇدىغە كۆڭلىدە مەقسەد مەتلەبى ،
ئىستەسەم ئالەم يۈزىنى تاپمادىم مەن سەن كەبى ،
ھۇسن ئىلە جەمالىڭ ئىرمەس پەرى ئىنسان يەڭلىغ .

ئەي ھەقىر ئاسى ، كىشى سەندەك بۇ يولدا قاخشاماس ،
دىلبەرىنىڭ ئىسمىنى ھەرگىز تىلىدىن تاشلاماس ،
كۆڭلىنى دىلبەرغە باغلاپ ئۆزگە يولغە باشلاماس ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، يارىڭ كىشىغە ئوخشاماس ،
ھۇسنىنىڭ نۇرى ئىرۇر خۇرشىدى تابان يەڭلىغ .

* *

سىنىلگ ئىشقىنگ ئوتى چۇشكەچ زىھى بولدى ماگا قۇتلۇغ ،
كىچە ـ كۈندۈز كۆيەر دائىم ئىچىمدە لەخشە ـ لەخشە چوغ ،
يۈرەكىم ئۆززە بولدى ئىشق تابى داغىدىن تارتۇغ .
ئايا مەھبۇب ، ماگا قىل ئىشق ئوتىنى ھەرزەمان ئارتۇغ .
بەسى ئىشقىگدا كۆيدۈرگىل ، نەسىب ئەتمە تامۇغ ئوتلۇغ .

سىنى ھەركىم فەراموش ئەيلەسە مۇردە ئىرۇر ، يوق جان .
سىنىگدىن ئۆزگەنى دىسە بولۇر ھەيرانۇ سەرگەردان ،
بولۇر ھەر لەھزەدە ئىشنىكى « بول » دەپ ئەيلەسەڭ فەرمان ،
سىنىگدىن ئۆزگە ھىچ ئىككى جەھاندا بولماغاي سۇلتان .
نە قىلساڭ سەن قىلۇرسەن ساگا خاستۇرمەنلىكۇ چوگلۇغ .

كۆگۈل تەختىنى پاك توت دىلبەرىڭ زىكرىنى قالدۇرمە ،
يىراق تۇتقىل كۆگۈل ئىچرە بۇ زال مىھرىنى سالدۇرمە ،
سىنى فەند بىرلە ئازغۇزغاي ئاگا باغرىگنى چالدۇرمە ،
ئەگەر سەن ئاقىل ئەر بولساڭ بۇزالغە كۆگلۈڭ ئالدۇرمە ،
تەلاق قىلساڭ ئانى ھەردەم ئۆتەر ئۇمرۇڭ بەسى خۇبلۇغ .

كۆگۈلنى غەيرىگە بەرمەي ئۆزۈڭ يولدا مەھكەم تۇر ،
كى دىلبەر ئاستانىغە باشىگنى ھەر سەھەردە ئۇر ،
ساگا كۈلفەت بەلا بەرسە ئەتاسىدۇر ئەمەس مەجبۇر ،
ئايا ئامى زەئىف ، بۇ زال خۇيىغە بولماغىل مەغرۇر ،
ئۆزۈگنىڭ دىلبەرىدەك ھىچ كىمەرسە بولماغاي خۇيلۇغ .

* *

كۆگلۇم ئىچرە زەۋقۇ شەۋقىڭ رىشتەسى بولدى لەفىق ،
ئىشتياقىڭ ئوتىدا جىسمىم كۆيۈپ بولدى زەئىف ،
قىنى بارمۇ رەھم ئىتىپ ھالىم سورارغا بىر ھەرىف ،
بۇ جەھاندا ھىچ نىمەرسە سەن كەبى ئىرمەس لەتىف ،
ھىچ مەخلۇق سەن كەبى ئالەمدە ئىرمەسدۇر ئەفىق .

ئەدل ئىتىپ ئۆزۈڭ بىرۇرسەن ياخشىغا ياخشى جەزا ،

ھەر يامانلارغە بېرۇرسەن ئۆزگە لايىق سەزا ،
ئۆزگە بولماس ھەرنەچە تەدبىر بىلەن كەلگەن قەزا ،
ھەرزەمان ئىشق ئوتىدا دەردىگنى ئەيلەرمە غىزا ،
بۇ غەلىز جىسمىم كەباب يەڭلىغ بولۇپ بولدى خەفىف .

ھەجرۇ فۇرقەت داغىدا قىلدى ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم ،
ئۆرتەنىپ پەرۋانە يەڭلىغ باستى جىسمىم كوھى غەم ،
ۋادەئى ھىجران ئىچىدە قۇرۇماي كۆزۈمدە نەم ،
ھەسرەتىڭدە جۇملە ئاشىق قان يۇتارلار دەم بەدەم ،
ھېچ زەمان مەۋجۇد ئەمەستۇر سەن كەبى زاتى شەرىف .

ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلۇرمەن ھەجر ئوتى باشقا بولۇپ ،
ئىككى سەيياد كۆزىنىڭ دامىغە كۆڭلۈم تۇتۇلۇپ ،
قانغە ئۆيرۇلدى يۈرەكىم ھەجر ئارا سەرسان بولۇپ ،
خۇيلارىڭنى ياد ئېتىپ ئىككى كۆزۈم ياشقا تولۇپ ،
قۇرۇغان ياپراغ كەبى بۇ ئۇستىخان بولدى نەھىف .

ئەي ھەقىر ئاسى ، ھەبىب رەھبەر قولىن قەسد ئەيلەسەڭ ،
ئاتەشى مەيخانەنىڭ ئەخكەر كۆلىن قەسد ئەيلەسەڭ ،
مەي شەرابى ئەنتەھۇر كەۋسەر كۆلىن قەسد ئەيلەسەڭ ،
مەي فەقىر ئامى زەئىف ، دىلبەر يولىن قەسد ئەيلەسەڭ ،
ئىشقىڭ دەرياسىغە چۆمگىل ئۆزۈڭنى قىل ئەفىف .

* *

كۆڭلۈم ئىچرە ئىشق ئوتىنى ئىمتىھان قىلدى فىراق ،
ئۇرغان ئاھىم دۇدىدىن دەردىم ئايان قىلدى فىراق ،
جان قۇشىغە باشىم ئۆزرە ئاشيان قىلدى فىراق ،
تەندۇرۇست جىسمىمنى غەمدىن ناتەۋان قىلدى فىراق ،
زىندەلىكدە ئۆلدۇرۇپ كۆپ قەسدى جان قىلدى فىراق .

ھەجر دەشتىدە ئۆزۈمنى خۇشك ئېتىپ ۋەيران قىلىپ ،
ۋەسلىگە يەتكۈممىكىن دەپ ئىستەبان جەۋلان قىلىپ ،
قەترە ــ قەترە كۆزلەرىم ئەشكىنى قان سەيلان قىلىپ ،
ھەرسەھەر بولبۇل كەبى ئىشقىڭدا مەن نالان قىلىپ ،
سۇرخ گۇل يەڭلىغ چىرايىم زەئفىران قىلدى فىراق .

ئانەشى ھىجران ئارا پەرۋانە يەڭلىغ چەرخ ئۇرۇپ ،
ئارزۇ قىلىسام جەمالىڭ ئوت ئىچىدە ئولتۇرۇپ ،
كۆيۈبان سۆڭەكلەرىم گوياكى قاخشالدەك قۇرۇپ ،
ھەرزەمان لەئلى لەبىڭنى ياد قىلسام جەزب ئۇرۇپ ،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى خۇنى رەۋان قىلدى فىراق .

نامە يازدىم ئاڭلىغايمۇ دەردۇ ھالىمنى تىزىپ ،
كىرفىكىم قەلەم ، سىياھ كۆزدىن قاراقىمنى ئېزىپ ،
ھەجر ئوتىنىڭ دەردىدىن بەدەنلەرىم كەتتى سىزىپ ،
مەن ساڭا ۋەسل ئولمايىن كوھۇ بەيابانىنى كېزىپ ،
ھەجر دەشتىدە مېنى خۇشك ئۇستىخان قىلدى فىراق .

ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى كويۇڭدا ھەردەم يۈگۈرۈپ ،
كوچىدا باسقان ئىزىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ ،
ناگەھان ئۆتسە كۆرەي دەپ زار يىغلاپ ئولتۇرۇپ ،
ھەسرەتىڭدە ئاھ ئۇرۇپ بۇ نا تەۋان جىسمىم قۇرۇپ ،
بۇ مېنىڭ گۈلدەك چىرايىمنى سامان قىلدى فىراق .

ئەل ئاراسىدىن چىقىپ بىخانۇمان بولۇپ يۈرۈپ ،
دەشتى ئۇزلەت يولىدا يۈزمىڭ بەلالارنى كۆرۈپ ،
نەفس كافىر لەشكەرىنى بەندى زىندانغە سۈرۈپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىفنى ھەجر ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ،
كۆز ياشىنى ئاقىزىپ باغرىنى قان قىلدى فىراق .

*   *

بۇتى شىرىن كويىدا بوينۇمدا زۇننارىمغا باق ،
ھەجرىنىڭ دەردىدە ئاققان ئەشكى خۇنبارىمغا باق ،
سارغارىپ فۇرقەت ئوتىدا زەردى روخسارىمغا باق ،
رەھم ئېتىپ مەندەك غەرىبغە جىسمى بىمارىمغە باق ،
جىسمى بىمارىمنى كۆيدۈر نالەۋۇ زارىمغە باق .

سەن رەۋاقىنىڭ ئۇستىدە تۇرساڭ جەمالىڭنى كۆرۈپ ،
بىر نەزەر قىلغايمۇ كىن دەپ مۇنتەزىرمەن تەلمۈرۈپ ،
ئاي يۈزۈڭدىن ئالمادىم كۆزقايدا بارغايمەن يۈرۈپ ،
دائىما ئىشقىڭدە يىغلاپ يۈزلەرىم يەرگە سۈرۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناله قىلدىم رەھم ئەيلەپ ئاھ ئىله زارىمغه باق .

شامى زۇلفۇڭ ئاي يۈزۈڭنى باستى بۇ ئالەم قارا ،
كۆرمەگەچ ھۇسنۇڭنى قىلدى ئالەم ئەھلى ماجەرا ،
ھەجر ئوتىنىڭ داغىدىن بولدى يۈرەكىمدە يارا ،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرمەيىن بولدۇم جۇنۇن چۆللەر ئارا ،
خانە ۋەيران دەشت ئارا يۈرگەن جۇنۇن كارىمغه باق .

ۋەسلىڭە يەتكۈممكىن ياتسام ھەزالاردا بارىپ ،
كوھى سەھراۋۇ بەيابان ، دەشت چۆلنى ئاختارىپ ،
زار ئېتىپ شامۇ سەھەردە ، يا ھەبىب ، دەپ قىچقارىپ ،
ھېچ ۋىسالىڭ تاپمايىن بولدۇم بۇ شەھر ئىچرە غەرىب ،
بۇ غەرىبلىق شەھرىدە بۇ كۆڭۈل ئەۋۋارىمغا باق .

بۇ ھەقىر ئاسى ھەمىشە دەردىڭ ئىچرە سارغارىپ ،
يىغلاسام رەھمىڭ كېلۇرمۇ ئاستانىڭغە بارىپ ،
باش قويۇپ دەرگاھىڭە سۈرتسەم يۈزۈمنى يالبارىپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىف شام ۋەقتىدە بولدۇم غەرىب ،
تاڭلا كۈن دېگىل سەھەر بولغاندا دىيدارىمغا باق .

*  *

ئاشىقى بولغىل ھەمىشە ئىشقى يوقنىڭ جانى يوق ،
ھەر كىشىدۇر بىمۇھەببەت بىر دەرەختۇر كىم قۇرۇق ،
بىمۇھەببەتلەر قارا تاش باغرى قاتتىق كۆڭلى توق ،
ئاقىلى بولساڭ ئۆزۈڭنى ئىشق ئوتىغە قىل ياۋۇق ،
ئۇشبۇ ئوتنى ساقلاغىل ئەيلەپ ئۆزۈڭنى چۈن ماموق ،

ئاشىق ئەھلى بارچە ئالەم ئەھلىغە سەرۋەر ئېرۇر ،
يولدىن ئازغان كور باتىن خەلقغە رەھبەر ئېرۇر ،
كۆڭلىدە ئىشقۇ مۇھەببەت شۇئلەسى جەۋھەر ئېرۇر ،
ئىشقىنىڭ دەرياسىغە چۆمگەن كىشى گەۋھەر ئېرۇر ،
بىمۇھەببەت ئادەمى چۈن پەلەغى تۇخمى تاۋۇق .

كىم مۇھەببەت ئەھلىدۇر چەھار سۇلۇكنى تەبىرەتۇر ،
يولدىن ئازغانلارنى ئىزلەپ راھى راستىنى كۆرسەتۇر ،
سۇھبەتىدە ھېچ تۇرالماي دىۋ ـ شەيتانلار كېتۇر ،

مەرد ئاشىقنىڭ سۆزى سىياھى سەگنى ئېرتۇر ،
سۇفى جاھىلنىڭ سۆزى بارچە ئىشى مۇزدىن ساۋۇق .

ئەي شەكەر قەنت باغلاسا ساداسى چىقماي تولغۇسى ،
كىمكى ئاشىق ماسىۋا سۆزنى تىلىدىن يۇلغۇسى ،
دائىما خامۇش يۈرۈپ خەلق ئەھلىدىن قۇتۇلغۇسى ،
ئىشقى چىن بولسا كىشىنىڭ ئۆزى مۇگلۇغ بولغۇسى ،
كۆزىدە ياشى بولۇر كۆڭلى ئانىڭ بولغاي سۇنۇق .

* *

تېرەك باشىدا قىچقىردى سەھەر ۋەقتى كېلىپ كاككۇك ،
يۈرەكنى قىلدى مىڭ پارە بۇ ئاۋازى ئەجەب كاككۇك ،
جىگەر باغرىم قىلىپ پارە فىراق ئۇتىن سالىپ كاككۇك ،
بەھار ۋەقتىدە كەلدى تاغۇ تاشىدىن بىر غەرىب كاككۇك ،
غەرىبلىقتا يۈرۈپ دەردىغە يىغلار قىچقىرىپ كاككۇك .

كېلىڭ ، ئەي تەشنەلەر ، دەپ ئەيلەگەن ندائغە ئۈلگۈرسەم ،
بارىپ مەيخانەغە جامى مۇھەببەت تۇشىنى كۆرسەم ،
ئىچىپ ئىشقى مۇھەببەت جامىدىن نەفسىمنى ئۆلتۈرسەم ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا يىغلاپ كۆز ياشىمنى ئاقىزىپ يۈرسەم ،
يۈرەكىم پارە بولدى كېچەلەردە قىچقىرىپ كاككۇك .

باشىمغا تۇشتى سەۋدا ھەجرىدىنكىم ئۆزگەرىپ خۇيۇم ،
بەلا دەشتىدە بولدى يار ۋەسلىن ئىستەگەن كويۇم ،
ماڭا دىلبەردىن ۋەسلىم يولىدىن تاپماغۇڭ بۇيۇم ،
سەھەر ئۇيقۇدا ياتسام زەئفىرانىدەك سارغارىپ رويۇم ،
بەلەند ئاۋاز بىلەن گۇلشەن ئىچىندە قىچقىرىپ كاككۇك .

ئانىڭ ھەجرۇ فىراقىدىن زىيادە بولدى ئىچ باغرىم ،
گۇلى ئەھمەر مەسەللىكدۇر پەرىزاد شاھىدۇر يارىم ،
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي يارە بولدى ئۆلتۈرۈپ ساغرىم ،
ئانىڭ ئاۋازى جەزب ئەيلەپ كەباب يەگلىغ بولۇپ باغرىم ،
كۆزۈمدىن ياش ئاقىزسام رەھم قىلماي قىچقىرىپ كاككۇك .

كۆزۈم ياشىن تۆكۈبان ھەرسەھەردە ژالەلەر ئەيلەپ ،
بەيابانىدا يۈرۈبان غۇل يەگلىغ ۋالەلەر ئەيلەپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇرەكنى داغ ئېتىبان ھەمچۇداغى لالەلەر ئەيلەپ ،
ئوشۇل سائەتتە تۇرسام ئاھ تارتىپ نالەلەر ئەيلەپ ،
زېھى بولبۇل چەمەندە سايرابان ھەم قىچقىرىپ كاككۇك .

كېچە قىچقارغان ئاۋازى قۇلاقىمغا تۇشەر ھەر گاھ ،
يىلاندەك تولغانۇرمەن ھەجر دەردىدىن بولۇپ يەكتاھ ،
تاپالماي ھېچ ئىلاجىمنى يۇرۇپمەن ھىممەتىم كۇتاھ ،
بەسى ھەجرىم سۇئۇد ئەيلەپ بولۇپ بۇ قامەتىم دۇتاھ ،
كېتىپ ھوشۇمدىن ئۇرسام ئاھ بەلەندراق قىچقىرىپ كاككۇك .

كۆڭۈلنى ھەرزەمان مەيخانە سارى ھەيدەبان تىغلا ،
ئىبەرمە ھەر تەرەفكە بىرنى تۇتقىل بىر تەرەپ يىغلا ،
مەيۇ جامى مۇھەببەت ھاسىلىن ھەر لەھزى پىششىغلا ،
ئايا ئامى زەئىف ، گۇلزار ئىچىندە سايرابان يىغلا ،
نەۋا بۇلبۇل كەبى بەرگەي ئۇممىدۇر رەھم ئېتىپ كاككۇك .

* *

شەۋق ئوتى تەگكەن كىشى سەرسانە بولماغلىق كېرەك ،
ئۆرتەنىپ ياقۇت كەبى دۇردانە بولماغلىق كېرەك ،
دىلبەرىنى ئىزلەبان جۇيانە بولماغلىق كېرەك ،
ئىشق ئوتى تۇشكەن كىشى مەردانە بولماغلىق كېرەك ،
مەئشۇقىن دەۋر ئەيلەبان پەرۋانە بولماغلىق كېرەك .

ھەرزەمان مەيخانە سارى ئەزم ئېتىپ مەينى ئىچىپ ،
دىلبەرىنىڭ يولىغە ئەشكنى دۇرر يەگلىغ ساچىپ ،
كەشفى ئەسرارىغا باقماي كور باتىننى ئاچىپ ،
بىمۇھەببەت بولسە ھەركىم قۇش بولۇپ ئاندىن قاچىپ ،
مەرد ئاشقلار بىلەن ھەمخانە بولماغلىق كېرەك .

ئىشتياقى ئىچرە ھەردەم غۇسسەدىن باغرىن ئېزىپ ،
ھەجر دەشتىدە قۇرۇپ قاخشال كەبى جىسمى سىزىپ ،
ئايتغالى ھەمدەم تاپالماي ئەرزۇ ھالىنى تىزىپ ،
دىلبەرىن تاپماق ئۇچۇن كوھۇ بەيابانىنى كېزىپ ،
خانىمانىن تاشلابان ۋەيرانە بولماغلىق كېرەك .

ئەي ھەقىر ئاسى ، ئەجەب پەرۋانە بولدۇڭ چۆيرۇلۇپ ،

قلماغل زايئ ئۆزۈڭنى دەھر ئارا ئويناپ ـ كۆلۆپ ،
بولماغل شەرمەندە رەسۋا تاڭلا بارغاندا ئۆلۆپ ،
ئەي فەقر ئامى زەئف ، دۈنيادا مەجنۇن ئۆيرۆلۆپ ،
دلبەرڭنڭ ئشقدە مەستانە بولماغلق كېرەك .

* *

چۇ ئشقى جەۋھەردن قەلبمە رەساس ئەيلەپ ،
كى ياخشى قۇللارڭە قوشۇپ ئختساس ئەيلەپ ،
گۇناھغە نادم ئېتپ جۇرمدن خەلاس ئەيلەپ ،
ئۆزۈڭگە خادم ئېتپ دەرگەھڭدە خاس ئەيلەپ ،
غەربغە رەھم قلپ تلەكم ئاتا قلساڭ .

ئۆزۈڭنڭ نۇرى بلەن ھۇسن ئېتپ قزلگۇلنى ،
بۇ گۇلغە ئاشق شەيدا قلپ چۇ بۇلبۇلنى ،
بۇ نۇرغە ئاشق ئېتپ سايراتپ بۇ بۇلبۇلنى ،
يولۇڭدا يغلاتبان ئمتھان ئۈچۈن قۇلنى ،
ۋەفا قلۇرغە مۇندا كۆپ جەفا قلساڭ .

سۆزۈڭنى داستان ئېتپ قولۇمە رەباب ئەيلەپ ،
قايۇ سۆزنكى قلسەن بتپ كتاب ئەيلەپ ،
يۈزۈڭ گۇلدە كۆزۈم ئەشكدن گۇلاب ئەيلەپ ،
ئۆزۈڭنڭ ھەجر ئوتدا باغرمە كەباب ئەيلەپ ،
بۇ يولدا سايل ئېتپ ۋەسل ئۈچۈن گەدا قلساڭ .

فراق ئوتدا ئادا ئەيلەبان جۇدا ئەيلەپ ،
نشانە ۋەسلڭ ئېتپ ھەرنە مۇددەئا ئەيلەپ ،
كى رەنجۇ مېھنەتۇ كۇلفەت بلەن ئادا ئەيلەپ ،
مېنى كويۇڭدا گەدا ئەيلەبان جەفا ئەيلەپ ،
جەفاغە ئەۋەز ئېتپ ماڭا بر ۋەفا قلساڭ .

ھەقر ئاسى قۇلۇڭ بۇ خەيالنى قلدى ساڭا ،
نەچارە قلغۇسدۇر ئشتغالنى قلدى ساڭا ،
نە يەرگە بارغۇسدۇر ئەرزى ھالنى قلدى ساڭا ،
فەقر ئامى زەئف بۇ سۇئالنى قلدى ساڭا ،
ئانڭكى ئەكسنى قلماي ئۆزن ئەدا قلساڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* *

ۋادەئى فۇرقەت ئارا قالدىمكى نالان ئەيلەبان ،
دەشتۇ چۆللەرنى كېزىپ يۇردۇمكى گىريان ئەيلەبان ،
شەۋق ئوتىدا ئۆرتەنىپ باغرىمنى سوزان ئەيلەبان ،
ھەجرنىڭ سەھراسىدا غۇلۇ بەيابان ئەيلەبان ،
خانىمانىم سارۇتوپ ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل ،

كۆڭلۈمە ھۇسنۇ جەمالىڭ زەۋقۇ شەۋقىنى سالىپ ،
ئاي يۈزۈڭ خالى ، كۆزۈم مەردۇمەكى ئىچرە قالىپ ،
زۇلمەتى زۇلفۇڭ ئارا بىچارە كۆڭلۈم قامالىپ ،
سەندىن ئۆزگە غەيرىنىڭ نەقشىنى كۆڭلۈمدىن ئالىپ ،
رەھم ئەيلەپ مېنى سەن ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل .

رەنج چەكمەي مەقسەدىن تاپقان كىشى بارمۇ قېنى ،
ئىمتىھان قىلماق ئۈچۈن قويدى بۇ شەھر ئىچرە مېنى ،
بىر سىقىم تۇپراقدۇر ئەسلىم نە كېرەك ماۋۇ مەنى ،
ھەر بەلا كۇلفەتنى بەرسەڭ ۋەسلىڭە يەتكۈرمېنى ،
كۆپ جەفا قىلساڭ مېنى ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل .

ۋەسلىغە نىشانە ئېرمىش دەرد ئىلە سالغان فىراق ،
ئاھ فىراق دەپ يىغلاسام بولدى زىيادە ئىشتىياق ،
تۇرادۇر كۆڭلۈم يېقىن يول مەنزىلى ئەجەب ئۇزاق ،
دەرگەھىڭدىن كۆپ جەفا قىلساڭ مېنى ئەتمە يىراق ،
ھەم ۋەفا ئەيلەپ مېنى ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل .

بۇ ھەقىر ئاسى قۇلۇڭ ھەيرەتتە قالدىم ۋا ئەجەب ،
تالىئىمنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدىمۇ سەندىن غەزەب ،
دەرگەھىڭدە ئۆتتىمۇ مەن ئاسىي قۇلدىن بىئەدەب ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىپ ئىشق ئوتىنى قىلدىم تەلەب ،
مەقسەدىمغە يەتكۈزۈپ ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل .

* *

باغ ئارا فەسلى بەھار ئاچىلدى رەڭگارەڭ گۈل ،
نازلەرى چەمەن قۇشنىڭ بوينىغە سالدى غۇل ،

ئەيلەسەم كەرەشمەسىۋ نازىغە ئۈزۈمنى قۇل ،
ئەي سىنىڭ ھۆسنۇ جەمالىڭدىن خىجىل بولغاي گۈل ،
گەر سىنى كۆرسە ئىدى ئۆلگەي ئىدى ئول بۇلبۇل .

ئىككى شەھلا كۆزلەرىڭ شۇئلەسىدىن ئوت مەندە ،
زەررە تاقەت قالمادى ئايدەك يۈزۈڭ كۆرگەندە ،
ھالىمە رەھم ئەيلەمەككە رەسم بارمۇ سەندە ،
ئىككى زۇلفۇڭ بۇيىدىن مىشكى خوتەن شەرمەندە ،
كاكۇلۇڭ ئالدىدا ھەم بولغاي خىجىل رەيھانگۇل .

ماھروي شەھزادەلەر تەخت ئۈستىدە سەدرنىشىن ،
يىگى ئاي چىققان مەسەللىك بىر ـ بىرىگە ھەمنىشىن ،
زۇلفى سۇنبۇل ئەنبەر ئەفشان ھەر بىرىدۇر گۈل جەبىن ،
قاش ئىلە كىرفىكلەرىڭنى كۆرسە ئىردى مۇشكى چىن ،
كۆپ خىجالەتتىن ساڭا بولغاي ئىدى ئول ھەم قۇل .

سەن ئۈزۈڭ رۇخسەت بىرىپسەن سۇرخ گۈل باغدا ئاچىل ،
ھەد بولۇرمۇ ئاچىلۇرغە بولماساڭ ئاندىن بىھىل ،
ئۆزگە گۇللار ھەم ئاچىلمىش نەچچە رەڭدە نەچچە خىل ،
يۈزلەرىڭنىڭ نۇرىدىن شەمسۇقەمەر نۇرى خىجىل ،
لەبى لەئلىڭ ئالدىدا شەرمەندەدۇر غۇنچەئى گۈل .

ئىشق ئىلىنىڭ ۋەرزىشى مەھبۇب سارى مايىل بولۇر ،
دىلبەرىغە ۋەسل ئولۇرغە روز ـ شەب سايىل بولۇر ،
ۋەسل ئۈچۈن باشىن تەسەددۇق قىلغالى قايىل بولۇر ،
كۆزلەرىڭنىڭ نۇرىدىن شەمئۇ چىراغ زايىل بولۇر ،
خالۇ خەتتىڭ ئالدىدا مۇشكى خوتەن ئولغاي قۇل .

ئەي ھەقىر ئاسي ، ھەبىبىڭ ۋەسفىنى ئەيلەپ بەيان ،
ھۆسن ئىلە جەمالىنىڭ تەئرىفىنى ئەيلەپ ئەيان ،
ئەقلۇ فەھمىڭ يەتمەگەي تەۋسىف قىلۇرغە ھىچقاچان ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، سەن قايدا ئول دىلبەر قايان ،
ئايتمادىڭ مىڭدىن بىرىن ئەيلە ئۈزۈڭنى ئاڭا قۇل .

* *

ئۆزۈڭنىڭ ئىشتىياقىنى دىلىم مەغزىدە ھاسىل قىل ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت گۈلشەنى ئىچرە ۋىسال شەۋقىنى نازىل قىل ،
بەلالار دەشتىغە تاشلاپ جەفا ئوتىغا قابىل قىل ،
مېنى ئىشقىڭدە بۇلبۇل ئەيلەبان چەمەنگە داخىل قىل ،
بەسى ھەجرىڭدە كۆيدۈم رەھم ئېتىپ ئۆزۈڭگە ۋاسىل قىل .

ھەمىشە ئاستانەڭنى غەرىبلەر مەتلەبى ئەيلەپ ،
ئىنايەت بىلە فەزلىڭنى زەئىفلەر مەركەبى ئەيلەپ ،
سالىپ ئىشقۇ مۇھەببەتنى ئۇلارنىڭ مەنسەبى ئەيلەپ ،
مېنى بىخۇد قىلىپ ئىشق ئوتىدا بىريان كەبى ئەيلەپ ،
ھەمە دەردۇ ئەلەمنى ماڭا تاشلاپ ئانى ھامىل قىل .

ئۆزىنى ھەر كىمكىم ئىشق ئوتىدا ۋالەلەر قىلسە ،
كېزىپ چوللەرنى يىغلاپ كۆز ياشىنى ژالەلەر قىلسە ،
يۈرەكنى داغ ئەيلەپ ھەمچۇ داغى لالەلەر قىلسە ،
چۇ گۈلنىڭ ئىشقىدە بۇلبۇل چەمەندە نالەلەر قىلسە ،
مېنى بۇلبۇل كەبى ئول نالەغە ئىشقىڭدە شامىل قىل .

تەسەددۇق ئەيلەيىن باشىم بىلەن بۇ تەندە جانىمنى ،
ۋەلې ئەدھەم سىفەت تاشلاپ بۇ مۈلكۇ خانىمانىمنى ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا پەرۋاز قىلدۇرۇپ رۇھى رەۋانىمنى ،
فىراقىڭدە زەئىف ئەيلەپ مېنىڭ بۇ ئۇستىخانىمنى ،
ۋىسالىڭ دارۇ ئەيلەپ چۈن كەبى قەلبىمنى كامىل قىل .

كۆرەرمەنمۇ تەلەب قىلسام ئانىڭ ھۆسنۇ جەمالىنى ،
تۇرۇپ باغى ئىرەم ئىچرەكى دىدارى با كەمالىنى ،
بىلۇر ئەلبەتتە ئۆزى ئاشىقىنىڭ دەردۇ ھالىنى ،
ئايا ئامى زەئىف ، قىلدىڭ تەلەب دىلبەر ۋىسالىنى ،
بەسى ئامىل بولۇپ ئىشق ئوتىدا ئۆزۈڭنى فازىل قىل .

* *

سېنىڭ شەۋقىڭدە مەن مەستانە بولسام ،
بەلالار دەشتىدە سەرسانە بولسام ،
مەزەللەت كويىدا جويانە بولسام ،
سېنى تاپىغومىكىن مەردانە بولسام ،
باشىڭدىن ئۆرگەلىپ فەرۋانە بولسام .

ئۆزۈمنى خىزمەتىڭدە بەندە ئەيلەپ ،
غەرىبلىق يولىدا رەۋەندە ئەيلەپ ،
بەلا كۈلفەتنى بەرسەڭ خەندە ئەيلەپ ،
لىباسىمنى كۈلاھۇ ژەندە ئەيلەپ ،
جۇنۇن سەھراسىدا دىۋانە بولسام .

فىراقىڭ دەردىدىن ئۆزدىن كېتىبان ،
مەزارۇ خانىقاھلاردە ياتىبان ،
ئۆزۈمنى ئەھلى دەردلەرگە قاتىبان ،
جەمئى مالۇ مۇلكۇم تەرك ئېتىبان ،
بەيابانغە كىرىپ ۋەيرانە بولسام .

رىيازەتدىن كەمەر بېلىمگە باغلاپ ،
مۇھەببەت ئوتىدا يۈرەكنى داغلاپ ،
بۇ جانىمدىن كېچىپ جانانىنى چاغلاپ ،
فەقىر ئامى زەئىف ئىشقىڭدا يىغلاپ ،
خەلايىق ئاغزىدا ئەفسانە بولسام .

* *

يۈرۈبان بۈيۈك كېلۇرمۇ بەھرى بەردە ئىزلەسەم ،
ياھەبىبىم ، دىلبەرىم ، دەپ كوچىلاردا بوزلاسام ،
ئىگەسى يوق ئىت كەبى گۇزەر ـ گۇزەردە ئىڭراسام ،
ناگەھان رەھمىڭ كېلۇرمۇ كېچەلەردە يىغلاسام ،
كۆزياشىمنى ژالە ئەيلەپ ھەر سەھەردە يىغلاسام .

بولۇبان غەرىب ـ مۇسافىر سەير قىلسام ھەر شەھەر ،
قولىمە ئەسا ئالىپ بولسام قەلەندەر دەربەدەر ،
كىمنى كۆرسەم خىزر دەپ ، بولغايمۇ دىلبەردىن ئەسەر ،
زەئىفراندەك سارغارىپ ئىشقىڭدە ھەر شامۇ سەھەر ،
ئاھ تارتىپ ، نالە ئەيلەب ھەر سەھەردە يىغلاسام .

رەنج ئىلە مېھنەت مۇشەققەت دەشتىدە دائىم بولۇپ ،
ھەم رىيازەت كۇلبەسىدە خىشت ئۆزە تائىم بولۇپ ،
نەفس سەگنى بەندكە تارتىپ ئەمدى مۇلايىم بولۇپ ،
كېچەلەر قايىم بولۇپ كۈندۈزلەرى سايىم بولۇپ ،
كۆپ رىيازەت ئەيلەبان شامۇ سەھەردە يىغلاسام .

ئىشتىياقى ئوتى ئۆرتەپ ئاھ تارتىپ يىغلابان ،
ھۇسنىنىڭ شەۋقى بىلەن باغرىمغە تاشلار ئۇرۇبان ،
ھېچ ئىلاجىن تاپمادىم دەردىمنى ئەمدى نەيلەبان ،
كوھۇ دەرياۋۇ بەيابانىنى كېزىپ دەۋر ئەيلەبان ،
سەجدە ئەيلەپ ھەر زەمان شامۇ سەھەردە يىغلاسام .

بۇ ھەقىر ئاسى غەرىب شەۋق ئوتىدا ھەيران بولۇپ ،
دىلبەرىن ۋەسلىنى تاپماي ئاھ ئۇرۇپ گىريان بولۇپ ،
مۇرغى بىسمىلدەك ھوشى يوق خاك ئۆزە نىمجان بولۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ فەقىر ئامى زەئىف ئىشق ئوتىدا بەريان بولۇپ ،
قامەتىم دۇتاھ بولۇپ شامۇ سەھەردە يىغلاسام .

*   *

بۇ يوللاردا نەۋا ئىستەپ ئۆزۈمنى بىنەۋا قىلغۇم ،
نەۋا تاپقان كىشىلەرغە ئۆزۈمنى ئاشنا قىلغۇم ،
يۈرۈپ كۆپ دەردۇغەم ئىچرە دىلىمدە مۇددەئا قىلغۇم ،
سىنىڭ ئىشقىڭدا مەن دائىم فىغان ئەيلەپ سەنا قىلغۇم ،
ۋەلى ھۇسنۇ جەمالىڭغە بۇ جانىمنى پىدا قىلغۇم .

ھەمىشە ھەجرىنىڭ مەيدانىدا جانباز ئېتىپ ئويناپ ،
فىراقىڭ ئاتەشىدە غەم بىلەن ھەمراز ئېتىپ قايناپ ،
يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن مەدھۇش ئولۇبان تىللارىم چايناپ ،
سىنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن ھەر دائىما بۇ جانىمە قايناپ ،
رىيازەت ئەيلەبان بۇ ئۇستىخانىمغە جەفا قىلغۇم .

يۈزۈڭ ئايىنى يۇشۇردۇڭ ئىككى زۇلفۇڭنى شام ئەيلەپ ،
كۆزۈڭ سەييادى جانلار رىشتەسىنى يايدى دام ئەيلەپ ،
قاشىڭ مىھرىنى ۋەسل ئەھلى قىبلە ئىھتىمام ئەيلەپ ،
ۋىسالىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ سەھەرلەردە قىيام ئەيلەپ ،
جەمالىڭ ئىشتىياقىغە ئۆزۈمنى مۇبتەلا قىلغۇم .

ھەمە ئالەم يۈرۈر غەمسىز ماڭا يۈزلەندى يۈزمىڭ غەم ،
ئىلاجىنى تاپالماسدىن كۆزۈمدە قۇرۇمايدۇر نەم ،
ھەمە كارىم بەتەر بولدى ھەمە قىلغان ئىشىم بەرھەم ،
جەمئى ئەھلى ھاجەتنىڭ دۇئاسىنى ئالىپ ھەردەم ،
تىلەكىنى ئەتا ئەيلەپكى ھاجاتىن رەۋا قىلغۇم .

يۈرەكىم داغىنى دائىم جۇداغە لالەلەر ئەيلەپ ،
بولۇپ مەجنۇن كەبى چۆللەر ئىچىندە ۋالەلەر ئەيلەپ ،
ئۆزۈمنى ، ھەرنە كارىمنى ساڭا ھەۋالەلەر ئەيلەپ ،
ئۈمىد تۇتقاچ ۋىسالىڭدىن سەھەردە نالەلەر ئەيلەپ ،
ياشىمنى ژالەلەر ئەيلەپ بۇ جانىمغە جەفا قىلغۇم .

* *

ۋىسال شەۋقىدە مەنسۇر يەگىلىغ ئەيلەدىم جەۋلان ،
ئۇمىدىم كۆپ ئېرۇر سەندىن ئەجەب دەرد ئۆزرە مەن ھەيران ،
مەلامەت ئانەشىدە قىلدى ئالىملار مىنى سوزان ،
مېنى ۋەسلىڭغە يەتكۈزگىل ئۆزۈڭ رەھم ئەيلەپ ، ئەي جانان ،
ۋىسالىڭنىڭ يولىنى ھېچ تاپالمادىم ئۆزۈم نادان .

ۋەلي ئەدھەم سىفەت چۆللەر ئىچىندە ۋالەلەر قىلسام ،
كۆزۈمنىڭ ياشىنى شامۇ سەھەردە ژالەلەر قىلسام ،
يۈرەكىم داغلارىنى ھەم چۇداغى لالەلەر قىلسام ،
سەھەر بۇلبۇل كەبى يىغلاپ چەمەندە نالەلەر قىلسان ،
مېنىڭ بۇ ئاھۇ زارىمغا نەزەر قىلماس بۇ گۇل خەندان .

فىراقىڭ ئوتى ئۆرتەپ زەررە راھەت بولمايىن ھەردەم ،
ئىچىم قايناپ قازاندەك كۆز ياشىمنى ئەيلەيىن شەبنەم ،
جۇدالىق دەشتىدە قالدىم ئۆزۈمگە تاپمادىم ھەمدەم ،
بەسى ھەجرىڭ سۇئۇد ئەيلەپكى تاقەت قالمايىن يەكدەم ،
يۈزۈمنى يەرگە سۈرتۈپ يەر بىلە قىلغۇم ئۆزۈم يەكسان .

ئۆزۈگىنىڭ ۋەھمىسى كەلگەچ جەمالىڭ رويى كەلتۈرسە ،
جەمالىڭ رەۋشەناسىكىم غەرىبلەر سويى كەلتۈرسە ،
تىرىك جان مۇردەغە ئاغزىڭ سۇيىدىن خۇيى كەلتۈرسە ،
ئەگەر بادى سەباھ زۇلفۇڭ بۇيىدىن بۇيى كەلتۈرسە ،
خىجالەتدىن بولۇرفانى بۇيى مىشك ئىلەگۇل رەيھان ؛

ھەمە كۇلفەت بەلالەرنى باشىمدا ئاسيا قىلسام ،
رىيازەت كۇلبەسى ئىچرە ئۆزۈمنى ئەتقىيا قىلسام ،
يامان نەفسىمنى قىيناپ كور باتىننى زىيا قىلسام ،
ئىزىڭ تۇفراغىنى تاپسام كۆزۈمگە تۇتىيا قىلسام ،
ئىزىڭ تۇفراغىنى كۆرسە خىجىلدۇر خاكى ئول بوستان .

ئۆلۈكسەن زىندە بولساگمۇ ئانىڭ زىكرىنى ئۇنۇتساڭ ،
ئانىڭ ۋەسلىغە يەتمەسسەن كۆزۈڭ ياشىنى قۇرۇتساڭ ،
بولۇرسەن يولىغە لايىق بەلالەر ئوتىنى يۇتساڭ ،
ئايا ئامى زەئىف ، دىلبەر ۋىسالىدىن ئۈمىد تۇتساڭ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولىغا كۆز ياشلىك سەپكىل ئۆزۈڭنى ئەيلەمە خەندان .

* *

هەر گۇزەردە قۇل كەبى جەۋلان قىلسام ئىزلەبان ،
دەربەدەردە ئىت كەبى دەربان بولسام ئىگرابان ،
كوهۇ سەهرا قۇش كەبى تەيران قىلسام رەهرەۋان ،
هەر سەهەر بۇلبۇل كەبى نالان قىلسام سايرابان ،
گۇل تۇبىگە باش قويۇپ نالان قىلسام سايرابان .

دىلبەرىم كېلۇرمۇ دەپ ئۆتەر يولىدا ئولتۇرۇپ ،
ئاي جەمالىنى كۆرەي دەپ مۇنتەرىز قاراپ تۇرۇپ ،
كىمنى كۆرسەم كەلگەننى كۆردىڭىزمۇ دەپ سوروۇپ ،
ئىشقىلىك ئوتىغا مەن ئۇرسام ئۆزۈمنى چەرخ ئۇرۇپ ،
باغرىمە ئەيلەپ كەباب نالان قىلسام سايرابان .

باغ ئارا جەمالىنى كۆرەرگە تەلمۈردى كۆزۈم ،
سۇرخگۇل ئېردى چىرايىم زەئفىران بولدى يۈزۈم ،
يارىمە نامە ئېبەرسەم تەگمەدى قىلغان سۆزۈم ،
شەمئىغە پەرۋانەدەك دەۋر ئەيلەبان ئۇرسام ئۆزۈم ،
گۇل چەمەن ئىچرە كىرىپ نالان قىلسام سايرابان .

بۇ هەقىر ئاسى غەرىب يىغلاپ يۈزۈم ياشىم يۈيۈپ ،
هەجرىنىڭ ئوتىدا دائىم ئۆرتەنىپ باغرىم كۆيۈپ ،
هۇسنى ئىلە جەمالىنى ياد ئەيلەسەم كۆڭلۈم تويۇپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىف ئاستانەگە باشىم قويۇپ ،
ۋەسلىغە يەتكۈمىكىن نالان قىلسام سايرابان .

* *

ئىلىم ئوقۇپ ئالىم بولۇپ قىلماي ئەمەل بىخۇد ياتىپ ،
ئۈممىيۇ جاهىل ئاۋامغە هىيلە يولنى ئۆرگەتىپ ،
رىشۋەلىغ مالىن ئالىپ تەدبىر بىلەن يول كۆرسەتىپ ،
دائىما زالىم بولۇپ ئاجىز يەتىمغە زۇلم ئېتىپ ،
مالىنى زۇلمەن ئالىپ ئۆمرىنى بەرباد ئەيلەگەن .

غەيرى مەزھەب شۇبھەخورلار نانىنى ھەرىارە يەپ ،
ئىشكىدە دەربان بولۇپ سۇد ئىشىغە ئەيلەپ سەبەپ ،
ماگا بىر مەنسەپ بېرۇر دەپ مەقسەدى مەنسەپ تەلەپ ،
ئەھلى مەنسەپ رىشۋەخورنى دوست تۇتۇپ مەنسەبنى دەپ ،
ئالدىدا قايىم تۇرۇپ ئۆمرىنى بەرباد ئەيلەگەن .

*        *

ئىكى شەھلا كۆزۈڭگە ھەرزەمان بەردى خىراج ئاھۇ ،
تەبىبلەر دارۇسى بولدى ماگا ھەر لەھزىدە ئاغۇ ،
تەنىمدە نىشى ھىجران نەشتەرىدىن يۈز تۈمەن ئارزۇ ،
بۇ دەردىمغە سېنىڭدىن ئۆزگە نافىئ بولمادى دارۇ ،
جەھاننى دەۋر قىلسام سەن كەبى ھازىق تەبىب بارمۇ .

ئۇرۇپ ئاھ ، ئوتغە تۇشكەن قىل كەبى ھەرلەھزە تولغانسام ،
كى شام ۋەقتىدە كۆيگەن شەمئ يەگلىغ ئۆرتەنىپ يانسام ،
ۋىسالىڭ شەربەتىدىن نۇش ئېتىپ ئارزۇغا مەن قانسام ،
بەناگاھ خۇيلارىڭنى ياد ئېتىپ ئۇيقۇمدىن ئويغانسام ،
كېچە سۇبھ ئۆرلەگۈنچە كەلمەگەي كۆزۈمگە بىر ئۇيقۇ .

كېچەلەر ئاتەشى ھىجران مېنى ئۆرتەپ ياتالماسمەن ،
بولۇپ كۈندۈزدە بىئارام فەراغەتتە تۇرالماسمەن ،
يۈرەكىم تازە داغى سوزىشىدىن تۇرالماسمەن ،
ئىكى زۇلفۇڭنى ياد ئەتسەم بۇ كۆڭلۈمنى تاپالماسمەن ،
جەھانغە سەن كەبى ھېچ كەلمەگەي شوخۇ بىردىلجۇ .

گەدايىڭنىڭ باشىغە تۇشسە سەۋدا تاج يەگلىغدۇر ،
سېنىڭ زىكرىڭنى ئايتىپ سايراش دۇرراج يەگلىغدۇر ،
يۈزۈڭ ئايىنى زۇلفۇڭ باسقانى سەيداج يەگلىغدۇر ،
سېنىڭ زۇلفۇڭ قاراسى ئۇل شەبى مېئراج يەگلىغدۇر ،
كى زۇلفۇڭغە خىراج بەردىكى چىن مۇشكى بىلەن ھىندۇ .

سېنىڭ كويۇڭدا يۈرگەنلەر بولۇر ئېرمىش سەئادەتمەن ،
ئۆزىدىن ئۆزگەنى تاشلاپ چىقىپ تەخت ئۆزرە دەۋلەتمەند ،
ۋەلېكىن بولماس ئېرمىش تەختۇ تاجغە ئەسلى ھاجەتمەند ،
سېنىڭ سۇنبۇل ساچىڭنىڭ تارىغە بۇ خەستە كۆڭلۈم بەند ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇدا ھېچكىمگە بەرمەپتۇ سېنىڭ ساچىڭ كەبى گېيسۇ .

ھەمىشە بىنەۋا بولغىل ئۆزۈڭنى ئىنكسار ئەيلەپ ،
نەۋاتاپ بىنەۋالىقتىن ئۆزۈڭنى خارۇ زار ئەيلەپ ،
تەكەببۇر ماۋۇ مەنلىكتىن يىراق بول شەرمسار ئەيلەپ ،
ئايا ئامى زەئىف ، شامۇ سەھەردە ئاھۇ زار ئەيلەپ ،
ئانى كۆڭلىدە ياد ئەيلەپ تىلىڭدە جارى قىل ھۇ ـ ھۇ .

* *

خۇمار كۆزۈڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ ،
قەمەر يۈزۈڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ ،
شىرىن سۆزۈڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ ،
سېنىڭ ھۇسنۇڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ ،
ئىكى قاشىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ .

قەدىڭدۇر سەرۋ يا ئەرئەر يۈزۈڭ خۇرشىد ئىرۇر گۇلفام ،
يۈزۈڭ چۇن سۇبھى سادىقدۇر ئىكى زۇلفۇڭ سىياھى شام ،
ئەجەب بۇ ئىككىسى بىرۋەقت ئىچىدە تاپماقى ئەنجام ،
سەھەردە ئاھلار تارتىپكى نالە ئەيلەدىم ھەر شام ،
كېچە زۇلفۇڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ .

ئەجەب بەختىم قارا ئىرمىش ئىشىم ھېچ تاپمادى رەۋنەق ،
دىلىمدە ئويلاغان كارىم ۋۇقۇئغە كەلمەدى مۇتلەق ،
قەساۋەت باغلادى دىلنى ئىلاج تاپماي قىلۇرغە شەق ،
ئەگەر غەمزەڭنى يادئەتسەم بۇ كۆڭلۈم مەستۇ مۇستەغرەق ،
كى رۇخسارىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ .

قارارمەن دىلبەرىم قايدىن كېلۇر دەپ ئۇكۇ سولۇمغە ،
لىباسىمغە كىيىپ ژەندە ئالىپ ئەسانى قولۇمغە ،
رەۋان بولسام كېلۇر زۇلفى بۇيى ھەر لەھزە يولۇمغە ،
ئىكى زۇلفۇڭنى دام ئەتتىڭ مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمغە ،
خەتۇ خالىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمغە كەلمەگەي ئۇيقۇ .

ھەقىر ئاسى قولۇڭ ھېچ چارە تاپماي بولدى قەددىم نۇن ،
سېنىڭدىن ئۆزگە يوقتۇر رەھم ئېتەرگە ھېچ كىشى ئەكنۇن ،
قىلۇرسەن ھەر كىشىنى خاھلاساڭ فەزلىڭ بىلەن مەمنۇن ،

فەقىر ئامى زەئىف بولغاچ سىنىڭ كويۇڭدا بىر مەجنۇن ،
لەبى لەئلىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ .

*　*

ئەھلى ئارىف مەتلۇبىدىن غەيرىنى ياد ئەتتىمۇ ،
ھەر قەزا كەلسە تەھەممۇل قىلدى فەرياد ئەتتىمۇ ،
گىريە ئەفغان بىرلە ئۆتتى كۆڭلىنى شاد ئەتتىمۇ ،
ئەھلى ئاشىق مەئشۇقدىن ئۆزگەنى ياد ئەتتىمۇ ،
ھەربەلا كەلسە باشىغە ئۆزگىگە داد ئەتتىمۇ .

دىلبەرىنىڭ يولىغە ئەيلەپ بۇ تەن جانىنى فىدا ،
بىرنى ئۆتتى ، بىرنى دىدى كۆڭلىدە بىر مۇددىئا ،
ئۆزگە قىلدى ھەرام مەھبۇبدىن ئۆزگە ماسىۋا ،
كۆپ بەلالاردەستىدىن تەندىن جانى بولسا جۇدا ،
كۆپ تەھەممۇل ئەيلەدى ئۆزگىگە فەرياد ئەتتىمۇ .

باشنى ئەيلەپ تەسەددۇق يولىدا بەخش ئەيلەبان ،
زىكرىن ئايتىپ كىچە ـ كۈندۈز دىلىنى فەخش ئەيلەبان ،
جۇببە جەۋشەننى كىيىپ ھىممەت ئاتىن رەخش ئەيلەبان ،
دىلبەرىنىڭ زىكرىنى كۆڭلىگە كۆپ فەخش ئەيلەبان ،
كۆڭلىنى بەردى ئاڭا ئۆزگىگە سەيياد ئەتتىمۇ .

كۆلبەئى ئەھزان ئىچىدە ئۆزىنى رەنجۇر ئىتىپ ،
نەفس سەگنى زىندان ئىچرە ھەبس ئىلە مەجبۇر ئىتىپ ،
دىۋ ـ شەيتانلار كۆزىن فەرھىزلىق ئىلە كور ئىتىپ ،
ھەر زەمان ئەيلەپ رىيازەت كۆڭلىنى مەئمۇر ئىتىپ ،
دىلبەرىن زىكر ئەيلەدى ئۆزگەنى ئاباد ئەتتىمۇ .

ئۇتۇبان تەقۋا يولىنى قەلبىنى ئەيلەسە چاك ،
ھەر ھەرامۇ شۇبھەلەردىن ئۆزىنى ساقلاسا پاك ،
نەفسنى شكەشتە ئەيلەپ ئۆزىنى چاغلاسا خاك ،
ھەر كىشى دىلبەرنى ئىستەپ يولىدا بولسا ھەلاك ،
زىندە قىلدى ۋەسل ئولۇپ ئۆمرىنى بەربات ئەتتىمۇ .

بۇ ھەقىر ئاسى ئاۋام ئىخلاسىدە مەقبۇل بولۇپ ،
ئۆزىنى دانا تۇتۇپ خەلق ئەھلىغە مەئقۇل بولۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرھەلال ـ ھەرامنىڭ فەرقىن قىلمايىن مەجھۇل بولۇپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىف دۇنياغا كۆپ مەشغۇل بولۇپ ،
سۇبھى ـ شام ئۇل دىلبەرىنى كۆڭلىدە ياد ئەتتىمۇ .

* *

ساڭا ئەئيان ئېرۇر ئاچۇق ـ نىھانە ،
يىراق ـ يېقىنۇ ھازىر ـ غايىبانە ،
ئۆزۈڭ يالغۇزۇبىشەك بىگۇمانە ،
سېنىڭ ھەجرىڭ ئوتى تەگدى بۇ جانە ،
كەباب يەڭلىغ قىلىپ بۇ ئۇستىخانە .

ئۆتەر يۈزمىڭ قۇسۇرلۇق نۇقس بىزدىن ،
يېتەر لۇتفۇ ئىنايەت بىزگە سىزدىن ،
ھەراسان ھەم ئۇمىدۋار رەھمىڭىزدىن ،
خىجىل بولغاي قىزىلگۈل ھۇسنىڭىزدىن ،
فىراقىڭ ئۆيرۈدى رۇھىم سەمانە .

ئەگەر مىڭ خىل نىشاننى دەير قىلسام ،
قاناتىم بولسە تىنماي تەير قىلسام ،
يولۇڭدا ھەرنە بارىم خەير قىلسام ،
ئەگەر مىڭ يىل جەھاننى سەير قىلسام ،
تاپالماي سەن كەبى نازۇك ميانە .

بارىپ دەرگاھىڭە بولۇپ مۇلازىم ،
ھەمىشە خىزمەتىڭ ۋاجىبۇ لازىم ،
كىشى سەندىن يىراق ئۆلگۈنچە نادىم ،
ھەمە شەھزادەلەر ئالدىڭدا خادىم ،
تۇغۇلماس سەن كەبى شاھى جەھانە .

بەھار ۋەقتىدە بۇلبۇل بىرلە دۇرراج ،
سەنا ئايتۇر جەمالىڭغە ساغىنغاچ ،
قىزىلگۈلدۇر يۈزۈڭ زۇلفۇڭ ئەجەب داج ،
ھەمە ساھىبجەمال ھۇسنۇڭغە مۇھتاج ،
سېنىڭدەك خۇب جەمال كەلمەس جەھانە .

ئايا ئاسى ، دىلىڭنى قىل شىكەستە ،
كىشى تاش ئۇرسا باشىڭ ئەي خوجەستە ،
كۆلۈپ باقىغىل يۈزىگە مىسلى پىستە ،
ئايا ئامى زەئىف ، دىلبەرنى ئىستە ،
كۆڭۈلنى بەرمەگىل ياخشى يامانە .

* *

كېلىپ شەۋقىڭ ئوتى تەگكەچ يۈرەكىم بەندىغە ھەرگاھ ،
يىلاندەك تولغانۇرمەن شۇئلە ئۇرغاچ ھەر كېچە ناگاھ ،
ئەجەب دەرد ئىچرە قالدىممەن بولۇپ قامەتلەرىم دۇتاھ ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ھەردەم نالە ئەيلەپ مەن ئۇرارمەن ئاھ ،
كى شام ۋەقتىدە زار ئەيلەپ سەھەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ .

فىراقىڭ ئىچرە قالغاچ كۆزدە ياشىم ئەيلەدى سەيلان ،
جىگەر باغرىم كەباب بولدى بولۇپ ھەجر ئوتىدا سوزان ،

ئەجەب هەيرەتدە قالدىمەن مېنى كىم ئەيلەدى هەيران ،
هەمىشە هەسرەتىڭدە غەم قىلىپ بولدى يۈرەكىم قان ،
بۇ جىسمىم ئۆيرۈلۈپ بەريان سەهەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ .

چۇئاھ ـ فەريادلار قىلسام مېنى باستى ئەجايىب غەم ،
ۋىسالىغە يېتەرمەن دەپ كۆزۈمدە قۇرۇمايدۇر نەم ،
يۈزى گوياكى گۈلدۇر، گۈل ئۈزە ئەشكىم بولۇر شەبنەم ،
بەناگاھ ياد قىلسام ئۇستىخانىم قاخشاشۇر هەردەم ،
كى تاقەت قالمايىن بىردەم سەهەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ .

ئىكى قاشىڭ ئىكى قۇشتۇر هەمە ناۋەكلەرىڭ ئوقدۇر ،
سېنىڭ فىكرىڭ بىلەن دائىم دىلىم يادىڭ بىلەن توقدۇر ،
سېنىڭ جەبر ئەتكەنىڭ هەردەم ماڭا راهەتتىن ئارتۇقدۇر ،
مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمدە سېنىڭدىن ئۆزگەسى يوقدۇر ،
ۋىسالىڭدىن ئۇمىد ئەيلەپ سەهەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ .

هەقىر ئاسى غەرىب شەۋقىڭ ئوتىدا ئەيلەدىم گىريان ،
قۇرۇپ قاخشال كەبى جىسمىم جىگەر ـ باغرىم بولۇپ بەريان ،
هەمىشە ئىشتىياقىڭ دەشتىدە بولدى باشىم سەرسان ،
فەقىر ئامى زەئىف هەجرۇ فىراقىڭدا بولۇپ هەيران ،
كى دىدارىڭ نەسىب قىل دەپ سەهەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ .

* *

دىلىمغە شەۋقى ئوتىن تاشلاپ خەيالىڭدىن بەئىد ئەتمە ،
كۆزۈمنى تۈنۇ كۈن ياشلاپ جەمالىڭدىن بەئىد ئەتمە ،
سالىپ رەنجۇ مۇشەققەتنى جەلالىڭدىن بەئىد ئەتمە ،
ماڭا رەهم ئەيلەپ ئەي جانان ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە ،
بەسى هەجرىڭدە كۆيدۇر گىل ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

بۇ يول ئىچرە غەرىبدۇر مەن ئۆزۈم يالغۇز غەرىب باشىم ،
كۈنۈم دەردۇ ئەلەم بولدى زەهەر بولدى يېگەن ئاشىم ،
سېنىڭدىن ئۆزگە هەمدەم يوق سېنىڭدىن ئۆزگە يولداشىم ،
سېنىڭ هەجرۇ فىراقىڭدا كۆزۈمدىن قان ئاقار ياشىم ،
تەسەددۇقتۇر ساڭا باشىم ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

دىلىمدە مۇددىئايىم سەن بۆلەك هېچ مۇددىئا بولماس ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېنى دېگەن گەدايىڭ پادىشاھدۇر كىم گەدا بولماس ،
ۋەلېكىن زىكر ـ فىكرىڭ كۆڭلىدىن ھەرگىز جۇدا بولماس ،
سېنىڭدىن ئۆزگە ھېچكىم دەردىمە ھەرگىز داۋا بولماس ،
بەسى رەنجىدە قالدىممەن ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

ئۆزۈڭ غەمخار ئېرۇرسەن سەندىن ئۆزگە غەمگۇزارىم يوق ،
جەھانبان مېھرىبانسەن ئۆزگە ھېچ بىر دىلبەر نىگارىم يوق ،
يۈرۈيمەن مەستۇ مۇستەغرەق ۋەلې باشقە خۇمارىم يوق ،
ئەگەر ھۇسنۇڭنى ياد ئەتسەم تۇرارغە ھېچ قەرارىم يوق ،
كۆرەرگە ھېچ ئىلاجىم يوق ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

يۈزۈڭ ئايىنى ياد ئەيلەپ كۆزۈم ئەشكى ئاقار خۇنبار ،
ئىكى شەھلا كۆزۈڭ بولدى دىلىم بەند ئەتكەلى ئەييار ،
تۈشۈپ دامىغە بولدۇم مۇرغى بىسمىل خاك ئۈزە ناچار ،
مېنىڭ ھالىم بەسى دىشۋار سېنىڭدىن ئۆزگە يوق غەمخار ،
نەسىب قىلغىل ماڭا دىدار ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

قىلىپ لۇتفۇ ئىنايەتنى جەھانبان مېھرىبانىمسەن ،
ۋەلېكىن ھەرنە قىلساڭ قىلغۇچى جانۇ جەھانىمسەن ،
ئۆزۈڭ قادىر ئېرۇرسەن بارچە ئىشقە پادىشاھىمسەن ،
بەسى خۇيلۇغ نىگارىمسەن مېنىڭ پۇشتۇ پەناھىمسەن ،
جەھانبان پادىشاھىمسەن ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

ھەقىر ئاسى ئىشكىڭدە قويۇپ باش بىئەدەب قىلغۇم ،
يامان نەفسىمنى قىيناپ خاكى زىللەتتە غەزەب قىلغۇم ،
جىھاد ئەيلەپ بۇ سەگنى قەتل ئېتەرگە تىغ سەبەب قىلغۇم ،
فەقىر ئامى زەئىف ھەردەم ۋىسالىڭنى تەلەب قىلغۇم ،
تىلەكىمنى ئەتا قىلغىل ۋىسالىڭدىن بەئىد ئەتمە .

* *

ھەجر ئوتىنىڭ شۇئلەسىدە دىلنى سوزان قىلدىلا ،
يىغلاتىپ فۇرقەت ئوتىدا بىزنى سەرسان قىلدىلا ،
داغۇ فۇرقەت دەشتى ئىچرە خانە ۋەيران قىلدىلا ،
ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ باغرىمنى بىريان قىلدىلا ،
ھەجرىنىڭ سەھراسىدا غۇلى بەيابان قىلدىلا .

خەلق ئارا بولدۇم جۇنۇن باشمنى سەۋداغا ساتىپ ،
ۋەسلىنىڭ يولىن تاپالماي ئىزلەبان باشىم قاتىپ ،
ۋادىئى ئۇزلەت ئارا مەدھۇش ئولۇپ ئۇزدىن كېتىپ ،
ماڭا بىر قىلماي نەزەر ئەيشۇ فەراغەتتە ياتىپ ،
دەردۇ غەم تاشلاپ ماڭا كۆڭلۇم پەرىشان قىلدىلا .

هەر سەهەر زۇلفۇڭ بۇيى هەردەم دىماغىمغە كېلىپ ،
ئۇرتەدى پەرۋانەدەك دەرد ئۇستىگە دەردنى سالىپ ،
نەيلەيىن ۋەسلىڭغە يەتمەي كوهى غەم ئىچرە قالىپ ،
كۆز ئۇچى بىرلەن تەبەسسۇم ئەيلەبان كۆڭلۇم ئالىپ ،
قەتل قىلماي ئۇلتۇرۇپ كۆزۈمنى گىريان قىلدىلا .

هەرقاچان يادىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى مەمنۇن ئەيلەسەم ،
دەشتى چۆللەردە يۈرۈپ ئۇزۈمنى مەجنۇن ئەيلەسەم ،
كۆپ رىيازەتتىن يۈكۈپ قەددىمنى چۇ نۇن ئەيلەسەم ،
هەر زەمان ۋەسلىڭنى ئىزلەپ باغرىمە خۇن ئەيلەسەم ،
ۋەسلىنى تەبدىل قىلىپ ئۇرنىغە هىجران قىلدىلا .

بۇ هەقىر ئاسى غەرىبنى دەرد ئوتىدا ئۆلتۈرۈپ ،
مۇرغى بىسمىلدەك مەزەللەت خاكى ئۇزرە كۆمدۈرۈپ ،
زۇلفى مۇشكىنىڭ بۇيى بىرلەن ئانى تىر گۇزدۇرۇپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىفنى ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ،
ئىشتىياق بىرلەن فىراق دەشتىدە هەيران قىلدىلا .

* *

لۇتفۇ ئىهسان ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىدە ،
ئاچىلىپ غۇنچە كەبى بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىدە ،
شەۋق ئوتىغە هەر زەمان پەيۋەستە كۆڭلۇم ئالدىدە ،
كۆز ئۇچى بىرلەن باقىپ بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىدە ،
يۈز تۈمەن ناز ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىدە .

دىلبەرىم قايدىن كېلۇر دەپ يولىدا تۇرغۇچىدا ،
بەلكى بىتاقەت بولۇپ دەردىدە ئاھ ئۇرغۇچىدا ،
هەمە خۇبانلار چىقىپ تەخت ئۇزرە ئولتۇرغۇچىدا ،
ئول رەۋاق ئۇزرە چىقىپ ئەيلەپ نەزەر كۆز ئۇچىدا ،

uyghurkitap.com


زارۇ گىريان يىغلاتىپ بۇ خەستە كۆڭلۈم ئالدىدە .

ئىرىقلىك ئىچرە ئۇششاق تاشى ئىرۇر كىم ئۇنچەدەك ،
بەئزەسى دۇردانە يەگلىغ بەئزەسى گۇرۇنچەدەك ،
كاكۇلۇڭنىڭ تارىدۇرۇر كۆڭلۈم ئارا تۇگۇنچەدەك ،
بۇ سىنىڭ لەئلى لەبىڭ ئەيلەپ تەبەسسۇم غۇنچەدەك ،
مىنى بىھۇش ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭلۈم ئالدىدە .

خەلق ئارا تاپتىم مەلامەت باشىمە سەۋدا سالىپ ،
ئۆزىدىن ئۆزگەنى بىلمەي خاكى زىللەتتە قالىپ ،
رەھم ئىتىپ ئەيلەپ نەزەر ئولتۇردى باشىمدە كىلىپ ،
كۆز ئىلە كىرفىكلەرىنىڭ غەمزەسى كۆڭلۈم ئالىپ ،
قەتل قىلماي ئۆلدۇرۇپ بۇ خەستە كۆڭلۈم ئالدىدە .

بۇ ھەقىر ئاسى غەرىبتىن ئار ئىلە نامۇس ئىتىپ ،
قويۇبان يۈزمىڭ گۇناھنى ئەمر ئىلە مەھبۇس ئىتىپ ،
ھەرنە قىلغان كارىنى ئۆز خاھىشىڭ مەئكۇس ئىتىپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىفغە ئىككى قاشىڭ قەۋس ئىتىپ ،
كىرفىكىڭنى ئوق ئىتىپ بۇ خەستە كۆڭلۈم ئالدىدە .

* *

ھەجر ئوتىدا ئۆرتەگەن گۇلزارنى ئىزدەپ باراي ،
دەردۇغەم سالغان ماڭا غەمخارنى ئىزدەپ باراي ،
يۈزلەرى ئايدەك كۆزى خۇممارنى ئىزدەپ باراي ،
كۆڭلۈمە ئالغان پەرى رۇخسارنى ئىزدەپ باراي ،
ئىشق ئوتىنى ماڭا سالغان يارنى ئىزدەپ باراي .

باغدا بۇلبۇللار مىنىڭ ھالىمنى كۆرگەچ يىغلاشۇر ،
ئاھۇ زارىم ئاڭلاسا ھۇشۇتۇيۇرلار ئىگراشۇر ،
دىلبەرىم ئىرۇر پەرىزاد ئاڭا كىملەر ئوخشاشۇر ،
ھەر زەمان ياد ئەيلەسەم بۇ ئۇستىخانىم قاخشاشۇر ،
كوھۇ چۆللەرنى كىزىپ دىلدارنى ئىزدەپ باراي .

يۈرۈبان ئەدھەم سىفەت چۆللەر ئارا ۋالە قىلىپ ،
يۈرەكىمنىڭ داغلارىنى داغ چۈن لالە قىلىپ ،
ھەر ئىشىمنى تاپشۇرۇپ ئۆزگە ھەۋالە قىلىپ ،

كېچەلەر نالە قىلىپ كۆز ياشىمە ژالە قىلىپ ،
يۈرەكىم پارە قىلىپ غەمخارنى ئىزدەپ باراي .

*

دەردىنىڭ ھىجران ئوتىدا يۈرەكىم پۈر خۇن بولۇپ ،
كۆلبەئى ئەھزاندا قالدىم روز ـ شەب مەھزۇن بولۇپ ،
تاپمادىم رەۋنەق ھەمە كارىم ئەجەب زەبۇن بولۇپ ،
ئەگلىمە ژەندە كىيىپ سەرسان كەبى مەجنۇن بولۇپ ،
كېچەلەر قايىم تۇرۇپ جەببارنى ئىزدەپ باراي .

*     *

ۋەسلىنى ئىزلەپ دەۋام مەزار ـ مەزارلاردا تۈنەي ،
باش قويۇپ پىرى مۇغان ئاستانەسى سارى كۈنەي ،
ئىشقىنىڭ مۇئەللىمىدىن دەرسۇ سەبەقنى ئۆرگۈنەي ،
ئىشق ئوتىدىن ئايلانىپ پەرۋانە يەگلىغ ئۆرتىنەي ،
ھەر سەھەردە ئاھ ئۇرۇپ پەرۋانە يەگلىغ ئۆرتىنەي .

ئاي جامالىگغە قاراپ تۇرسام ئوگۇ سولۇگدا مەن ،
مۇرغى بىسمىلدەك بۇ جاننى تاپشۇرۇپ قولۇگدا مەن ،
ماسىۋانى تەرك ئېتىپ ئۆلسەمكى مەشغۇلۇگدا مەن ،
مىڭ باشىم بولسە تەسەددۇق ئەيلەبان يولۇگدا مەن ،
جانىمە ئەيلەپ فىدا پەرۋانە يەگلىغ ئۆرتىنەي .

لۇتفۇ فەزلىڭ بىرلە بۇ غەمكىن كۆكلىنى شاد ئېتىپ ،
ھەجرۇ فۇرقەت دەشتىنى كۆز ياشىدا ئاباد ئېتىپ ،
بۇ ھەزىن كۆگلۈمنى دۇنيا ۋەھمىدىن ئازاد ئېتىپ ،
ئىككى قاشىڭ ياد ئېتىپ ھۆسنۇگغە مەن فەرياد ئېتىپ ،
ئەرزۇ ھالىم داد ئېتىپ پەرۋانە يەگلىغ ئۆرتىنەي .

بۇ فەقىر ئاسى غەرىب ھەردەم خەياللىڭ شەۋقىدە ،
جانۇ تەن لەززەت ئالۇر ھەردەم ۋىساللىڭ زەۋقىدە ،
سەرنەۋشت قەلەمدە يازمىش بارمۇ ۋەسلىڭ رىزقىدە ،
بۇ ھەقىر ئامى زەئىف ھۆسنۇ جەمالىڭ ئىشقىدە ،
زەئىفەرانىدەك سارغارىپ پەرۋانە يەگلىغ ئۆرتىنەي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *

ياز ـ قىشى ھېچكىم ساداقەت ئىچرە سەندەك بولمادى ،
راھى راستلىقدا رەفاقەت ئىچرە سەندەك بولمادى ،
راستگويلۇقدا ئەدالەت ئىچرە سەندەك بولمادى ،
ھېچكىشى ھۆسنۇ لەتافەت ئىچرە سەندەك بولمادى ،
زۇلفى گىسۇ ، قەددى ـ قامەت ئىچرە سەندەك بولمادى .

ھەر كىشى كىبرۇ ھەۋا بىرلەن يۈرۈپ ئاشۇندىكىم ،
ناتەۋان غەرىب يەتىمنى يىغلاتىپ تاشۇندىكىم ،
ئاچچىغىنى يۇتمايىن ئەيلەپ غەزەب شاشۇندىكىم ،
قاشلارىنىڭ ياسىنى كۆرگەچ يېڭى ئاي ياشۇندىكىم ،
قاشۇ كىرفىك بۇ سەلابەت ئىچرە سەندەك بولمادى .

ھەر كىشى ئىشقۇ مۇھەببەت يولىدا رەۋەندەدۇر ،
خەلقدىن تەجرىد ئولۇپ ئەگلى پالاسۇ ژەندەدۇر ،
قولىغە ئەسا ئالىپ چوزۇق كىيىپ جويەندەدۇر ،
كۆزلەرىڭ شەھلا سىفەت شەمئۇ چىراغ شەرمەندەدۇر ،
خالۇ خەتلەرمۇ مەلاھەت ئىچرە سەندەك بولمادى .

مۇلكىنى تاشلاپ بەيابان ئىچدە باغرى كەباب ،
خانەۋەيران كۆزى گىريان ھالۇ ئەھۋالى خەراب ،
تولغانىپ ئىلان مەسەللىك ئۇيقۇ يوق يۇلدۇز ساناب ،
يۈزلەرىڭ ئايىنى كۆرسە ھەم خىجىلدۇر ئافتاب ،
ماھتاب ھەرگىز سەباھەت ئىچرە سەندەك بولمادى .

جۇملەئى ساھىبجەماللار بولغۇسىدۇر ساڭا قۇل ،
ئالدى نۇرۇڭ زەررەسىدىن نۇرنى ئاي ـ كۈن سۇرخگۇل ،
ئەيلەدىڭ نازۇ كەرەشمە بىرلە زۇلفۇڭ بىزگە غۇل ،
قامەتىڭدۇر سەرۋى ئەرئەر زۇلفى سۇنبۇل يۈزى گۇل ؛
شەھدۇ شەككەرلەر مەزاقەت ئىچرە سەندەك بولمادى .

بۇ ھەقىر ئاسى غەرىب ھەجرىگدە دىۋانە بولۇپ ،
داغۇ فۇرقەت ئاتەشى ئىچىدە سوزانە بولۇپ ،
ھەر زەمان مەدھۇش كەبى ئىشقىگدا مەستانە بولۇپ ،
بۇ فەقىر ئامى زەئىف دەردىگدە سەرسانە بولۇپ ،
يىغلادىم ھىچكىم ئىنايەت ئىچرە سەندەك بولمادى .

## مەئرىفەتى تەئلىق

مۇھەببەتنىڭ يولىغا كىرمەگەنلەر خۇب ئەمەس ،
ئەھلى مۇھەببەت بىلەن يۈرمەگەنلەر خۇب ئەمەس ،
ئاشىق قۇللار مەردانە سۆزلەرىدۇر دۇردانە ،
ئىشق ئوتىدا پەرۋانە ئىشقى يوقلار بۇلھەۋەس .
ئىپتىداسى « ئەلىق » دىن ئىنتىھاسى « يا » غىچە ،
ھەر رەدىفى ھۆرۇفدىن بولدى ئۈچتىن بەيت ئەسەس .
سەكسەن يەتتە بەيت بولدى تەجرىد ئىككى مىسرەئلىك ،
مۇسەللەسنى زەم قىلدىم بولدى تەفرىد مۇخەممەس .
بۇ ھەم سەكسەن يەتتەدىن بەيتى ئارتۇق تۇشمەدى ،
ئۈچنى تۇغدى ئىككىسى جەمئ بولدى مۇخەممەس .
ئىككى كىشى بەش بولدى ئىككى تەنلىك ئۈي ئىچرە ،
سەكسەن يەتتە بەيت ئارا سىغىپ بولدى مۇخەممەس .
مۇستەھزاددىن ھەم قىلدىم بىر كەم ئوتتۇز ھۆرۇفنى ،
رۇبا ئىيات نامىلىغ تۆرت مىسرەئدىن كۆپ ـ ئەمەس .
ئىشتىياقىم دىلىمدە جۇش ئەيلەدى روزۇ شەب ،
يازدىم يىغلاپ تەجرىدىن قان يىغلاسام ئەرزىمەس .
زەۋقۇ شەۋقىم زىيادە بولدى غەرىب بىنەۋا ،
يىغلاپ رىيازەت بىلەن يازدىم تەفرىد مۇخەممەس .
بۇ ئەبياتلار ئىچىگە دەرج ئەيلەگەن سۆزۈمنى ،
ئەھبابلار بىلسۇن دەپ بەيان قىلدىم بولدى بەس .
ئامى زەئىف بىنەۋا نەۋا ئىستەر ھەر كىشى ،
بىنەۋالىقتىن تاپار بول بىنەۋا بولمە كەس .

www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

## پەھلىۋان مەھمۇد

مۇھەررىردىن: پەھلىۋان مەھمۇد ھىجرىيە 645 ــ يىلى، مىلادى 1247 ــ يىلى خارەزمدە تۇغۇلغان. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك پالۋان بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭ ۋە چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدە خارەزم، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانىدا زور شۆھرەت قازانغان. كىشىلەر ئۇنى «پەھلىۋان»، «پەھلىۋان ئاتا» دېگەنناملاردا ئاتاشقان. پەھلىۋان مەھمۇدنىڭ يەنە «پۇريايۋەلى» دېگەن ھۆرمەت نامىمۇ بار. بۇ نامىمۇ پالۋانلار ئۇستازى دېگەن مەنىدە ئىكەن.

پەھلىۋان مەھمۇد يەنە ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، ئىنسانپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ئىش ــ پائالىيەتلىرى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ۋە يۇقىرى بەدىئىي سەنئەتكە ئىگە رۇبائىيلىرى بىلەن ئۆز زامانىنىڭ دانىشمەنلىرى سۈپىتىدە خارەزم ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە رۇبائىيچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆھپىسى زور بولغان. پەھلىۋان مەھمۇد رۇبائىيچىلىقتا ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ۋە سەنئەت ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. شۇڭا ئۇ «خارەزمنىڭ ھەييامى» دېگەن نام بىلەن تەرىپلەنگەن. پەھلىۋان مەھمۇد رۇبائىيلىرى پارس ــ تاجىك تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا پارسىي، تۈركىي تىللىق خەلقلەر رايونىغا خېلى كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەر ئۇنى ئەۋلىيا دەپ قارىغان. پەھلىۋان مەھمۇد ھىجرىيىنىڭ 726 ــ (مىلادى 1326 ــ) يىلى 79 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى خارەزمدە مۇقەددەس زىيارەتگاھقا ئايلانغان.

پەھلىۋان مەھمۇد رۇبائىيلىرىدا جەسۇرلۇق، مەردلىك، ئۇلۇغۋارلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، كىشىلىك ھايات ۋە پاك ئىنسانىي مۇھەببەت كۈيلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا پەھلىۋان مەھمۇد رۇبائىيلىرىدىن بىر قىسمى تونۇشتۇرۇلدى. بۇ رۇبائىيلار توختاسىن جەلالوۋ تەشرىگە تەييارلىغان «رۇبائىيلار» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى. بۇ كىتابچە تاشكەنت غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ــ يىلى نەشر قىلىنغان.

* *

ئۆز گىلەرنى ماڭا تەكيگاھ قىلما،
مۇھتاجى ۋەزىرۇ پادشاھ قىلما.
كەرەمىڭدىن قارا چېچىم ئاقاردى،
ئاق چېچىم بىلەن بەختىمنى سىياھ قىلما.

* *

گۈل يۈزىدە بۇلۇت نىقابتۇر ھونۇز،
كۆڭۈللەرنىڭ مەيلى شارابتۇر ھونۇز.
ئۇخلىمىغىن، غەپلەت ۋاقتىمۇ ھازىر،
مەي ئىچ، جانان، چۈنكى ئاپتاپتۇر ھونۇز.

* *

گۈل ياغىدۇ يۈزلىرىڭدىن سۈبھىۋار،
گۈل ياغىدۇ خۇلقۇڭ گويا نەۋ باھار.
ھەر بىر نەپەس رەڭدار بولۇپ بۇ ئالەم،
گۈل ياغىدۇ يۈزنى ئېچىپ كەڭ دىيار.

* *

جاھان يۈزدۇر ، رەڭگى روپى ئۆزۈڭسەن ،
ئەقىل دەريا ، ئۆنىڭ سۈيى ئۆزۈڭسەن .
گۈل بەرگىدە شەبنەم كەبى ئولتۇرما ،
بۇ باغچىنىڭ رەڭگى ، بۇيى ئۆزۈڭسەن .

* *

ئۆمرىمىز دەرىخىنى پەس قىلما ، رەببىم ،
بارلىق شارابىدىن مەس قىلما ، رەببىم .
ئۆزۈڭ كەرەم بىلەن مەرد يىگىتلەرنى
مۇھتاج قىلما ، كۆڭلىنى تەس قىلما ، رەببىم .

* *

يىراقتىن قارىسام لېۋىڭ پۇر خەندە ،
ئازاد ئىدىم ، يەنە بوپتىمەن بەندە .
ئازادلىقتىن ھەر بىر بەندە ئېرۇر شاد ،
مەن شۇندىن شاد ـ ساڭا بوپتىمەن بەندە .

* *

دىلىم يەنە دىلبەر دامىغا چۈشتى ،
نە دىلبەر ، ستەمگەر دامىغا چۈشتى .
بىرىنىڭ بەندىدىن قۇتۇلماي ھامان ،
باشقا پەرى پەيكەر دامىغا چۈشتى .

* *

يادىڭ بىلەن كۆڭلۈم ھەر زامان تازا ،
شامال ئەسسە ، بولغاي گۈلستان تازا .
شادلىق بەخش ئەتكۈچى چېھرىڭنى كۆرسەم ،
بولار دىل شادىمان تەندە جان تازا .

* *

قادىر ئىگەم ئاسمان ـ زېمىن ياراتتى ،
كۆكۆلدە داغ ، دىلنى غەمكىن ياراتتى .
ئىپاردەك چاچلارنى ، ياقۇت لەۋلەرنى ،
يەر ـ تۇپراقتا ئاخىر يېقىن ياراتتى .

* *

قولدا گۈل ، قولاقتا شېشىدىن ئاۋاز ،
جاھان غەملىرىنى قايتۇرار بۇ ساز .
سۇ نەغمىسىيۇ ، بۇلۇت سايىسىدا
قەدەھ تۇتسا ئىچكىن ، قىلماستىن ھېچ ناز .

* *

ئەلەملەر قولىدىن ئازادلار — بىزلەر ،
غەم ـ رىزقىمىز ، دائىم شادلار — بىزلەر .
ھوشيارلىق نېمە ، رەڭگى روپىن بىلمەيمىز .
يار كۆزىدەك مەستانە زاتلار — بىزلەر .

* *

يىغلاردىن يۇيۇلۇپ پاك بولدى يۈرەك ،
دىلىم گويا كىردىن پاك بولغان ئەينەك .
كۆز يېشىم غەشلىكنىڭ غۇبارىن يۇيۇپ ،
قەلبىم تازىلاندى خۇددى كۆزگۈدەك .

* *

مەھبۇبىمنىڭ شىرىن ماقالى ياخشى ،
ناز ـ ئىشۋىگەر قېشى ـ ھىلالى ياخشى .
ئېغىز خەزىنىسىن كۆلكىدىن ھېچ تىيالماس ،
بۇسە ئۇچۇن بوش جايى — خالى ياخشى .

* *

چېچىگىدىن خىجىلدۇر ھامان بۇتى چىن ،
كۆزۈڭ كەرەشمىسى بىر ئاپەتى دىن .
مەھشەر كۆنى خۇدا كۆرسە رۇخسارىڭ ،
قۇدرىتىگە ئۆزى ئېيتار مىڭ تەھسىن .

* *

كېلىشىگىدىن ۋاقىپ بولسام ئەگەردە ،
گۈل ئېكەردىم يوللىرىڭغا سۇبھىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇ گۈللەردىن گۈلدەستىلەر تۇتاردىم ،
بۇ شەرەپتىن مەھرۇم بولدۇم ، مەن بەندە .

*　*

ئەفسۇسكى ، باھادا ئۇتۇن ھەم ئۇد① بىر ،
مەرتىۋىدە خەلىل بىلەن نەمرود② بىر .
دۆلەتتىن مەس بولغان بىخۇدلار ئۈچۈن ،
ئىشەك ئاۋازىيۇ كۈيى داۋۇد③ بىر .

*　*

دەستىڭدىن دىلىمدا يۈز خىل مالامەت ،
بۇ زەخىم پۈتمىگەي تاكى قىيامەت .
كىممۇ سەندىن ئۈمىد قىلار سالامەت ،
سەن تۇغۇلغان كۈنى ئۆلگەن سالامەت .

*　*

ئەي سەرۋى قامەد ، كۈمۈش تەنۇ گۈل رۇخسار ،
ناكەسكە ھەمنەپەس بولمىغىن زىنھار .
گەرچىنار چىمەنگە سۆلەت قوشسىمۇ ،
گۈل بىلەن چىنارنىڭ نە نىسبىتى بار ؟

*　*

شىر كەيپىكە يەنىلا مەي ئۇتلاش ئەلا ،
مەسلىكتە كۆزلەردىن تۆككەن ياش ئەلا .
بۇ پەسكەش ئالەمدە ۋاپا بولمىغاچ ،
دەرد شارابىن ئىچىپ ، مەس ياشاش ئەلا .

*　*

ياقۇت كەبى شاراب بىزنىڭ گۆھىرىمىز ،
دەستىمىزدىن پىغاندا ساغەرىمىز .
بىز مەي بىشىدايۇ ، مەي بىزنىڭ باشتا ،
يەنى تازا مەيدۇر ، تاجى سەرىمىز .

*　*

ھېيت كەلسە ساۋاب ئىش پۈتكۈسىدۇر ،
سەھەر ساقى تىنىق شاراب تۇتقۇسىدۇر .
نامىزىڭنى قويۇپ ، روزاڭنى تەرك ئەت ،
بۇ كۈن كۈنانى ساۋاب پۈتكۈسىدۇر .

*　*

ئالەم پىلى قايتۇرالماس جۇرئىتىمىز ،
چەرختىن زورراق قۇدرىتىمىز ، شەۋكىتىمىز .
گەر چۈمۈلە كىرىپ قالسا سىپىمىزگە ،
شىر قىلغۇسى ئۇنى دەرھال دۆلىتىمىز .

*　*

ئۆز نەپسىگە بولغىن ئەمىر ، شۇندا مەردسەن ،
ئۆزگىلەرگە بولما ھەقىر ، شۇندا مەردسەن .
يىقىلغاننى تېپىپ ئۆتمەك مەردلىك ئەمەس ،
ئاجىزلارغا بول دەستىگىر ، شۇندا مەردسەن .

*　*

پىلدەك كۈچلۈك بولسىمۇ ، مۇر④ بولۇپ كۆرۈن ،
مىلىك ئىشىپ ــ تاشسىمۇ ئۇر⑤ بولۇپ كۆرۈن .
ھەممىسىنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تۇرساڭمۇ ،
ھېچ نەرسە بىلمىگەندەك ، كور بولۇپ كۆرۈن .

*　*

ئالەم ئىشى بىشىدا بولسىدى بىر مەرد ،
نامەردنىڭ بېشىدىن چىقىرارىدى گەرد⑥ .
ئالەم ئىشى مىسلى شاھمات ئويۇنى ،
نەيرەك بىلەن يۇتىدۇ مەردلەرنى نامەرد .

---

① ئۇد ــ 1) مۇزىكا قورالى ؛ 2) قىممەت باھالىق خۇش پۇراق ياغاچ .
② نەمرود ــ خۇدالىق دەۋاسى قىلغان زالىم پادىشاھ . خەلىل ــ نەمرودنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن ۋە ئۇنىڭ خۇدالىق دەۋاسىغا قارشى تۇرغانلىقتىن ئوتقا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى .
③ داۋۇد ــ ئاۋازى ئىنتايىن يېقىملىق بولغان بىر پەيغەمبەر ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام .
④ مۇر ــ چۈمۈلە .
⑤ ئۇر ــ يالڭاچ ؛ يېلىك .
⑥ گەرد ــ چاڭ ، كىر ، داغ .

* *

بىر ئاقىل دېدىكى : بولغىل ۋەللامەت (1) ،
ياكى ۋەللامەتكە قىلىپ كۆر خىزمەت .
نامەرد خىزمىتىگە ياندىشىما زىنھار ،
ئۆيلىغىن ، بۇ ئۇگۇت قانداق پۇر ھېكمەت .

* *

كۆڭلۈم ئاپئاق ، نە ئۆچ ۋە نە گىنەم بار ،
دۇشمىنىم كۆپ ، لېكىن مەن ھەممىگە يار .
مېۋىلىك دەرەخمەن ، ھەر بىر ئۆتكۈنچى —
تاش ئېتىپ ئۆتسىمۇ ماڭا بولماس ئار .

* *

كەل ، كۆڭۈل مەن ئاختۇراي جانانەنى ،
كوچا - كويۇ ھەر ئىشىك ، ھەر خانەنى .
مەستۇ ، مەيخۇرمىز دائىم ھەييام سۇپەت ،
دوزاخ ئەتكەيمىش قوبۇل مەستانەنى .

* *

بۇ ھاجىكى ئاۋۋال ئىدى بىر ئىلان ،
ھەجدىن كېلىپ ئەجدەر بولدى بىئامان .
ھەرەم - پەرەم دېسە ئەسلا ئالدانماڭ ،
ئۆيۈڭ كۆيگۈر ، ئۆزى ئەسلى بىئىمان .

* *

قاراناش ئازراقمۇ بولماس جىلۋىگەر ،
ساپ دىلغا يۇقمىغاي چاڭدىن بىر ئەسەر .
قۇلاق سال پۇر يايى ۋەلى سۆزىگە ،
قورققاقتىن مەرد چىقماس ، ئەيلىگىن ھەزەر .

* *

ئۈچ يۈز كوھىقاپنىڭ مۈشكۈلىن تارتماق ،
دىل قېنىدىن بەرمەك پەلەككە بوياق .
ۋە ياكى بىر ئەسىر زىنداندا ياتماق ،
نادان سۆھبىتىدىن كۆرە ياخشىراق .

* *

گۈكىرىگەن يالقۇن — دىلىم يولدىشى ،
دولقۇنلىغان دەريا — كۆزلىرىم يېشى .
كۈلالچىلار ياساۋاتقان ھەر كوزا ،
كونا دوستلار خاكى — قولى ، يا بېشى .

* *

نېمە چارە ، مالامەتتۇر ۋەتىنىم ،
ئىشق شۇنداق ، سۆيگۈ مېنىڭ كېپىنىم .
جەننەت باغلىرىدا سەن ئولتۇر ، زاھىد ،
مەن - مەس بۇلبۇل ، دوزاخ مېنىڭ چىمەنىم .

* *

سورىغىن ، گۈزىلىم ، كېرەك بولسا جان ،
جان ئەمەس ، سورىغىن ھەتتاكى ئىمان .
پەقەت يېقىنراق كەل ، قىلما ئىنتىزار ،
سەن نېمە ئىزدىسەڭ بەرگۈم بىگۇمان .

* *

دېدى يارىم : « يەنە نېمە غېمىڭ بار ؟
خىيالىڭ بەند ئەتتى قايسى گۈزەل يار ؟ »
قوللىرىغا بېرىپ ئەينەك ، دېدىمكى :
« كىمنىڭ ئەكسىن كۆردۈڭ ، شۇ ماڭا دىلدار . »

* *

ئەي خوجا ، سەن نېچۈن بۇنچە بىخەۋەر ،
خىيالىڭدا كېچە - كۈندۈز كۈمۈش - زەر .
دەسمايەڭغۇ بو ئالەمدە بىر كېپەن ،
بويرۇغانمۇ ساڭا كېپەن ، كىم بىلەر ؟

* *

دەۋراندا كۆپ كۆزدىن ياش راۋان كۆردۈم ،
بالا - قازا بولسا شۇ زامان كۆردۈم .
نۇھقۇ مىڭ يىل ياشاپ كۆردى بىر توپان .
مەن نۇھ بولمىسامۇ ، مىڭ توپان كۆردۈم .

(1) ۋەللامەت — باشلىق ، ئەمەلدار .

* *

دېدىم : ئېيت ، ئۆمۈرنىڭ مەنىسى نېمە ؟
دېدى : چاقماق ، يا شام ، ياكى پەرۋانە .
دېدىم : بۇ دۇنياغا بىنا قويغان كىم ؟
دېدى : يا گول ، يا مەس ياكى دىۋانە .

* *

ئۇپۇقنى قىزارتتى قان يىغلاپ قۇياش ،
ئاي تىرنىدى يۈزىن ، زۆھرە بولدى باش .
تاڭ ماتىمدە تۈن قارا كىيىپ ،
ياقىسىنى چاك ئەتتى قىلالماي بەرداش .

* *

جېنىڭغا قەست ئەتكەچ ئامانسىز ئەجەل ،
بۇلۇتتەك ياش تۆكتى كۆزۈم شۇ مەھەل .
تۇپرىقىڭ ئۈستىگە كەلگەنلەر دېدى :
ئەتتەڭ ، يەر ئاستىدا قالدى بىر گۈزەل .

* *

تاڭ چېغى يايغاندا لالىلەر ياپراق ،
سەھەر قۇشى دادلاپ دەيتتى : ئەي ئورتاق .
مەي ئىچكىن ، دېرەكسىز كېتەر ھەممە ھەم ،
قوزغال ، يەر ئاستىدا ياتقۇڭدۇر ئۇزاق .

* *

غېمىڭدىن ئۆلدۈمۇ ، دىل بولمايدۇ شاد ،
ھېچ كىشى ئەتىمگەي ئەمدى مېنى ياد .
ئايرىلىش كەلتۈردى ئەفسۇس ـ نادامەت ،
دىدار كۆرمەك ئەمدى يوقدۇر ، يۈز پەرياد .

* *

ئەي دىل ، ئىشق غېمىنى تەمەننا قىلدىڭ ،
ئۆزۈڭنى خەلق ئىچرە سەن رەسۋا قىلدىڭ .
ھەر كۈنى ئۆزۈڭچە بىر گۈلنى تاللاپ ،
گۈزەللەر يۈزىنى تاماشا قىلدىڭ .

* *

بارمىغىن ئېيتمىغان دەستۇرخانىغا .
قول ئۇزارتساڭ ، قەدرىڭ چۈشەر ، نانىغا .
قوشما ئۆزگىلەرنىڭ پاقلان كاۋىپىن ،
قاتقان نانۇ سوغۇق سۈيۈڭ سانىغا .

* *

كىم قىلۇر بۇ ۋەيران دىلىم ئىمارەت ،
كىم گۇناھىم ئۈچۈن بېرەر كافارەت ① .
مەن زىيارەت قىلدىم كۆپ قەبرىستاننى ،
بىلمىدىم كىم قىلۇر قەبرەم زىيارەت ؟!

* *

دىلبىرىمگە دېدىم : ئەي گۈزەل تەنناز ،
نېچۈن سۇنۇق چىقار ئاغزىڭدىن ئاۋاز ؟
دېدىكى : تار ئاغزىم ، سۆزنى سىغدۇرماي ،
سۇندۇرۇپ ـ سۇندۇرۇپ چىقىرار ئاز ـ ئاز .

* *

ئاھكىم ، خەستە كۆڭلۈم ھېچ بولمىدى شاد ،
غەمدىن خاتىرىمۇ بولمىدى ئازاد .
تىرىكلىك نوتىسى بەرمەيدۇ ھوسۇل ،
بولدى ئەزىز ئۆمرۈم ، دەرىخا ، بەربات .

* *

دۇنيا دوستلۇقىغا بەرمە خاتىر ھېچ ،
ئۆچ ئېلىشتىن ئۆزگە بولماس زاھىر ھېچ .
يۈز يىل ياشىساڭمۇ ئۆلۈم كېلىدۇ ،
يۈز ئەلنى ئالساڭمۇ بولۇر ئاخىر ھېچ .

* *

ئۆلۈمىڭگە پەلەك تۇتمىدى ماتەم ،
جامالىڭنى كۆرۈپ بولمىدى مۇلزەم ② .
ئەزرائىل ئىشىدىن ئەجەبلىنىمەن ،
جېنىڭنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇيالمىدى ھەم .

① كافارەت ـــ گۇناھنى يۇيۇشقا بېرىلىدىغان بەدەل .
② مۇلزەم ـــ خىجالەت بولۇش ، مۇنازىرىدە يېڭىلىش .

* *

ھەممە دەرد ئىچىدە جۇدالىق يامان ،
قايغۇلار ئىچىدە ياماندۇر ھىجران .
قولۇمدىن كەلمەيدۇ سەندىن ئايرىلىش ،
جان سەن ، جاندىن كېچىش ئەمەسقۇ ئاسان .

* *

كۆڭلىمىزگە قونماس بىراۋدىن غۇبار ،
بىزدىنمۇ بىراۋغا يەتمىگەي ئازار .
ئار ۋە ئىپتىخاردىن يىراقلاشقانمىز ،
نە بىراۋغا پەخرۇ ، نە بىراۋدىن ئار .

* *

دەۋرانىنىڭ ئىشلىرى جەبىر ھەم جاپا ،
ۋاپا ئەھلى بىلەن ئۇ بولماس ئاشنا .
ۋاپادار كىشىنىڭ ئىتى بولىمەن ،
كىشىدىن ئىت ياخشى ، بولمىسا ۋاپا .

* *

دۇنيا بىناكارى تۈزەر قەسىر ـ ئايۋان ،
تۈزۈلۈپ بولدۇيۇ ، قىلىدۇ ۋەيران :
پەلەككە يەتكۈزۈپ بۇگۈن تاقىنى ،
ئەتىلا ئېتىدۇ يەر بىلەن يەكسان .

* *

گاھىدا گۈزەللەر يۈزىن ئويلايمەن ،
گاھ زۇلفىن ، گاھىدا كۆزىن ئويلايمەن .
ئەلقىسسە ، ھۆسنىگىدىن قايسى زوق بەرسە ،
شۇ زامان ئاشۇنىڭ ئۆزىن ئويلايمەن .

* *

ئىشق باياۋىنىدا يۈرمەك ھەم مۈشكۈل ،
ئۇنىڭدىن قەدەمنى تارتماق ھەم مۈشكۈل .
ھەممىدىن مۈشكۈلرەك شۇكى ھەر جايدا ،
يارنىڭ مەلۇم ، لېكىن كۆرمەك ھەم مۈشكۈل .

* *

بەزىدە بولىمەن ئىشقتىن بىگانە ،
قايغۇسىز راھەتكە يېقىن ھەمخانە .
تۇساتتىن بىر گۈزەل ئۇچراپ قالغاندا ،
يەنە ئېزىقىمەن بولۇپ دىۋانە .

* *

ئەينەككە بېرەتتىم كەچقۇرۇن ھۆسۇن ،
بېقىپ ئاگا تىنىق بولغان ئاشۇ كۈن .
شۇنچە كۆپ كۆرۈندى ئۆز ئەيىبكى ، مەن —
ئۆزگىلەر ئەيىبىنى ئۇنۇتتۇم پۈتۈن .

* *

بەدخۇي دىلى دائىم ئېزىلگەن بولۇر ،
تەلەپ يولى ئاگا تۇسالغان بولۇر .
ياخشى ـ يامان بىلەن كىم كېلىشەلىسە ،
دىلى شادۇ غەمدىن قۇتۇلغان بولۇر .

* *

مەھمۇد ناشۇكۇرلۇك ھەرقانچە يامان ،
كامال تاپتىم دېيىش يۈز ئانچە يامان .
كىيىم كونىرىغان ئەيىب سانالماس ،
ئەيىب شۇ ، گەر بولسا كىيىمدە يامان .

* *

شادمىز ، قايغۇمىز يوق ئەسلا ئەييامدىن ،
سەھەرگە يەتتۇقمۇ ، غەم يوق ئاخشامدىن .
غايىپتىن پىشقان نان كېلىپ تۇرغاندا ،
خام تەمە ئەمەسمىز ، تەمە يوق خامدىن .

* *

يەرگە ئارىلىشىپ ياتار نەچچە دىل ،
جاھان زەررىلىرى — لەۋ ، چىش ياكى تىل .
يەردىن ئۈنۈپ چىققان سۇمبۇل يا گۈلنى ،
گۈزەللەرنىڭ چېچى ، يا يۈزى دەپ بىل .

* *

ئەپسۇسكى تېپىلماس ھەمدەم بۇ دەمدە ،
ۋاپالىق بىر يار يوق ئەسلا ئالەمدە .
ئادەملەردىن ۋاپا ئىزدىمە زىنھار ،
ۋاپا ئادىتى يوق ، ھەممە ئادەمدە .

*		*

شاھلىقنى ئىزدىسەڭ ، بول ئەل گاداسى ،
ئۆزۈڭنى ئۇنۇتقىن ، بول ئەل ئاشناسى .
ئەل تاج كەبى باشقا كۆتۈرسۇن دېسەڭ ،
ئەل قولىن تۇتقىنۇ ، بول خاكى پاسى ① .

*		*

تۇپراق كۆرپىسىدە ياتقان كۆپ كۆردۇم ،
قارا يەر باغرىغا پاتقان كۆپ كۆردۇم .
يوقلۇق ئالىمىگە كۆز تاشلىغاندا ،
كەلمىگەن كۆپ كۆردۇم . كەتكەن كۆپ كۆردۇم .

*		*

ھايات شارابىدۇر تىنىق ۋە دۇغ ھەم ،
كىيىمۇ گاھى بۆز ، گاھى بەقەسەم .
بۇلار ئېغىر ئەمەس ئاقىل ئالدىدا ،
زار بولماقلىق بولۇر بەكمۇ ئېغىر دەم .

*		*

ئەي دىل ، شايى تونىنى قىلمىغىن ھەۋەس ،
ئەسكى كىيىمەكلىكنى ھەم ئەتمىگىن بەس .
يەڭگىل ئۆتسۇن دېسەڭ ئۆز كۈنۈڭنى سەن .
قارام قىلما ئۆزنى بىراۋغا ئەبەس ② .

*		*

يولغا باقكى ، يولچى ئادەملەر كەتتى ،
غاپىل ئولتۇرمىغىن ، ھەمدەملەر كەتتى .
بىر قوۋم ساڭا يېقىن ۋە ئۇيغۇن ئىدى ،
ئۇ قوۋم ئۆتۈپ ، يېقىنى ئادەملەر كەتتى .

*		*

ئەجەل شۇنداق دەركى ، يوق ئاڭا دەرمان ،
شاھۇ گادايلارغا بېرىدۇ پەرمان .
كىرمان پادىشاھكىم يەردى كىرمانىنى ،
ئەمدى يېگەي ئۇنىڭ ئۆزىنى كىرمان ③ .

*		*

بىچارە دىلىمغۇ ھاياتتىن بىزار ،
بۇ ئەزىز ئۆمرۈممۇ كۆز ئالدىمدا خار .
بېشىمدىكى تاجىم ـ يەڭگىلرەك باشباغ ،
تېنىمدىكى بېشىم ـ ئېغىر ، زىل دەستار .

*		*

مەن كىممەنكى ، مەندىن ساۋاب كۈتۈشەر ،
يەپ ياتقىنىم ئۈچۈن جاۋاب كۈتۈشەر .
مەلەك ④ ھەم ھېسابتا بولمىغان جايدا .
نېمە ئۈچۈن مەندىن ھېساب كۈتۈشەر .

*		*

دانىش ئېرۇر ئاتقان ئوقۇم نىشانى ،
دادىللىق مەنبىئى ـ بىلىمىم كانى .
ياخشىلىق ئاسمىنىنىڭ مەھبۇسىدۇرمەن .
زەنجىرىم ـ يۈكسەكلىك ، ساما ئوكيانى .

*		*

ھەر نۇقتا خېتىمدە يانغان يۇرەكتۇر ،
ھەر ھەرپ قاراڭغۇ زۇلمەت دېمەكتۇر .
چەكمەسمەن ئاخشاملار شامنىڭ مىننىتىن ،
چۈنكى ، پىكىرلىرىم شامدىن دېرەكتۇر .

---

① خاكى پاسى ـــ ئاياغ ئاستىدىكى تۇپراق ؛ قۇللۇق ، خىزمەتكارلىق .
② ئەبەس ـــ پايدىسىز ، ئورۇنسىز .
③ پارس ـ تاجىك تىلىدا « كىرم » ـــ قۇرت دېگەنلىك . « كىرمان » سۆزى بولسا ـــ قۇرتلار دېمەكتۇر . ئىراندا « كىرمان » دېگەن شەھەرمۇ بار . مەھمۇد پالۋان مۇشۇ رۇبائىيدا پارس تىلىدىكى « كىرم » سۆزىنىڭ مەنىسىدىن پايدىلىنىپ سۆز ئويۇنى قىلغان :

كىرمان پادىشاھكىم يەردى كىرمانىنى ،
ئەمدى يېگەي ئۇنىڭ ئۆزىنى كىرمان .

مىسرالىرىنىڭ مەنىسى : كىرمان پادىشاھى ئىلگىرى كىرمان ئاھالىسىنى تالىغان ، يېگەن ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنى « كىرمان » ـــ قۇرتلار يېمەكتە ، دېگەنلىك بولىدۇ .
④ مەلەك ـــ پەرىشتە .

* *

دىل تەگلىكتىن چىمەن كۆزۈمگە گۆردۇر ،
نەزىرىمدە گۈل جاراھىتى ناسۇردۇر ① .
تۇز سىزلىق ـ شورلۇقنىڭ ئەكسىغۇ ئاخىر ،
نە ئۇچۇن بەختىم ھەم تۇزسىز ، ھەم شوردۇر .

* *

ئەل قايغۇسىن چەككۇچى شاھ ئەمەس ، دەرۋىش ،
چۇنكى ئۇ ، دەرۋىشتۇر ، دەرۋىشتۇر ، دەرۋىش .
بۇزۇق دىۋارلاردىن تەشۋىش بار ، لېكىن ،
سۇيۇق كۆڭۇللەردىن كۆپرەكدۇر تەشۋىش .

* *

رازىلىقنىڭ زاھىد ، رەدتىن بەتەرراق ،
ھەممە ئىشنىڭ بەددۇر ، بەدتىن بەتەرراق .
كاپىر سەن ، نېمىشقا : « مۇسۇلمان » دەيسەن ؟
سەندەك مۆمىن ، بىل ، مۇرتەدتىن ② بەتەرراق .

* *

مەرىپەتنىڭ تىلى ـ چالغۇ ـ نەيىمدۇر ،
ئەقلىم قىلىچ ، سۆزۈم ئوقۇ يايىمدۇر .
ئىمتىيازلار مۇلكىن شاھى بىلۇركىم ،
سۆز مەيدانى ـ ئىشغال قىلغان جايىمدۇر .

* *

رەشكىڭدىن باغدا گۈل ئۆزىنى سۇلدۇرۇر ،
لالىدەك كۆكسىن داغ بىرلە تولدۇرۇر .
جامالىڭ شولىسى يورۇتقان جايدا ،
چىراغ ئۆز نۇرىنى ئۆزى سۇندۇرۇر .

* *

ئەي ئىشق ، نېچۇك ئۇتسەن ، تۇتۇنۇڭ يوق ؟
ئەي غەم ، نېچۇك كۇيسەنكى ، ئۇنۇڭ يوق ؟
ئەي ئىستەك ، نېچۇكسەن ، تۇتۇق بەرمەيسەن ،
ئەي شادلىق ، نېچۇكسەنكىم ، ۋۇجۇدۇڭ يوق ؟!

* *

بۇ چەرخ پىتنە ئوقىن قان تۆكەر قىلدى ،
تېچلىق دەۋرىن بالا كەلتۇرەر قىلدى .
ئىگىرمەس مېھىر يىپىن ۋاپاغا بۇ چەرخ ،
بۇ چەرخ گىنە تىغىن تېز كېسەر قىلدى .

* *

نامىڭدىن تاپىدۇ ھەر زامان شەرەپ ،
كەلتۇرەر بۇ نامىڭ هامان شان ـ شەرەپ .
مەي ئىچمەي نېتەرسەن شەرەپلىك كۇندە ،
جامۇ مەي كەلتۇرەر بىگۇمان شەرەپ .

* *

ھەر زامان كۆڭلۇمنى قىلىپ پەرىشان ،
لالىدەك دىل كۇلىن چاچىمەن ھەريان .
ھەر تۇن قۇم سائەتتەك ھىجران تويىسىن ،
بېشىمغا چاچىمەن ھەر سائەت ، ھەرئان .

* *

قىلمىشىڭدىن زاھىد ، ئۇياتقىن ، ئۇيات !
چۇنكى تىلىڭ باشقا ، باشقىدۇر نىيەت !
ھەم كەكلىك ھەم تۇزدۇر سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭ ،
ئايىغىڭ گاھ ، چىپار ، گاھ قىزىل ، ئىللەت .

* *

نادان غەيۋىتىگە بولۇپمەن نىشان ،
قايتۇرغۇم ھۇجۇمنى ، مەن بىر پەھلىۋان !
مالامەت قىلۇرلار جاھىللار ، چۇنكى ،
بىلىمدە ئېرۇرمەن نادىرى زامان .

* *

ھەر ياقتىن غەم ئاتقان تاشنى كۆرىمەن ،
كۆز ئاچسام ـ يىمرىلگەن قاشنى كۆرىمەن .
قاچانغىچە پايمال ئېتىپ پىكرىمنى ،
تىزىم ئەينىكدە ياشنى كۆرىمەن ؟!

---

① ناسۇر — پىشىپ ئېغىز ئالمىغان يارا .
② مۇرتەد — ئاينىغان ، قايتقان ، دىندىن قايتقان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



* *

سۆز پەرەسمەن، پەيزىلىك نەپەس ئىزدەيمەن،
بىر لۇتفىدا يۈزلەپ ھەۋەس ئىزدەيمەن.
بۇ ناكەسلەر لايىق ئەمەس ئاڭلاشقا،
نازۇك سۆزگە بىر سەرھەۋەس ئىزدەيمەن.

* *

مەزمۇنىن پىشانەم خېتىمدىن سوراي،
تەقدىرىم قاي يوسۇن مەن كىمدىن سوراي.
ياخشىسى كۆكسۈمنى يېرىپ بۇ ھالىنىڭ،
ئەسلىنى قان تولغان كۆڭلۈمدىن سوراي!

* *

ئارزۇ قولىدىكى گۈلدىن نامايان،
گۈلشەن پەرىشتىسى ئاق كۆڭۈل جانان.
ھىجران جامىدىن ئىچكەن قانلىرىم،
ئۈنىڭ لېۋىدىن رەڭ ئېلىپ قىزارغان.

* *

ئەي چەرخى پەلەك، شۇم، رەزىل زامان،
تەتۈرلۈكۈڭ توغرىغا خەتەردۇر ھامان.
نادان باش ئۈستىدەيۇ دانا پايمال،
يا رەب، بۇ پەلەكنى قىل يەر بىلەن يەكسان.

* *

قانداق ياخشى بىر رەناغا بولساڭ يار،
سەھرادىكى شامال ئوخشاش خۇش رەپتار.
باھار كەلدى، دوستلار پەيزى قىلايلى،
تا كەلگۈنچە بىزسىز ئۆتكۈچى باھار.

* *

نەچچە يىل كەسىپ ئەتتۇك ئىلىم ۋە ھۈنەر،
نەچچە يىل قوغلاشتۇق زەر بىلەن زىۋەر.
ئالەم سىرلىرىدىن بولغاندا ئاگاھ،
ھەممە ئىشنى تاشلاپ بولدۇق قەلەندەر.

* *

سەن ئولتۇرساڭ تېپىپ بىر دانا ئولتۇر،
ياكى ھەمدەم بولسۇن بىر رەنا، ئولتۇر.
تېپىلمىسا ساڭا گەر بۇ ئىككىسى،
ۋاقتىڭ ئىسراپ قىلما، بىر تەنھا ئولتۇر.

* *

پەلەك چەرخى ئىچرە بىزلەر ھەيرانىمىز،
پانۇس مىسال خىيال قىلىپ سەرسانىمىز.
قۇياش چىراغ بولسا، جاھان بىر پانۇس،
قونچاقتەك تۇنلەردە بىز سەرگەردانىمىز.

* *

باشۇ كۆڭۈل قارا، گويا كى لالە،
كۆز غۇنچە ئاغزىدەك لىپمۇ ـ لىق ژالە ①.
كۆڭلۈمنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچى، دېدى:
قۇلىقىمدا قالمىش مۇڭلۇق بىر نالە.

* *

زامانىنىڭ زەربىدىن باش بىشىدراكدۇر،
نە دىلنىڭ ئەيىنكى قايغۇدىن پاكدۇر.
ئۈرۈنما ئۆكۈپ تەر، تەربىيىتىمگە،
تۈپىراقنى يۇساڭمۇ، يەنە تۈپىراقدۇر.

* *

كىمكى، نەزەر تاپسا، ئۇ تاپتى گۆھەر،
كىمكى، كەم ئويلىدى، بولدى بىنەزەر.
ئىشقىسىز كامالەت بولماس دۇنيادا،
كاسىدىن مۇراددۇر، ئەسلى كاسىگەر.

* *

كۆزۈڭدۇر ناز بىلەن، ئەي جان، گۆزەلراق،
غەمزەڭدىن كەرەشمە سازىدۇر قۇۋناق.
ئۇۋلىغاي دىل قۇشىن خۇددى بېلىقتەك،
مۇئەتتەر چېچىڭدۇر ھەم يىپ، ھەم قارماق.

① ژالە — مۆلدۈر.

* *

تورامغا تاپاندىم شارابىم كەلتۇر .
ئىزتىرابىم ئارتتى گۇلابىم كەلتۇر .
سۇندۇرار تۇتساڭ جام خۇمارىم ئوتىن ،
ئوت چۇشتى كۆڭلۇمگە كەل ، ئابىم كەلتۇر .

* *

ھەمدەملەر كىبىر ئىلە سۆزلىشەر سۆزىن .
چىمەندە گۇل كەبى بىلىشەر يۇزىن .
تۇنۇكۇن سايەم بىلەن سۆزلىشمەن مەن .
باللار كۆرگەندەك ئەينەكتە ئۆزىن .

* *

شىكايەت قىلما ، ئەي تەمەگەر نا پاك ،
تۇپراقتىن خىجىل مەن چۇنكى ئۆزۇم خاك .
چۆپنى ھەم ئالالماس بۇ سۇدىن ھىچكىم ،
گۇھەر ساڭا بولسۇن ، ماڭا بەس خاشاك !

* *

ھەر كىمكى ھەم ساڭا ئاشىنا بولماس ،
كىملىكىڭنى بىلمىگەچ ئۇ شەيدا بولماس .
دەردىڭدە بولىمەن رەسۋا ۋە لېكىن ،
دەردىڭنى ئاسرايمەن ، ئۇ رەسۋا بولماس .

* *

پەرھىز بىمەززەيۇ تۇزسىزدۇر تەقۋا ،
گۇناھدا ھەم ئەفسۇس ، مەزە يوق ئەسلا !
يۇدى سۇ تۇزىنى ھەممە نەرسىنىڭ ،
ئالدى يەل مەزەنى ، بۇ قانداق سەۋدا ؟!

* *

خۇدانى ياد ئېتىپ باياۋان كەتتۇق ،
بىز تەن ئالىمىدىن جان تامان كەتتۇق .
تۇن ـ كۇنى پىكر ئەتتىم يەتمىش ئىككى يىل ،
سەرسان بولۇپ يۇردۇق ۋە ھەيران كەتتۇق .

* *

ئاقىل ئەقلى ھېسقا گىرىپتار بولماس .
ھەسەد قىلغان بىلەن تىللا خار بولماس .
نامەرد ـ ئىت كەبىدۇر ، مەرد بۇيۇك دەريا ،
دەريا ئىت دەمىدىن ھېچ مۇردار بولماس .

* *

تۇن ـ ئىككى قات خوتۇن نە تۇغار ئىكىن ؟
زامانە ھۆكمىدىن نە ياغار ئىكىن ؟
ئۆمۇر ئەۋۋەلدە نە كەلدى ، كۆردۇك ،
كۆرىمىز ئاخىرى ، نە بولۇر ئىكىن ؟

* *

يامان بىلەن ئۇلپەت بولما ، يۇر يىراق ،
يولۇڭغا دان سېپىپ ، قويىدۇ تۇزاق .
يايىنى ئەگرى كۆرۇپ ، توغرىلىقىدىن —
ئوق ئۇنىدىن قانچىلىك قاچقىنىغا باق !

* *

ئاھ تارتقان چېغىڭدا يولغا كۆز تۇتقىن ،
يولدا قۇدۇق باردۇر ، ئېھتىيات ئەتكىن .
دوست ئۆيىدە مەھرەم بولغان ۋاقتىڭدا ،
قولۇڭنى ، كۆزۇڭنى ، دىلىڭنى تىيغىن .

* *

دىل يولىنى كەزدىم بۇ ماڭا ئادەت ،
پاكلارنى يۇيۇقسىز قىلدىم زىيارەت .
رامىزان روزىسىنى تۇتمىغىنىمغا ،
يۇيۇقسىز نامىزىم بولدى كافارەت .

* *

تاكى بار غەيرەتۇ مەردلىكتىن ئەسەر ،
ئەھلى ـ ئايالىڭنى قىلما دەر بەدەر ①.
مېۋە شېخى باغىنىڭ تېمىدىن ئاشسا ،
ئۆتكۇنچى يولۇچى شەكسىز ئېلىپ يەر .

**ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇر چىلا شتۇرغۇچى : مەھمۇت زەيدى ، قۇدرەت مىجىت .**

---

① دەربەدەر ـ ساياق ، ئىشىكتىن ـ ئىشىككە كېزىپ يۇرگۇچى .

www.uyghurkitap.com

# گۈزەل سىما، ئۆلمەس تېما

—— «دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرى توغرىسىدا

نۇرمۇھەممەت زامان

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى، يەرلىك مۇقام تەتقىقاتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى. جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرىدىن بولغان «دولان ئون ئىككى مۇقامى» ئۈستىدىكى ئىزدىنىشمۇ كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، مۇقامشۇناسلىرىمىز، كومپوزىتورلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز قېزىش، رەتلەش، تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «دولان ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ شەكىللىنىش تارىخى، ئىپتىدائىي مەنبەسى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مېلودىيە ئالاھىدىلىكى، مۇقام تۆھپىكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرغان، تەھلىل قىلغان ۋە تەتقىق قىلغان ماقالىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى. قەدىمىي دولان، يەنى ھازىرقى مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەر مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ «دولان ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئەسلى تېكىستى، قاپلىق لېنتىسى ۋە «دولان ئون ئىككى مۇقامى» غا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ، كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئاشكارا تارقاتتى. بۇ جەھەتتە خېلى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ مىللىتىمىز سەنئەت تارىخىدىكى مىسلىسىز زور خۇشاللىق ئىش. ئەمما، شۇنىمۇ لىللالىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، مۇقام تەتقىقاتچىلىرىمىز پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى يىغىپ، نۇقتىلىق ھالدا «دولان ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ سەنئەتلىك تەرىپىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بولۇپ، مۇقام تېكىستلىرىدىكى غايەت زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىرلەرنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن چوڭقۇرلاپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشقا، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ھۇزۇرلاندۇرۇۋاتقان ئېستېتىك ئامىللار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىسى. تەربىيىۋى رولى، ئىجتىمائىي قىممىتى، مىللىيەتلىكى، خاسلىقى، بەدىئىيلىكىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن شەرھلەش، تەھلىل قىلىشمۇ «دولان ئون ئىككى مۇقامى» تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر تېما ھېسابلىنىدۇ.

ھەر قانداق مىللەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپ، ئۇزاق مەزگىللىك ئايرىلىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاش نەتىجىسىدە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش شەكلى، ياشاش ئۇسۇلى،

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى پەيدا قىلىپ، شۇ مىللەتكە ياكى شۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا خاس ئور-
تاق پسىخىكا، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە يەرلىك ئايرىملىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. تەكلىماكان
چۆلى قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جاھاندا ئاز
ئۇچرايدىغان قېلىن توغراقلىقلار، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى، كۆز يەتكۈسىز جاڭگاللىقلار،
بىپايان قۇمۇشزارلار ئارىسىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كەلگەن دولانلىقلار ئوۋچىلىق،
چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەر سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش
جەريانىدا ئېسىل كىشىلىك پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈپ، ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەنلىكى بىلەن
دولان دىيارىدا ئۆزلىرىگە خاس تۇرمۇش قائىدىسى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە ئۆزگىچە پۇراققا
ئىگە «دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىنى ئىجاد ئەتتى. «دولان ئون ئىككى مۇقامى»
تېكىستلىرى دولان مۇقامى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ،
ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ئەسىرلەرنىڭ خىسلەت ئۇنچىلىرىنى
ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلاندى، مۇكەممەللەشتى. بىر قەدەر
مۇقىملىقتا، تۇراقلىقتا ئىگە سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. بۇ تېكىستلەر دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ
مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇلارنى ھەققانىيەت، ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن سۇغىرىپ، پاك
مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتكە تولغان پارلاق ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن
كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. تەكلىماكاندا قەد كۆتەرگەن بوستانلىقلاردا خۇشال -
خۇرام كەيپىياتقا تولغان، ئىجىل - ئىناق، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول
ئوينىدى. بۇ تېكىستلەرنىڭ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى، ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كى-
رەلىشىدە «دولان ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر غايىۋى تېپىك ئوبراز
ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

يازغۇچىلار، شائىرلار ئۆز ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن تىپ يارىتىشنىڭ ئىككى خىل
ئۇسۇلىنى خۇلاسىلاپ چىقتى: «بۇنىڭ بىر خىلى ھەر خىل تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى كەڭ
تۈردە يىغىنچاقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىپ يارىتىش ... يەنە بىر خىلى، تۇرمۇش-
تىكى مەلۇم شەخسنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئاساس قىلىش»، «دولان ئون ئىككى مۇقامى»
تېكىستلىرىدىكى «مەن»، ئالدىنقى خىلدىكى ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان تىپ. ئۇ بەزىدە بۇ
دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، دەرد - ئەلەملىرى دەستىدىن تۇغۇلۇپ قالغىنىغا پۇشايمان
قىلىپ، قارا يەرگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ بەزىدە كىشىلەردىن خەيرخاھلىق،
ھەمنەپەسلىك، پاناھلىق تىلەپ يەنە ھايات كەچۈرۈشنى، ياشاشنى خالايدۇ؛ بەزىدە بولسا،
قەتئىي ئىرادە، يۈكسەك جاسارەت بىلەن يېپىيېڭى، ئادالەتكە تولغان ھايات بەرپا قىلىش ئۈ-
چۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جەسۇر جەڭچى سالاھىيىتى بىلەن نامايان بولىدۇ. ئۇ تۇرمۇش
ئەمەلىيىتىگە باي، شەيئى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە لىللا قارايدىغان ئادالەتلىك «مەن»؛ ئۇ
پۈتكۈل كائىناتنىڭ (بولۇپمۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنىنىڭ) ھەممە نەرسىسى بىلەن
پىششىق تونۇش، خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقى، خاھىشىنى چۈشىنىدىغان، كىشىلەرگە توغرا
ئەقىل كۆرسىتىپ، پايدىلىق مەسلىھەت بېرىپ، ھايات مۇساپىسىغا يېشىل چىراغ يېقىپ
بېرەلەيدىغان «مەن»؛ ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان (باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى تەلەپ

قىلىنىدىغان ) «مەن » ؛ ئۇ دولانلىقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ، مەردانىلىق ، قەيسەرلىكى ،
پاك مۇھەببىتى ، ھاياتقا قويغان كۈچلۈك تەلپىنى نامايان قىلغان «مەن » ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىـ
مىلىكى ۋە قەدىناسلىقى ، خەلقچىللىقى ۋە ئاممىباپلىقى بىلەن ھەرقانداق جاي ، ھەرقانداق
ئەھۋال ئاستىدا ھۆرمەت ـ ئىززەتكە ، ھەمنەپەسلىك ، ھېسداشلىققا سازاۋەر بولىدىغان «مەن
» . ئەمما ئۇ قايسى بىر دەۋردە ئۆزى توقۇغان ئاجايىپ لىرىك ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك
قوشاقلىرى بىلەن داڭق چىقارغان شائىرنىڭ ئوبرازى ئەمەس ، ھۆرمەتكە سازاۋەر مەلۇم قو-
شاقچى ، شائىرنىڭ ئوبرازىمۇ ئەمەس ، بەلكى ، تەكلىماكان قويىنىدا ، تارىم بويلىرىدا ياشاپ ،
بۇ مۇنبەت زېمىن تۇپرىقى ، ئابى كەۋسەر سۇلىرى ، ساپ ھاۋاسى ، شېرىن ـ شېكەر مېۋى-
لىرى ، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلىرىدىن بەھرلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ ، ئۇنىڭغا ئەجرىنى
سىڭدۈرۈش بىلەن روناق تاپقان ، غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ گېكانت ئادەمگە ئايلانغان
ئەقىل ـ پاراسەتلىك دولانلىقلارنىڭ ئۆزى . يەنى ، دولان ئوبرازى ، ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا
ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زەبەردەس ، گۈزەل سىما بولۇپ
گەۋدىلىنىدۇ . ئۇنىڭ گۈزەللىك پەزىلىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇ يەردىكى ، ئۇ ھاياتقا ھەمىشە
مۇھەببەت كۆزى بىلەن قارايدۇ . تۇرمۇشنى ، جەمئىيەتنى ، كىشىلىكنى سەنئەت كۆزى بىلەن
كۆزىتىدۇ . شۇڭلاشقا «دولان ئون ئىككى مۇقامى » تېكىستلىرىدىكى ھەرقانداق چۈشەنچە ،
ئۇقۇم ، تۇيغۇ ۋە تەسىرات مۇھەببەت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . ئەسلىدىمۇ بىر مىللەتنىڭ
ئەخلاق ساپاسى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى مۇھەببەتنى ئۆلچەم قىلاتتى . چۈنكى ، مۇھەببەت
غايەت زور ئاممىۋى ئاساسقا ، باشقا ھەرقانداق بەدىئىي ۋاستىدىن كۈچلۈك تەسىرلەندۈ-
رۈش ، ھاياجانلاندۇرۇش ، جەلپ قىلىش ۋە تەربىيىلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ . مۇھەببەت
دېگەن ھاياتقا بولغان ھەۋەس ـ ئىشتىياقنىڭ ، ئارزۇ ـ ئارماننىڭ سىمۋولى ، ئۇزاق تارىخىي
دەۋرلەردە خەلق قەلبىگە يىغىلىپ ، مۇجەسسەملەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يەكۈنى
مۇھەببەت ئارقىلىق پارتلاپ چىقىدۇ . «دولان ئون ئىككى مۇقامى » دا ناخشا قىلىپ ئېيتىلى-
دىغان مۇنۇ تېكىستلەر پىكرىمىزنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر :

پەيزاۋاتتىن كەلگىچە ،
جىگدىگە يۆلەنگەنلا .
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ،
نېمىشقا تۆرەلگەنلا .

بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن ،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن .
ئۆزگە يارىڭ بولمىسا ،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن .

ئالمىلىق باغقا كىرىپ ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز .
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ ،
جاننى ئالغان قارا كۆز.

يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ ،
يوقتۇر قېرىنداشىم مېنىڭ .
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك ،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ .

مەن كېتۇرمەن باش ئېلىپ ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىپ .
سۆيگىنىم يىغلاپ قالۇر ،
قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ .

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىدە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ياتىدىغان تەشەببۇسلار، پەزىلەتلەر، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەنە شۇ مەزمۇنلارنىڭ بىرى ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت. ۋاپادارلىقتا بېغىشلانغان ھەرقانداق تېكىستتە ۋاپا بىلەن جاپا، بىۋاپالىق بىلەن ۋاپادارلىق مەسىلىسى بايان قىلىنىپ، ھاياتتىكى بۇ دىئالېكتىك ھالەت ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە ۋاپا ئىززەتلىنىدۇ، قەدىرلىنىدۇ، ۋاپاسىزلىق نەپرەتلىنىدۇ:

شاخ گۈلى بولغان بىلەن،
مېۋىسىز بولسا بىكار.
ئاي يۈزى بولغان بىلەن،
مېھرىسىز بولسا بىكار.

سېنى يارىم دەپتىمەن،
توڭ ئالمىنى يەپتىمەن،
مەن بىۋاپا يارىمنى
ئايرىلمايدۇ دەپتىمەن.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار توپاسى يوق.

ئەسلى كۆيمىگەن يارنىڭ
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

سايىسىز بوستانلىدىن،
چۆل ـ باياۋان ياخشىراق.
قەدىر بىلمەس ئادىمىدىن،
بىلسە ھايۋان ياخشىراق.

ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلگەن،
ۋاپاسىزغا كۆڭۈل بەرمەس،
ۋاپانى ئەيلىگەن يارلار،
نادامەت ئوتىدا قالماس.

بۇ تېكىستلەردىكى پىكىر يالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، قاقاس تاغلار، مېۋىسىز گۈل، توڭ ئالما، سايىسىز بوستاندىن ئىبارەت تىپىك ۋاستىلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغانلىقتىن ئۇ كىشىلەرگە چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلاپ، كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ھامان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ. مۇھىت كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى بارلىق تاشقى شارائىتلارنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تىپىك مۇھىت بولمىسا، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە سەنئەتمۇ بولمايدۇ. كونكرېت مۇھىت ۋە ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن دەۋر، جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپى، ئەينەن قىياپىتى ۋە ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تەبىئىيلىك، بۇ ئەينەنلىك «دولان ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تېكىستلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، تېكىستنىڭ چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، تەربىيىۋى قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. ۋاپا تېما قىلىنغان تېكىستلەرنىڭ ئۆزىنىلا ئالساق، بۇ تېكىستلەردە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت، قىزلار بىلەن يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇھەببەتمۇ ۋاپاغا مۇھتاج ئىكەنلىكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئاشۇ ۋاپاسىز، شەپقەتسىز سوغۇق دۇنيادا ۋاپا ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى، نىشانى، غايىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن:

باغىم بار دېگەن بىلەن،
ئانارى بولسا بولمامدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىم بار دېگەن بىلەن
ۋاپاسى بولسا بولمامدۇ .
چىن دوستقا ۋاپا لازىم .
ۋاپادار سۆيگىنىڭ بولسا ،
يەنە باشقا نېمە لازىم .

ئاتا لازىم ، ئانا لازىم ،

مېھىر ـ شەپقەت ، ۋاپادارلىققا ئېرىشىش ئىستىكىنىڭ «دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىگە سىڭدۈرۈلۈپ ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىشى ، ھاياتنىڭ خىلمۇ ـ خىل قىسمەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن دولانلىقلارنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ گۈزەل پەزىلەتكە تەلپۈنگەنلىكى ، ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ، تەشۋىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، بۇنى مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان مەڭگۈلۈك تېمىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .
« دولان ئون ئىككى مۇقامى » تېكىستلىرىدە يەنە ئىنسان ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولغان پۇل ، بايلىق ، مال ـ مۈلۈك ، دۇنياغا قانداق قاراش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئەنئەنىۋى دىئالىكتىك قاراش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان . مەسىلەن :

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ ،
غوجاۋاتنىڭ تېرىكى .
بىز ھەقىقىي دوست بولساق ،
پۇلنىڭ نېمە كېرىكى .

بۇ تېكىستتە چىن مۇھەببەت ئۈچۈن پۇل شەرت بولالمايدىغانلىقى ، پۇل چىن دوستلۇقنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى تەكىتلەنگەن بولسا ، مۇشۇ چوڭ تېمىدىكى بەزى تېكىستلەردە پۈتۈن ئېسىيادى پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ پاجىئەلىك ، ئېچىنارلىق ئاقىۋىتىمۇ ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ . يەنە مال ـ دۇنياسى ئېشىپ ، راھەت ـ پاراغەت ، ئەيش ـ ئىشرەت ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە بەخىرامان ياشاۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا ھاياتنى قانداق تونۇش ، بايلىققا ، پۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ئەمەلىي تەربىيە بېرىلىدۇ . دۇنيانىڭ چەكسىزلىكى ، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئىنسان ئۆمرىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولىدىغانلىقى ، بارلىق پايدىسىز ئامىللار ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ ناچار كەيپىيات ، ئوسال روھىي ھالەت ئىكەنلىكى ، شۇڭلاشقا قىسقا ئۆمرىنى نەپسانىيەتچىلىك ، پۇلپەرەسلىك ، ئىنساپسىزلىق ، ئاچكۆزلۈك ئىللەتلىرى ئىچىدە ئالدىراپ ـ ئۇشقۇرۇپ ئۆتكۈزمەي ، بەلكى ياخشىلىق قىلىش بىلەن ساخاۋەتلىك ، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىززەت ـ ھۆرمەت ، ئابروي ـ ئىناۋەت ، شان ـ شەرەپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنىڭ چىن ئىنسانلىق پەزىلەت ئىكەنلىكى ، مۇشۇنداق ئالىي پەزىلەتلىك بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ :

دۇنيانى دەپ چۆللەر كېزىپ ،
بەلگە تارازىڭنى ئېسىپ ،
ئاخىر ياتارسەن گۆردە سېسىپ ،
بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق .

تۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن تارىختا بىر مەزگىل داڭق چىقارغان سەلتەنەتلىك شاھلار ھەتتاكى ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتا، ئىككى دۇنيانىڭ شاھىتى بولغان ئەيسا، مۇسا، مۇھەممەد پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆلۈمدىن خالىي بولالماي ئالەمدىن ئۆتۈپ، قارا تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاچچىق ساۋاقنى ئەسكەرتىدۇ:

جاننىغۇ بەرگەن خۇدايىم،
بىر كۈن ئامانەت ئالىدۇ.
مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەت قالىدۇ.

ھاۋا بىلەن ئادەم قېنى؟
ئەيسا بىلەن مۇسا قېنى؟
ئىككى ئالەم سەرۋىرى،
غوجام رەسۇلۇللا قېنى؟

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىدە ۋەتەن، يۇرت تېمىسى، خېلى كەڭ سەھىپىنى ئىگىلەيدۇ. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق، چىغانچۆل، تەكتوغراق، شورلۇق ئوتاۋ، مازارغوجام، پىچاق سۇندى دېگەن يېزىلىرى، مەكىت، ئاۋات، شايار، يوپۇرغا، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرى ۋە كۇچانىڭ تارىم بويلىرىغا جايلاشقان يېزىلىرى، لوپنۇرنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرى دولانلىقلارنىڭ ئاپىرىدىگاھى، بۇ يۇرتلارغا، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى، دەريالىرى، چۆللىرىگە بولغان تۇغما سۆيگۈ ھېسسىياتى خىلمۇ خىل نۇقتىدىن بەزىدە ۋاستىلىك، بەزىدە بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتىنى قىزغىن ۋە كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلەشمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. مەسىلەن:

مەن بۇ يۇرتنى چۆل دېسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغراقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنلىرى مازار ئىكەن.

پىچىقىمنىڭ دەستىسى،
يىلان بېشى، كەكلىك قېشى.

ھاجى ئاتامنىڭ ئويىنىشى،
ئاقساقمارال، مارالبېشى.

خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
قۇرۇق شاختا ئانار بولدى.
ئانارنى سىقىپ ئىچسەم،
يۈرەكىمگە داۋا بولدى.

بۇ تېكىستلەردىكى يەرلىك تۈسى قويۇق ئوخشىتىشلاردىن ئۇيغۇرلاردا پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى («پىچىقىمنىڭ دەستىسى، يىلان بېشى كەكلىك قېشى» دېگىنىدىن)، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى («ئانارنى سىقىپ ئىچسەم، يۈرەكىمگە داۋا بولدى» دېگىنىدىن) خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن چۆل-باياۋان، جاڭگاللارنىڭ دولانلىقلارغا گويا گۈلزارلىق باغدەك، توغراقلار خۇش پۇراق ئالمىغا ئوخشاش تۇيۇلۇۋاتقانلىقى، زومچاق-زومچاق قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە قىپقىزىل چېچەكلىگەن يۇلغۇنلارنىڭ قەھرىمان ئەجدادلار ياتقان ئۇلۇغ مازارلاردەك بىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىمىز، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، يەرلىك ئادەتلىرىنى، زىرائەت، مېۋە-چېۋە، باغۇ-بوستان، دەل-

دەرەخلىرىنى ئەسلەش ۋە سېغىنىش، ئەتىۋالاش، ئۆز ئەجدادلىرىنى ئۇلۇغلاش قانداقتۇر بىر خىل نادانلىق، قالاقلىقنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى ئىلغارلىقنىڭ، زىرەكلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. مىللەتنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىپ يەتمىكى، ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى بىلمىكى ئاسان ئەمەس. بۇ بىر قىيىن ئىش. «4 ـ ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىكى بايراقدارلاردىن بولغان لۇشۈن، گومورولارنىڭ ئەسەرلىرىدە تەشۋىق قىلىنغان ئاساسىي ئىدىيىمۇ ئۆز مىللىتىنى، مىللىتى دۇچ كەلگەن كۈلپەتلىك كۈنلەرنى مىللىتىگە چۈشەندۈرۈش، ئۆز ھالىغا ئېچىنىش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىش ئىدى. ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا ياشاپ ئۆتكەن رېئالىست شائىر ئابدىخالىق ئۇيغۇر، ناسۇھا ئىمىن، ئابدۇللا ھاپىز شېئىرلىرىدىمۇ دەل مانا مۇشۇ ئىدىيە — مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش، ئۆز ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنغان. چۈنكى مىللەتنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىش دەرىجىسى قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۆز تارىخىنى، ئەجدادىنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۆز ئەجدادىنى سۆيۈش، ئەتىۋالاش، ئۆز مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىق تارىخىغا ئىنتىلىش روھى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتنى ئىلغارلاشتۇرىدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ. «بىز مۇرەككەپ ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. مەنىۋىيىتىمىزنى ئەجداد روھى بىلەن قوراللاندۇرمىساق، ئۆز تارىخىمىزدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كەلگۈسىمىزگە يول ئاچمىساق، مىللەتكە ھېچقانداق ئېتىبار بەرمەيدىغان رەھىمسىز رىقابەت قايناملىرىغا غەرق بولۇپ كېتىمىز ... مەدەنىيەتنىڭ ئىستىقبالىنى ئاخىرقى ھېسسىيات ئۆز ئەجدادىنى تونۇش ـ تونۇماسلىق، ئۆز تارىخىنى بىلىش ـ بىلمەسلىك بەلگىلەيدۇ» ① يۇرت سۆيگۈسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن تېكىستلەردە يۇرتى، ئېلى، سۆيگىنىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، گۈزەل مەنزىرىلەر، تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ۋە جىسىملارنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئوبراز تېكىستتىكى مەنىۋى مۇھىت ئىچىدە ئىخچام ـ يارقىن كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ. ئا. فادىيېۋ «بىز ئۆز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز، بۇ بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋادۇر» دېگەنىدى؛ ئوشىنىسكى «ئۆز ۋەتىنىڭنىڭ پەرزەنتى بول. قەدىردان تۇپراق بىلەن ئۆزۈڭنىڭ چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىڭنى ئۇنۇتۇما» ② دېگەنىدى. خەنزۇ شېئىر ـ نەزمىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان قارىغاي، ئارچا، مېيخۇاگۈلى قەتئىيلىك، ساداقەتلىك، پاكلىق پەزىلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. زاڭزۇ ناخشىلىرىدىكى قارلىق تاغلار، يالۇجياڭ دەرياسى، دەيزۇ، تەيزۇ نەزمىلىرىدىكى توز، پىل، موڭغۇل داستانلىرىدىكى تۇلپار ئاشۇ مىللەتنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنىڭ سىمۋولى. «دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىدىكى مەجنۇنتال، توغراق، ئانار، يۇلغۇن، قارلىغاچ قاتارلىقلار بولسا، دولانلىقلاردىكى پاك، سەممىي مۇھەببەت، قەيسەر ئىرادە، چىدامىلىق، ساداقەتلىكنىڭ سىمۋولىدۇر، بۇ ئاق كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ:

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا،
تال ئۈنۈپتۇ تولغىماچ،
ئۇچىغا چاڭگا تىزىپتۇ،
ناچا گۈللۈك قارلىغاچ.

① ئۆمەرجان ئىمىن: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1996 ـ يىل 1 ـ سان.
② «شىنجاڭ گېزىتى»، 1996 ـ يىل 28 ـ ئىيۇن سانى بەشىنچى بەتتىن ئېلىندى.

ناچا گۈللۈك قارلىغاچنىڭ ،
بوينىدا زەنجىرى بار .
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
بوينىدا تۇمارى بار .

ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كاككۇك ،
ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كاككۇك .
قەپەزنىڭ قەدرىنى بىلمەي ،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كاككۇك .

قەدىمىي يۇرتنىڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشلىرى ، مەنزىرىلىرى سۈرەتلەنگەن تېكىستلەر كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ، مۇئەييەن ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ . يۇقىرىقى تېكىستلەر بىزنى قەدىمىي دولان يۇرتلىرىغا باشلاپ كىرىدۇ . سۆيۈملۈك يۇرتنىڭ دەريا - سۇلىرى . ئۇچار قۇشلىرى ، مەجنۇن تاللىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ . ۋۇجۇدىمىزدا يوشۇرۇن ھىسسىي كۆۋرۈك پەيدا قىلىپ ، ئىككى دەۋر روھىنى سېلىشتۇرىدۇ . باتۇر ، قەيسەر ، مەردانە روھنىڭ قايتا ئويغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، دەۋر خاراكتېرلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ، يۇرتنى گۈللەندۈرگۈچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىدۇ . مانا بۇ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ ئۇرغۇتىلىشىدۇر .

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىدە يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا خەلقچىللىق ، ئالىيجاناپلىق ، ئىلىم - مەرىپەت ، قائىدە - يوسۇن ، ئەدەب - ئەخلاق ، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق تېمىلار يورۇتۇپ بېرىلىپ ، تارىختىن بۇيان دولان خەلقىغە ئارزۇ - ئۈمىد ، غەيرەت - شىجائەت ، ئەمگەكنى سۆيۈش ، تىرىشچانلىق روھى ، شاد - خۇراملىق تۇرمۇش كەيپىياتى ئاتا قىلىپ كەلدى . شۇنداقلا دولانلىقلارنىڭ ئالىيجاناب ئىجادىي ئىقتىدارى - ئاق كۆڭۈل ، خۇش پېئىل ، ساددە ، تۈز ، ئويۇنچى ، سەنئەت خۇمار بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلدى .

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ، يەرلىك تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن قىيانلىق ئېقىندەك توختىماي ئۆركەشلەپ ئېقىپ ، ھەر خىل مەنىۋى بوھرانلارنى بۇسۇپ ئۆتۈپ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئەسىر تۇغانلىرىنى بۇسۇپ ئۆتەلەيدىغان قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىشىنىڭ ۋەجىنى ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇشىدىن سىرت ، ئىپادىلەش شەكلى ، بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ، ئالاھىدىلىكلىرىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي ، تىلى ئاممىباب ، يېقىملىق ، ئېنىق ، يۇمۇرلۇق تۈس ئالغان بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن . بولۇپمۇ مۇزىكىلىق ، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ . شۇنداقلا تىلدىكى تەبىئىي رېتىم كۆپۈنچە مۇزىكا ئوبرازىغا بويسۇنۇپ ، يېقىملىق ، تەبىئىي ھېسسىيات پەيدا قىلىش بىلەن كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ، زوق - ئىشتىياقىنى جەلب قىلىۋالىدۇ .

«دولان ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ئوينىغان رولى ، كۆرسەتكەن كارامەتلىرى ، ھايات سەرگۈزەشتلىرى ، ئارزۇ - ئارمانلىرى ، يالقۇنلۇق ئىشق - مۇھەببىتىنى بايان قىلىشقا ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن زىچ ماسلاشقان .

ئالاھىدە بىر خىل شەكىلدە تۈزۈلگەن بۇ تېكىستلەردىكى «ئالدىنقى ئىككى مىسرا تەبىئەتنى كېيىنكى ئىككى مىسرا ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەيدۇ» ئالدىنقى ئىككى مىسرا بىلەن كېيىنكى ئىككى مىسرا ئىچكى جەھەتتىن بىر ــ بىرىسگە تەبىئىي ھالدا باغلانغان. ئالدىنقى ئىككى مىسرا، كېيىنكى ئىككى مىسرادا ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان پىكىرنىڭ مەزمۇنىدىن ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق بىشارەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەيدان ھازىرلايدۇ، كەيپىيات يارىتىپ بېرىدۇ. ئالدىنقى ئىككى مىسرادا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان لىرىك پىكىرنىڭ ئۇرانىغا قاراپ، شۇنىڭغا كەيپىيات جەھەتتىن ماسلىشىپ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئالما ئۈزدۈم بېغىڭدىن،
سېۋەتىمنى تولدۇرۇپ.
مۇڭدىشايلى كەل يارىم،
چىت تۈۋىدە ئولتۇرۇپ.

ئاق سەللە، سېرىق سەللە،
كەيگەن تونلىرى مەللە.
ھېچقاچاندا كەلمەيتتىلە،
بۈگۈن نىم بولۇپ كەللە؟

كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى پىكىردە خۇشاللىق، ياخشىلىق خەير ــ ساخاۋەتلىك كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئالدىنقى ئىككى مىسرادىكى تەبىئەت تەسۋىرىمۇ چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنۈش ئاساسى ئۈستىگە تۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

يۇلغۇن چىچىكى قىزىل،
قىزىل گۈلدەك توق ئەمەس.
خەقنىڭ يارى بولسىمۇ،
بىزنىڭ ياردەك شوق ئەمەس.

يارىمنىڭ بىلەيزۈكى،
يارقىرايدۇ سەدەپتەك.
كۆيۈشىمىز يار بىلەن،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

كېيىنكى ئىككى مىسرادا ئاچچىقلانغانلىق، خاپا بولۇپ قالغانلىق، كۆڭۈل رەنجىشى ياكى بىرەر پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان يامان كەيپىيات ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولسا، ئالدىنقى ئىككى مىسرا شۇ خىل كەيپىيات مۇھىتقا ماسلاشقان ھالدا تۈزۈلىدۇ، يەنى شۇ كەيپىياتقا لايىق مۇھىت ھازىرلايدۇ. كىشىلەر ئالدىنقى ئىككى مىسرانى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال كېيىنكى مىسرالاردا ياخشىلىقتا ياتىدىغان پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. مەسىلەن:

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
ئاۋۋال قارىغان يارلار،
ئەمدى قارىماس بولدى.

يۈرەكلەردە داغ قالدى.

ئەنجان تاملىق ھويلىدىن،
چىقاي دېسەم شوتا يوق.
مەن يارىمنى سۆيمەيمەن،
ئۆزى سەنەڭ ئىشقى يوق.

شايىدىن شاپاق دوپپا.
شاپتۇل شاخىدا قالدى.
ئۈزۈن يۈرمەي ئايرىلدۇق،

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.

www.uyghurkitap.com

خەقنىڭ يارى يار بولامدۇ ، ئۆلگىچە جانغا پىچاق .

تېكىستنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كىنونىڭ مۇنتاژ ئۇسۇلىغا تەقاس قىلىشقا بولىدۇ . فىلىمدىكى ھەر بىر كۆرۈنۈش مۇستەقىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ، ئۇ يەنە كېيىنكى يېڭى كۆرۈنۈشنى مەيدانغا چىقىرىشتىن بېشارەت بېرىدۇ . مۇنتاژ تاماشىبىنلارنى بىۋاستە فىلىم كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە باشلاپ كىرسە ، بۇ تېكىستلەر ئەمگەك سۆيەر دولانلىقلارنىڭ چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كۆپ خىل ئىگىلىك يارىتىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى توپەيلى ، كىتابخانلارغا ئەنە شۇ دولان تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە باشلاپ بارىدۇ . شۇڭا بۇ تېكىستلەر دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ، ئىشلەپچىقىرىش خۇسۇسىيىتى ، بەدىئىي تىلى ، ئىستېتىك قارىشى ، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ، ئېتنىك مەنبەسى ، تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدىكى كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى چۈشىنىش ، ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ .

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1 . ئېلى ماموت ، مەمتىمىن ئەخەت : «دولان ئون ئىككى مۇقامى » ، مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى باستۇرغان كىتابچە ، 1996 ـ يىل نەشرى .

2 . مۇتەللىپ سېيىت ، مۇتەللىپ ئىسكەندەر ، ئەخەت داۋۇت : «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى .

3 . ئەخەت داۋۇت : «مارالبېشى تارىخى ماتېرىياللىرى » ، مارالبېشى ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخى ماتېرىياللار تەھرىر ھەيئىتى ، 1992 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى .

4 . «مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەر ـ ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى » ، مارالبېشى ناھىيىلىك يەر ـ ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن . 1989 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى .

5 . «شىنجاڭ سەنئىتى » 1996 ـ يىل 1 ـ سان .

6 . «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى » ، شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسى . 1982 ـ يىل نەشرى .

7 . «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى » ، مارالبېشى ناھىيىلىك ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام» تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى . 1989 ـ يىل 8 ـ ئاي ، «قەشقەر گېزىتى » باسمىخانىسى نەشرى .

www.uyghurkitap.com

# مەشھۇر «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە

غ . سەدىۋا قاسوۋ

**ئىلاۋە :** ئاپتور غوجاخمەت سەدىۋا قاسوۋ ( 15 . 6 . 1929 ـــ 15 . 11 . 1991 ) قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى ، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قارارلىق مۇدىرى ئىدى . ئالىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى » ناملىق بىر يۈرۈش ئىككى كىتاب ( 1 ـ قىسىم فونېتىكا ۋە لېكسىكا ، 2 ـ قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ) 1983 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ، 1988 ـ يىلى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان .

بۇ يىل غ . سەدىۋا قاسوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 68 يىللىقى ، ئىلمىي پائالىيىتىنىڭ 47 يىللىقى ، ۋاپاتىنىڭ 6 يىللىقى . بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلىمىزدا ، مەرھۇم ئالىمنىڭ سابىق قازاق س س ر نىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھرىدە ئۇيغۇر تىلىدا سلاۋيان يېزىقىدا چىقىرىلغان « كوممۇنىزم تۇغى » گېزىتىنىڭ 1983 ـ يىلى 22 ـ ، 23 ـ فېۋرال سانلىرىغا بېسىلغان : « مەشھۇر 〈 دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك 〉نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇق .

* *

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » (« تۈركىي تىللار دىۋانى» ياكى «تۈركىي تىللار لۇغىتى») ئۆز دەۋرىنىڭ ئاجايىپ بىلىمدانى ، ئېنسىكلوپېدىست ئالىم مەخمۇت قەشقەرى ( تولۇق ئات ـ جۆنى مەھمۇت ئىبنى ئەل ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەت ئەل ـ قەشقەرى ) قەلىمىگە مەنسۇپ نادىر ئەسەردۇر . مەھمۇت قەشقەرى مەزكۇر ئەمگىكىدىن باشقا « كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك » ( تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى ھەققىدە كىتاب ) ناملىق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم . ئەپسۇسكى ، بۇ كىتاب ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى بىز ئۈچۈن بەلگىسىز .

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ قەشقەر شەھرىدە ( شىنجاڭدا ) دۇنياغا كەلگەنلىكى بىزگە مەلۇم . لېكىن قايسى يىلى تۇغۇلۇپ ، قايسى يىلى ۋاپات بولغانلىقى ، ئۆز ئەسىرىنى قاچان ۋە قايسى يەردە يازغانلىقى ئېنىق ئەمەس . مەخسۇس تەكشۈرگۈچى ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە ؛ مەھمۇت قەشقەرى مىلادىنىڭ 1029 ـ ۋە 1038 ـ يىللىرى ئارىسىدا تۇغۇلغان ، ئۆز كىتابىنى 1072 ـ يىلى باشلاپ ، 1078 ـ يىلى تاماملىغان .

مەھمۇت قەشقەرى X ، XI ئەسىرلەردە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى قاراخانىلار ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان . ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مەلۇم ۋىلايەتلەرنى باشقۇرغان ئەمىرلەردىن ئىدى . مەھمۇت قەشقەرى ئاقسۆڭەكلەر ئەۋلادىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ناھايىتى ياخشى تەلىم ـ تەربىيە ۋە بىلىم ئالغان . ئالىم ئۆزى تۇغۇلغان ھەم شۇ دەۋردە چوڭ سىياسىي ، مەدەنىي مەركەز

ھېسابلانغان قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەلۇماتقا سازاۋەر بولغان.

مەھمۇت قەشقەرى ياشىغان XI ئەسىردە ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق ئەللەردە، شۇ جۈملىدىن شىنجاڭدا ئۆزگە پەنلەر بىلەن بىللە ئەرەب تىلىنىڭ گرامماتىكىسىمۇ مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلاتتى. مۇندىن تاشقىرى، مەھمۇت قەشقەرى شۇ چاغدىكى ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغدات شەھىرىنى زىيارەت قىلغان. ھەتتا ئۆز ئەسىرىنى مۇشۇ شەھەردە يازدى، دېگەن تەخمىنلەرمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن، ئالىم ئەرەب تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدىن كەم بىلمىگەن ۋە ئۆز ئىلمىي ئەسەرلىرىنى شۇ چاغدىكى مۇسۇلمان ئەللىگە ئەڭ كۆپ تارقالغان «مۇقەددەس» ئەرەب تىلىدا يازغان.

ئەمگەكنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىزگە كېلىپ يەتمىگەن. ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆچۈرمىسى 1256 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا خەتتات مۇھەممەت ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇل فاتىھ ئەل ساۋى ( كېيىنرەك ئەد ـ دەمەشقى) تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بۇ كۆچۈرۈلمە نۇسخا ھازىر ئىستانبۇل ( تۈركىيە ) دىكى مىللەت كىتابخانىسىدا ئەلى ئەمىرى فوندىدا ساقلانماقتا.

كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە تۈركشۇناسلىق ئەللىگە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ( تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ ) نىڭ ئۈچ تەرجىمىسى: نېمىسچە، تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە تەرجىمىلىرى مەلۇم ئىدى. بۇ ئەسەر 1928 ـ يىلى مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم كارىل بروكېلمان تەرىپىدىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1939 ـــ 1941 ـ يىللىرى تۈرك ئالىمى بېسىم ئاتالاي تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ ئەنقەرە شەھىرىدە باستۇرغان. 1960 ـــ 1963 ـ يىللىرى بولسا ئۆزبېك ئالىمى سالىھ مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تاشكەنتتە يورۇق كۆردى. «دىۋان» نى باشقا تۈركىي تىللارغا ( مەسىلەن: ئەزەربەيجان، قازاق، تۈركمەن تىللىرىغا ) تەرجىمە قىلىش ھەققىدە بەزىبىر چارە ـ تەدبىرلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ھازىرغىچە كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشمىدى.

ئۆزبېك ئالىمى ئەلىبېك رۇستەموۋ تەرىپىدىن رۇس تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن بەزى تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى مەزكۇر تەرجىمىنىڭ قاچان ۋە قەيەردە بېسىلىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر نەرسە ئېيتىش تەس. دېمەك، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسىرىنى تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، فولكلورستىكا، تارىخ ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە پەنلىرى ئۈچۈن باھالىق مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىش، مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇنى بىرقانچە تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، ئەتراپلىق ئۆگىنىش ئىشلىرى تۈركشۇناسلىقتا ھېچقاچان سۇسلاشقان ئەمەس، بەلكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ بارماقتا. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كۇپايىدۇر.

«دىۋان» نى بىر گۇرۇپپا شىنجاڭ ئالىملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ 1 ـ تومى 10 مىڭ دانە تىراژ بىلەن 1981 ـ يىلى نەشىر قىلىندى. كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا بې-

سىلغان .

مەزكۇر ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇسالام ئابباس ، ئابدىرېھىم ئۆتكۈر ، ئابدىرېھىم ھەبىبۇللا ، داموللا ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى ، خەلىم سالىخ ، ھاجىنۇر ھاجى ، ئوسمان مۇھەممەت نىياز ، سابىت رۇزى ، ئىبراھىم مۇتىئى ( مەسئۇل مۇھەررىر ) ، ئىمىن تۇرسۇن ( مۇھەررىر ) ، مىرسۇلتان ئوسمانوۋلار .

كىتابتا « دىۋان » نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىمنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە ئېيتىلمايدۇ . لېكىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى ، بۇ ئىشقا شىنجاڭدا دەسلەپ 1946 ـ يىلى تۇتۇش قىلىنغانىدى ؛ قەشقەرلىك ئىسمايىل داموللا « دىۋان » نىڭ 1 ـ تومىنى تەرجىمە قىلغان . لېكىن تەرجىمانىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ مۇھىم ئىش ئاياغلاشماي قالغانىدى .

كىتابنىڭ ئالدىدا بېرىلگەن مۇقەددىمىدە ئېيتىلغىنىدەك ، 1955 ـ يىلى « دىۋان » نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىنىغان ۋە قەشقەردە ئاكا ـ ئۇكا مۇھەممەت پەيزى بىلەن ئەخمەت زىيائى تەرىپىدىن بىرىنچى تەرجىمىسى قولدىن چىققانىدى . 1963 ـــ 1966 ـ يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن « دىۋان » نىڭ ئۇيغۇرچە ئىككىنچى تەرجىمە نۇسخىسىنىمۇ ئىشلەنگەنىدى . لېكىن ، « سول » خاتا لۇشيەن تۇپەيلى بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىنماي ، ئاخىرى نابۇت بولۇپ كەتتى .

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، « دىۋان » نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى شىنجاڭ تىلشۇناسلىرىنىڭ دۇچ كەلگەن تالاي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقىشى نەتىجىسىدە ، ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەشەببۇسكارلىقى ۋە كۈچ غەيرىتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن .

سۆز بولۇۋاتقان بۇ كىتاب قۇرۇلۇشى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەڭ ئالدى بىلەن مۇقەددىمە ئورنىدا « ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹ تۈركى تىللار دىۋانى › » سەرلەۋھىلىك چوڭ ماقالە بېرىلىدۇ . ئاندىن كېيىن « دىۋان » نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا ئىزاھاتلار بار . « دىۋان » نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئۆلگە سۈپىتىدە تۆت بەتتىن ئىبارەت فوتو كوپىيە كەلتۈرۈلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن بىۋاسىتە « دىۋان » نىڭ ئۆز تېكىستى باشلىنىدۇ . ھەممىسى بولۇپ كىتاب 760 بەتتىن ئىبارەت .

« دىۋان » نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن كىرىشمە ماقالە مەزمۇنىغا قاراپ ئالتە بۆلۈمدىن تەركىب تاپىدۇ :

بىرىنچى بۆلۈمدە ، مەھمۇت قەشقەرى ئۆمۈر سۈرگەن دەۋر ـــ « دىۋان » يېزىلغان تارىخىي ۋەزىيەت تەسۋىرلىنىدۇ . ئاپتورلارنىڭ ئېيتىشى بويىچە ، XI ئەسىردە دۇنخۇاڭدىن كۇچاغىچە بولغان رايوندا قوچۇ ( تۇرپان ) نى پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت خانلىقى ، كۇچادىن تا جەيھۇن ( ئامۇ دەريا ) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا قەشقەر ۋە بالا ساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان قاراخانىلار خانلىقى مەۋجۇت ئىدى . ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى بولسا قارا بالغاسۇن ( ھازىر موڭغۇلىيە زېمىنىدە ) نى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى 839 ـ يىلى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ ۋۇجۇدقا كەل-

گەن خانلىقلار ئىدى.

ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاساسىنى VIII ئەسىر ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر خانزادىلىرىدىن يۇرۇن تېكىن قۇرغانىدى. بۇ خانلىق قوچۇنى مەركەز قىلغانلىقى ۋە بۇيەردە خېلى بۇرۇندىنلا ئۇيغۇرلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇچە مەنبەلەردە «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى. ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە جەنۇبىي تۈرك ۋە شىمالىي تۈرك، چوڭ جۇگيۇن، كىچىك چۇگيۇن، ياغما، قارلۇق، قىرغىز، مۇمانغۇت، يۇرۇن دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بەشبالىق، قوچۇ دېگەن مەركىزىي شەھەرلىرىدىن باشقا، چانبالىق، ياڭى بالىق، سولمى، ئېۋىرغول (قومۇل) قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرمۇ بار ئىدى.

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا چوڭ بىر ھاكىمىيەت شەكىللەندى. بۇ ھاكىمىيەت «ئۇلۇغ»، «كەڭ»، «كۈنپېتىش ياق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» نامى بىلەن «قاراخانلار» دەپ ئاتالدى. بۇ ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچىلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «كۆك ئارت» (پامىر) ئۇيغۇرلىرى دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان.

قاراخانلار دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى تەركىبىدە كۆك ئارت ئۇيغۇرلىرىدىن (جۈملىدىن ياغمىلار ۋە قارلۇقلاردىن) باشقا يەنە، قارلۇقلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان چىيىل ياكى چىگىللەر، ئاندىن باسمىل، توخسى، چارۇق، چۇمۇل، تۈركەش، قىرغىز قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى. خانلىقنىڭ تەۋەسىدە سوغداتلار، كەنجەكلەر ۋە ئىران تىلىنىڭ تۈرلۈك شىۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ ياشايتتى.

قاراخانلار تۇتقان كەڭ زېمىن مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. بىرىنچىسى — قەشقەر ۋە بالا ساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم. بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچىسى — سەمەرقەنت ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم؛ ئۈچىنچىسى — خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي قىسىم. بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ راۋاجلاندى. شەرقىي ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلەردە قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن، بارىسغان؛ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەردە تالاس، ئوترار، مەرغىنان، سەمەرقەنت، تېرمىز ۋە باشقىلار ئىدى.

ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ راۋاجلىنىشى تەمىن ئەتتى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى بىلەن قاراخانلارنىڭ مەركىزىي قىسمى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقە لىنىيىسىدە باش تۈگۈننى ئىگىلىگەنىدى. مۇنداق قولايلىق گېئوگرافىيىلىك شارائىت ئۇيغۇرلارنى كۆپلىگەن باشقا ئەللەر بىلەن مەدەنىي ئالاقە ـ قاتناش ئالاقىلىرىدە بولۇش شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

قاراخانلار X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇردى. ئىسلام دىنى قەشقەر تەرەپتىلا توختاپ قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرى

www.uyghurkitap.com

كۇچادىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۇرپان ئويمانلىقلىرىغىمۇ يەتتى. ئەمما، ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي دىن سۈپىتىدە كەڭ تارقىلىشىغا يول قويمىدى. ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنىڭ قەتئىي ھىمايىچىلىرى بولۇپ قالدى.

قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بىرمۇ ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەب يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللىنىلدى. مەسىلەن: قاراخانىلارنىڭ 1067 ـ يىلىدىن باشلاپ چىقارغان تەڭگە پۇللىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىمۇ ئىشلىتىلگەن.

ئىدىقۇت ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئىگىلىك ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىللە ئىلمىي ئەدەبىيات بۇرۇنقى توققۇز ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز) ئەنئەنىسى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلاندى.

كۇچانىڭ شەرقىدە ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ئەھلى قۇچۇ ۋە بەشبالىقتا تۇخار ۋە سانسكرىت تىللىرىدىن مەشھۇر بۇددا نوملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى؛ خەنزۇچىدىن پەيلاسوپىيە ئەسەرلىرىنى، ئىدىيە ۋە ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغان بولسا، كۇچانىڭ غەربىدە قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسى ئەرەب خەلىپىلىكىگە تۇرلۇك ئەل ئالىملىرى توپلىغان دۇنيا ئىلىم ـ پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. مۇنداق تەتقىقاتچىلىقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولدى. ئىسلام قانۇنىنى شەرھلەش، گرىكنىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى شەرھلەش، تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك ساھەلىرىدىكى تەتقىقاتلار نۇرغۇن ئالىملارنى جەلپ قىلغانىدى.

شۇنىسى روشەنكى، دىنىي جەھەتتىكى كەسكىن پەرقنىڭ بولۇشىغا قارىماي، شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

لېكىن، ئەرەب ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ زېمىندە بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ئاھالە ئەرەبلەردىن ھەرقانچە مەدەنىيەتلىك بولسىمۇ، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا، ئەرەب تىلىنى «مۇقەددەس تىل» دەپ ئۆگىنىشكە ۋە ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىدى. ئەرەب يېزىقى ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان قانۇنىي يېزىقى ھېسابلىناتتى. دىن، سىياسەت، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر مۇتلەق ئەرەب تىلىدا يېزىلىش كېرەك ئىدى. خەلىپىلىكنىڭ مەركەزلىرىدە ئەرەب تىلى ئالىي ھاكىمىيەت تىلى بولغاندىن تاشقىرى، ئىلىم ـ پەن تىلى قىلىنغانىدى. شۇڭلاشقا، تۈركىي خەلقلەردىن چىققان نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى.

ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيىسى زەئىپلىشىشكە يۈز تۇتقاندا، قاراخانىلار خانلىقى دائىرىسىدە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ قايتىدىن باش كۆتەرگەنىدى. مانا شۇ چاغدىكى سىياسىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە

مەدەنىيەت مۇھىت ئەرەب ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىمۇ، سىياسەت، مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىمۇ، ئاھالىنىڭ بەزى قاتلاملىرىنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن قىلدى. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىن يېتىلىپ چىققان ئالىملار، ئەدىبلەر تۈركىي تىلنىڭ قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ بايلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ھىببەتۇل ھەقائىق» ناملىق ئەسىرى مانا شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

دېمەك، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شەرت - شارائىت نەتىجىسىدە «دىۋان» مەيدانغا كەلدى.

كىتاب مۇقەددىمىسىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۆلۈمى، بىز ئۈچۈن خەنزۇچە مەنبەلەردىن دەسلەپ جەلپ قىلىنغان يېڭى ھۆججەتلەرنىڭ قاراخانىلار دۆلىتى ھەم مۇشۇ دۆلەت تەركىبىگە كىرگەن كۆپلىگەن تۈركىي قەبىلىلەر ھەققىدە باھالىق مەلۇماتلار بېرىدىغانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

مۇقەددىمە ماقالىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە، «دىۋان» ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بارسغان شەھىرىدىن. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بارسغان قاراخانىلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبى بويىغا يېقىن جايلاشقان بولۇپ، يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. ھۈسەيىن بارسغاندىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. مەھمۇت ئۆزى قەشقەردە تۇغۇلغان. لېكىن تۇغۇلغان يېزىسى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. «دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا ئازاق يېزىسىغا «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» ياكى «يېزىمىزنىڭ نامى» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ. «ئوپال» سۆزىگىمۇ شۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن. لېكىن، باشقا يېزا ياكى جايلارنىڭ نامىنى ئىزاھلىغاندا، «بىزنىڭ» دېيىلگەن ئەمەس. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ياشىغان يۇرتىنى قەشقەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېزىلىرىدىن ئاتۇشتىكى «ئازاق» ياكى توققۇزاقتىكى «ئوپال» دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

«دىۋان» نىڭ ئاخىرقى 3 - تومىدا «بۇ كىتاب ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى» دېگەن جۈملە بار. بۇنىڭدىن تاشقىرى كىتابنىڭ يېزىلىپ بولغان ۋاقتىنى ھېسابقا ئېلىپ، مەھمۇت قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ۋاپات بولغان، دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

ئاپتورلارنىڭ ھاشىيەدە (ئىزاھتا) كەلتۈرگەن مۇنۇ ئاخباراتى دىققەتكە سازاۋەر: «ياغمىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن دەپ تەخمىن قىلىنغان يېڭىسار خەلقى ھەر يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى، يېڭى ساردىكى ئوردا خېنىم، ھەزرىتى بېگىم مازىرىنى ۋە ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازارىنى (بۇ مازارنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازارى بولۇشى مۇمكىن دېگەن تەخمىن بار) تاۋاپ قىلىدۇ (13 - بەتكە قاراڭ).»

كىتاب مۇقەددىمىسىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە، ماقالە ئاپتورلىرى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان» نى يېزىشتا كېرەكلىك ماتېرىيالنى قانداق توپلىغانلىقى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە زا-

ماـنداش ئالىملارنىڭ لۇغەت تۈزۈش تەجرىبىسىدىن قانداق پايدىلانغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ئېيتىپ ئۆتىدۇ .

مەھمۇت قەشقەرى نۇرغۇنلىغان تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ توپلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىلمىي ئۇسۇللىرى بىلەن تەتقىق ئېلىپ بارغان . ئاپتور كىتابىنى تۈزۈشكە كىرىشىشتىن بۇرۇن ، تۈركىي تىلدا ۋە ئەرەب تىلدا يېزىلغان لۇغەتشۇناسلىققا دائىر ھەر خىل ئەدەبىياتلارنى كۆپ ئوقۇغان . ئەرەبلەر تارىخىنى ، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىنى ، ئىسلام پەلسەپەسىنى ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ناھايىتى ئىنچىكە ئۆگەنگەن .

مەھمۇت قەشقەرى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزى باغدات شەھىرىگە كەلگەندە لۇغەتنى قايسى ئۇسۇل بىلەن تۈزۈپ چىقىش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن . نەتىجىدە ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل ، يەنى شۇ ۋاقىتقا قەدەر قوللىنىلمىغان ئۇسۇل بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن . ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ : « مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن ، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم ...... ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن بىر قانچە يىل مۇشەققەت چېكىپ سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم ، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم ، چىگىشلىرىنى يەشتىم . »

ئالىم ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن ھەر بىر سۆز - ئىبارىنى كونكرېت ، جانلىق مىساللار ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىدا ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرگەن . مەھمۇت قەشقەرى ئۆزى يازغان مۇقەددىمىدە شۇنداق دەيدۇ : «ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك — تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويدۇم» .

كىرىشمە ماقالىنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمى ، كىتابخانلارنى «دىۋان» نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ . «دىۋان » ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت ئەمەس ؛ بەلكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ، ئىقتىسادىي ھاياتىنى ، جۈملىدىن ئىلىم - پەن ، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ، ھاكىمىيەت - سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى ، پەلسەپىلىك ۋە ئېتىكىلىق چۈشەنچىلىرىنى ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ، باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر . «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن تەخمىنەن 7500 دىن ئوشۇق سۆزلەم مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭدۇر . كىتابنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ، «دىۋان» نىڭ مەزمۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . كىتابتا تۈركىي قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلىدۇ . ئاپتور تۈركىي خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋاقىئەلەرنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن يېزىپ قالدۇرغان . مەھمۇت قەشقەرى بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب ، پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بەزى

ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ . بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا يار-
دەم بېرىدۇ .

2 . مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار ، بولۇپمۇ
قاراخانىلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تېررىتورىيىسى ، شۇنداقلا تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەل-
لەرگە دائىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ . بولۇپمۇ ئالىمنىڭ ئۆز تىلى
بويىچە « دائىرە » دەپ ئاتىغان خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل
ۋە ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسىدۇر . بۇنىڭدا تاغلار ، دېڭىزلار ، دەريا ۋە كۆللەر ئاددى ۋە گېئو-
مېترىيىلىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن . مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى
كۆرسىتىلگەن .

3 . « دىۋان » غا كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن
تۈرلۈك ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن . مەسىلەن : مەرسىيە ، قوشاق ، ساقىنامە ۋە ئۇۋچىلىق
توغرىسىدىكى قوشاقلاردىن 242 كۇپلېتچە ، 200 دىن ئوشۇقراق ماقال ــ تەمسىل كىرگۈزۈل-
گەن . بۇ ئەدەبىي پارچىلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ
نەمۇنىلىرى سانىلىدۇ .

4 . « دىۋان » دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا
دائىر خېلى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن . يېزا ئىگىلىكىگە ، چارۋىچىلىققا دائىر سۆزلەر ،
ھەر خىل ھايۋاناتلار ، ئۇچار قاناتلار ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان .
قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ، تىبابەتچىلىككە ئائىت سۆزلەر ، يېمەك ــ ئىچمەك ، چالغۇ ئەسۋابلىرى ،
كىيىم ــ كېچەك ، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشقا باغلىق سۆزلەرمۇ تېگىش-
لىك دەرىجىدە ئورۇن ئالغان .

5 . « دىۋان » دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى
ئاتالغۇلار ، ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى ، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى خېلى كۆپ
ئۇچرايدۇ . ھەربىي تۈزۈم ، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ بار .

6 . مەزكۇر كىتابتا كالېندار چىلىققا ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن .
يىللارنى مۈچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى بۇرۇن پەيدا
بولغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى بىزگە يېزىپ قالدۇرغان . قىسقىسى ، مەھمۇت قەشقەرى
ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ، بولۇپمۇ قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىنى لۇغەتشۇ-
ناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى .

« دىۋان » غا بېرىلگەن مۇقەددىمىنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە ، ئاپتورلار XI ئەسىردىكى
تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن خەلقلەر ، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قوللانغان ئەدەبىي تىل ھەققىدە ۋە
بۇ تىلنىڭ فونېتىكىلىق ، گرامماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئۆز مۇلا-
ھىزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

ئاپتورلارنىڭ تەرىپلىشىچە ، مىلادى XI ئەسىردىن تارتىپ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ
تىلى شەرقىي تۈركچە ۋە غەربىي تۈركچە دەپ ئىككى چوڭ قاناتقا بۆلۈنىدۇ . ئىسسىق كۆلنى
مەركەز قىلغان تىللەرنىڭ ئوڭ قانىتى غەربىي تۈركى تىلىدا ، سول قانىتى شەرقىي تۈركى

www.uyghurkitap.com

تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر توپلىرىغا ئاجرىلاتتى. غەربىي قاناتتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىنى ئوغۇز تۈركمەنلىرى، قىپچاقلار تەشكىل قىلاتتى؛ شەرقىي قاناتتىكى قەبىلىلەر توپىنىڭ ئاساسىنى توققۇز ئوغۇزلار يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى.

XI ئەسىردىن كېيىن ۋە مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدە ئىككى گورۇپپا تىلدىن غەربىي قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى «ئوغۇز تىلى» دەپ، شەرقىي قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان. بۇ تۈرك تىلى ـــ قەدىمكى تۈرك (كۆك تۈرك) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇ قاراخانىلارنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى چوڭ شىۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى: قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىي دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نەزەرىدە «خاقانىيە تىلى» بىلەن «ئۇيغۇر تىلى» بىر تىل. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

مۇقەددىمە ئاپتورلىرى XI ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا ۋە لېكسىكا ساھەلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئاتاپ ئۆتتىدۇ ۋە «دىۋان» نى XI ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن، دېگەن خۇلاسە پىكرىنى ئېيتىدۇ.

كىتاب مۇقەددىمىسىنىڭ ئاخىرقى ئالتىنچى بۆلۈمىدە، مەزكۇر قول يازمىنىڭ تېپىلىش ۋە تارقىلىش تارىخىغا، كىملەر تەرىپىدىن قاچان ۋە قەيەردە نەشر قىلىنغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئەجداد ئەتكەن شەرقنىڭ بىرقانچە تارىخچى، تىلشۇناس ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كىتابى بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقىنى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرقانچە كۆچۈرۈلمىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. دېمەك، «دىۋان» XI ئەسىردىكى خەلىپە ئوردىسىدىلا قېلىپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئەرەب ۋە تۈرك ئالىملىرىغىمۇ مەلۇم بولغان.

ھازىر ئىستانبول كىتابخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋان» نىڭ بىردىنبىر نۇسخىسىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىيبەينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇش ئارقىلىق 1914 ـ يىلى دىيار بەكرلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان، كېيىن 1915 ـــ 1917 ـ يىللىرى كىلىسلى رىفئەت بىلگە تۈركىيىدە باستۇرۇپ چىقارغان. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا «دىۋان» دۇنياغا مەلۇم بولغان.

تۈركىيىدە «دىۋان» نى ئەڭ ئاۋۋال كىلىسلى رىفئەت، ئاندىن تەۋپىق بېي، خۇجا ئاتىپلار تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. لېكىن بۇ تەرجىمىلەر نەشر قىلىنمىغان. ئاخىرىدا بېسىم ئاتالاي ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بۇ كىتابنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ۋە 1939 ـــ 1941 ـ يىللاردا ئۇنىڭ ئۈچ تومىنى ۋە بىر توملۇق ئىندېكسىنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان. مۇندىن تاشقىرى، «دىۋان» قول يازمىسىنىڭ فاكسىملى (فوتو كوپىيىسى) نىمۇ باستۇرۇپ چىقارغان.

كىتابتىكى مۇقەددىمىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتورلار شۇنى تەكىتلەيدۇكى، XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى بولغان «دىۋان» ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىپ بۇرچىدۇر. لېكىن، مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنى «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنى ئاساس قىلغان ھالدا، پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەر تىلىدىن ماتېرىيال ئېلىپ تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن «دىۋان» تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق بايلىق دەپ قارىلىدۇ.

«دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئالدىن بېرىلگەن مۇقەددىمە مانا شۇنداق مەزمۇنغا ئىگە.

مۇقەددىمىدىن باشقا، كىتابتا «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ يەردە «دىۋان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قول يازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ 1941 ـ يىلى بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان فاكسىمىلى ئاساس قىلىنغانلىقى، «دىۋان» دىكى سۆزلەر ۋە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ئەرەبچە ئىملاسى ئەينەن ساقلانغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شۇنداقلا لۇغەتكە كىرگەن سۆزلەرنى ئىزاھلاشتا، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە قوللىنىلغان پرىنسىپلار، ماقال ۋە تەمسىللەرنى، خەلق قوشاقلىرى بىلەن بېيىتلارنى تەرجىمە قىلىش ھەم ئۇلارنى تېخنىكىلىق جەھەتتىن جايلاشتۇرۇش بويىچە ئەمەل قىلىنغان ئۇسۇللار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. ئايرىم تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى ھەرپلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش، ئەرەبچە گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى تەرجىمىدە قوبۇل قىلىنغان شەرتلىك بەلگىلەر قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر تەرجىمانلار تەرىپىدىن ئەتراپلىق ئىزاھلىنىدۇ.

مەزكۇر ئىنسىكلوپېدىيىلىك ئەمگەكنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى كەڭ تۈركشۇناس ئالىملار چوڭ مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئالدى ۋە بۇ تەرجىمە پۈتكۈل تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە كېيىنكى يىللاردا يۈز بەرگەن دىققەتكە سازاۋەر ۋەقەلەردىن بىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. چوقۇم ئىشىنىمىزكى، ئۆز نۆۋىتىدە «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ سۈپىتى، ئىلمىي قىممىتى، ئۇنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى ھەم كەمچىلىكلىرى توغرىسىدا، تىل تارىخى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تېگىشلىك پىكىرلەر ئېيتىلىدۇ ۋە مەزكۇر تەرجىمە مۇناسىپ باھاسىنى ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، بىز ئىنتېرناتسىئونالىست سوۋېت ئالىملىرى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كەسپداشلىرىمىزنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ زور ۋە جۈرئەتلىك قەدىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ھەم تىل تارىخىغا دائىر ئاجايىپ باي يادىكارلىقلىرىمىزنى تەتقىق قىلىشتىكى كەلگۈسى ئىشلىرىغا ئۇتۇقلار تىلەيمىز.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: تاھىرجان مۇھەممەت**

www.uyghurkitap.com

# ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت

## (داستان)

ئۆتكەن زاماندا مەغرىپتىكى بىر كاتتا ئەلدە يەر - زېمىنى پايانسىز، مال - چارۋىلىرى ساناقسىز، ۋەج - دۇنياسى ھېسابسىز، بايلىقى ۋە مەرد - سېخىيلىقى بىلەن يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ باينىڭ ئارزۇلۇق بىر ئوغلى ۋە ئەتىۋارلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئوغلىنىڭ ئىسمى بوز يىگىت بولۇپ، بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر، مەرد، سېخىي بولغاچقا، ئەل - يۇرت ئىچىدە «بوز يىگىت باتۇر» دەپ ھۆرمەت بىلەن ئېغىزغا ئېلىنىدىكەن.

بوز يىگىت باتۇرنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىرىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئۇلار كۈنبويى ئارغىماقلارغا مىنىپ ئوۋ ئوۋلاپ، سەيلە - تاماشا قىلىپ، مەرىكە - مەشرەپلەر بىلەن شاد - خۇرام ئۆتىدىكەن. بوز يىگىت باتۇر ئون يەتتە ياشقا تولغاندا، كېچە - كۈندۈزلەپ سەپەر قىلىسىمۇ ئۇيقۇ باسمايدىغان، ئۇدا نەچچە پالۋان بىلەن چېلىشقا چۈشسىمۇ ھاردۇق يەتمەيدىغان، بىر ئۇخلىسا يەتتە كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئويغىنىدىغان كارامەت پالۋان بولۇپ يېتىشىپتۇ. بىر كۈنى بوز يىگىت باتۇر قىرىق ئاغىنىسى بىلەن ئوۋغا چىقىپ، ماڭا - ماڭا ئەتراپى بۈك دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، ئىككى قاسنىقى گۈل - چېچەكلەرگە ئورالغان، سۈپسۈزۈك سۈلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، بوز يىگىتكە يېقىپ قاپتۇ. ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن چۈشكۈن قىلىپ ئارام ئېلىپتۇ. بوز يىگىت چېدىرى ئىچىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرسا بىر تومۇچۇق پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ دەرەخ شېخىغا قونۇپتۇ - دە، مۇڭلۇق ئاۋازدا سايراشقا باشلاپتۇ. بوز يىگىت تومۇچۇقنىڭ سايرىشىغا مەس بولۇپ، بىر يانغا قىڭغىيىپتۇ - دە، ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ئۇخلىغانچە يەتتە كۈن ئۆتۈپتۇ، ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، ئويغانماي ئۇخلاۋېرىپتۇ. ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنى ئويغاتماي ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بوز يىگىت ئۇيقۇسىدا ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ ئاق بوز ئارغىماققا مىنىپ، قولىغا ئاق شۇڭقارنى قوندۇرۇپ، بېشىدا ئاق سەللە، ئۇچىسىدا مەللە تون، يېنىدا زۇلپىقار ئېسىقلىق پېتى بىر چوڭ چاھارباغدا كېتىپ بارغۇدەك. بىردىنلا ئالدىدىكى گۈلزارلىق ئىچىدىن ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق بىر گۈزەل چىقىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بوز يىگىتمۇ سالام ياندۇرۇپتۇ. ھېلىقى گۈزەل ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئەي بوز يىگىت باتۇر، ئىشقى پىراقىڭىزدا كۆيۈپ يولىڭىزغا تەلمۈرگىلى نېكەم. دىدارىڭىزغا يەتمەك نېمىدېگەن

قىىن، — دەپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپتۇ.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

— مەشرىق پادىشاھىنىڭ يالغۇز مەلىكىسى ئاق بېكەش بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

بوز يىگىت بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە قىزنىڭ ئالدىغا قەدەم ئېلىشىغا، تۇيۇقسىز ئاسمانىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، گۈلدۈرماما دەھشەت بىلەن گۈلدۈرلەپتۇ. كەينى - كەينىدىن چاقماق چېقىلىپتۇ. شۇۋرغان چىقىپ گۈللەرنى نابۇت قىپتۇ، بىر خادا قۇيۇن قىزنى سۈمۈرگىنىچە بىردەمدىلا غايىپ بولۇپتۇ. بوز يىگىت ئازاب ۋە ئەلەم ئىچىدە:

— ئاق بېكەش! — دەپ ۋارقىراپ - غىڭىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

بوز يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئۆزى چېدىر ئىچىدە ياتقىدەك. بېشىدا ئەڭ يېقىن سىرداش ئاغىنىسى كالتە بوز تەرلىرىنى سۈرتۈپ، يەلپۈپ ئولتۇرغىدەك. بوز يىگىت كالتە بوزدىن ئۆزىنىڭ ئۇخلاۋاتقىلى قانچە كۈن بولغانلىقىنى سوراپتىكەن، كالتە بوز:

— قىرىق كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوز يىگىت شۇ كۈنى قىرىق ئاغىنىسى بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ. قايتىپتۇ - يۇ، چۈشىدە ئايان بولغان مەلىكە ئاق بېكەشنىڭ ئوتىدا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، تېگى يوق خىيالغا پېتىپ، قىلىدىغىنىنى بىلمەي، قىلغانلىرىنى ئەسلىيەلمەي، ئۈن - تىنسىز، ئويۇن - كۈلكىسىز ئۆتۈپتۇ.

بوز يىگىتنىڭ ئاتىسى ئوغلىدىكى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ غەمگە پېتىپتۇ. ئۇنى چاقىرتىپ ھال - ئەھۋال سوراپ قانائەت تاپقىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ. ئاخىر كالتە بوز ئارقىلىق ئوغلىدىكى غەم - ھەسرەتنىڭ سىرىنى يەشمەك بوپتۇ. بىر كۈنى كالتە بوز بوز يىگىت باتۇرنىڭ يالغۇز قالغان ۋاقتىنى كۆزلەپ يوقلاپ كىرىپ مۇڭدىشىپتۇ. مۇڭدىشا - مۇڭدىشا، ئاخىرى بوز يىگىت كالتە بوزغا:

— يۇرتتىن چىقماي يۈرۈۋېرىپ زېرىكتىم، سەپەرگە چىقىپ يۇرت ئايلىنىپ كەلگۈم بار. ئاغىنىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

كالتە بوز قالغان ئاغىنىلىرىگە بۇنى يەتكۈزۈپتىكەن، بۇ گەپ ئۇلارغا ياغدەك يېقىپ، تېزرەك ئاتلىنىشقا ئالدىرىتىپتۇ. بوز يىگىت ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۆز ئارزۇ - تىلىكىنى بايان قىلغانىكەن، ئاتىسى:

— ئوغلۇم، سەن تېخى كىچىك، ئۇزاق سەپەرنىڭ ئازابىنى بىلمەيسەن، بىر ئاز تەخىر قىل، يېشىڭ سەل چوڭايغاندا ئوبدان تەييارلىق قىلىپ يولغا سېلىپ قوياي، يا بولمىسا ئۆزۈم ھەمراھ بولۇپ ئويىنىتىپ كېلەي، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

بوز يىگىت ئاتىسىغا قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ، جاھان كېزىپ يۇرت كۆرۈپ كېلىش تەلپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ ئىلتىجاسىغا پايلىمىغان ئاتىسى نائىلاج بوز يىگىتنىڭ رايىغا بېقىپ، قىرىق قېچىرلىق ئالتۇن - كۈمۈش تەييارلاپ بېرىپتۇ ۋە زار - زار يىغلاپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بوز يىگىت ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - يۇرت بىلەن خوشلىشىپ، قىرىق ئاغىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، قىرىق

قېچىرىنى ھەيدەپ، مەشرىق تەرەپنى كۆز-
لەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە-
كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، ئادەمسىز
دەشتتىكى بىر چوشكۈنگە كېلىپ قونۇپتۇ.
تۈن يېرىم بولغاندا بوز يىگىتنىڭ ئوتتۇز
توققۇز ئاغىنىسى بوز يىگىت بىلەن كالتە
بوزنى تاشلاپ، مال-دۇنياسىنىڭ يېرىمىنى
ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بوز يىگىت كالتە
بوزغا:

— ئاغىنىلىرىمدىن مال-
دۇنيالىرىمغا شېرىك بولغان ئوتتۇز توققۇزى
ئالدىغىنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشتى. كۆڭ-
لەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ شۇنداق قىلارسەنمۇ؟
— دەپ سوراپتىكەن، كالتە بوز:

— مەن ئۇنداق ۋاپاسىز، قارا
يۈزلەردىن ئەمەس. مەن ساڭا جان دوست،
مەن مەڭگۇ سەندىن ئايرىلمايمەن، كۈلسەڭ
بىللە كۈلىمەن، يىغلىساڭ تەڭ يىغلايمەن،
تارتقۇلۇقنى تەڭ كۆرىمەن، دائىم سېنى
مۇھاپىزەت قىلىمەن، — دەپ ئانت ئېچىپتۇ.
بوز يىگىت كالتە بوزنىڭ جاۋابىدىن
سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنچ باغلاپتۇ.

ئۇلار قالغان مال-دۇنيالىرىنى ئې-
لىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى
كەچتە بىر كارۋان سارىيىغا چۈشۈپتۇ. بوز
يىگىت سارايۋەندىن ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا
قانچە ئۇزاقتا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى
سوراپتىكەن، سارايۋەن:

— ساھىبجامال مەلىكە ئاق
بېكەشنىڭ يۇرتى جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە،
بېرىشقا بەل باغلىغان بولساڭ، تۆمۈردىن
كەش ۋە ھاسا سوقتۇر، تۆمۈر كەشىڭنىڭ
چەمى قاغىنىڭ كۆزىدەك تېشىلگەندە،
تۆمۈر ھاساڭ ئۇپراپ چىغدەك قالغاندا يېتىپ
بارىسەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بوز يىگىت ئەتىسى شەھەرگە كې-
رىپ ئۆزىگە ھەم كالتە بوزغا تۆمۈر كەش ۋە
تۆمۈر ھاسا سوقتۇرۇپ سەپىرىنى داۋام
قىپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپتۇ، دەريالارنى
كېچىپتۇ. چۆل-جەزىرىلەرنى
كېزىپتۇ، تالاي شەھەرلەرنى ئارقىدا قالدۇ-
رۇپتۇ؛ گاھىدا ئاچ، گاھىدا ئۇسسۇز،
گاھىدا جۇدۇندا قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىرادى-
سىدىن قايتماي مېڭىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى
ئۇلار بىر جاڭگالدا قوي پادىسى ھەيدەپ
كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى
ئۇچرىتىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، بۇ
قويلارنى قاياققا ھەيدەپ كېتىۋاتىسىز؟ —
دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يول بول-
سۇن ئوغۇللىرىم، قويلارنى نەگە ھەيدەپ
باراتتىم، پادىشاھىمىز ئاق بېكەش ئىسىملىك
يالغۇز قىزىنى ئەرگە بەرمەكچى. بۇ
قويلارنى ئاق بېكەشنىڭ تويى ئۈچۈن
ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ پادىچى بوۋاي.

— ئاق بېكەشنى كىمگە بەرمەكچى؟
— دەپتۇ بوز يىگىت.

— ئەي ئوغلۇم، سىلەر
بىلمەيسىلەر، يۇرتىمىزغا ياۋۇز، ياۋايى ئاتى-
پىلەر ئاياغ بېسىپ كىردى. ئۇلارنىڭ قىرىق
سەركەردىسى بېكەشخانىنى تالىشىپ تىنماي
سوقۇش قىلىۋاتىدۇ. تېخى كىمنىڭ ئالا-
لىشى ئېنىق ئەمەس، لېكىن توي تەييارلىقى
ئاللىقاچان باشلىنىپ بولدى، — دەپتۇ پا-
دىچى بوۋاي.

— پادىشاھىڭلار ئاق
بېكەشنى ماڭا ياتلىق قىلىشقا ئۇنارمۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

— نېمىسىنى سورايسەن ئوغلۇم ،
سەنغۇ نې ـ نې شاھزادىلەردىن قالغۇچىلە-
كىنىڭ يوق پالۋان سۈپەت يىگىت ئىكەنسەن ،
لېكىن ، ئۇ دۈشمەنلەر ئىنتايىن تەلۋە ، قان-
خور نېمىلەر . لەشكەرلىرىنىڭ ھېسابى يوق .
پادىشاھىمىزنىڭ قىزىنى ساڭا بەرگۈسى
كەلسىمۇ ، دۈشمەنلەردىن قورقۇپ بەرمەس -
مىكىن ، — دەپتۇ بوۋاي . بوز يىگىت :

— ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا يەنە
قانچە كۈندە يەتكىلى بولىدۇ ؟ — دەپ
ساراپتۇكەن ، پادىچى بوۋاي :

— پۇتۇڭدىكى تۆمۈر كەشىڭنىڭ
تېگى قاغىنىنىڭ كۆزىدەك تېشىلگەندە ،
قولۇڭدىكى تۆمۈر ھاساڭ ئۇپراپ چىغدەك
قالغاندا يېتىسەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز
سەپىرىنى يەنە داۋام قىپتۇ . بىرقانچە كۈن-
دىن كېيىن ئۇلار بىر جاڭگالدا تەمەچ
تېرىپ يۈرگەن بىر مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ .
ئۇلار مومايغا سالام بەرگەندىن كېيىن :

— موما ، قېرىغان جېنىڭىزنى
ئۇپرىتىپ جاڭگالدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟
— دەپ سوراپتۇ . موماي :

— ھەي ئوغۇللىرىم ، نېمە ئىش
قىلاتتىم ، بېكەشخان قىزىمنىڭ تويى ئۈچۈن
تەمەچ تېرىپ يۈرىمەن ، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ .

— ئاق بېكەشنى ئىزدەپ بارسام ،
ماڭا ياتلىق بولۇشقا ئۇنارمۇ ؟ — دەپ
سوراپتۇ بوز يىگىت .

— ساڭا ئوخشاش شۇڭقاردەك
يىگىتكە تەگمەي كىمگە تېگەتتى ، بالام .
لېكىن ، ھازىر بېكەشخان ئوت ئىچىدە
قالدى . لەكمىڭ دۈشمەنلەر بېكەشخانىنى تا-
لىشىپ سوقۇشۇۋاتىدۇ . ئۇ يەرگە بارساڭلار
دۈشمەنلەر بىلەن سوقۇشۇپ قالارسىلەرمە-
كىن ؟ — دەپتۇ موماي .

— بېكەشخانىنىڭ يۇرتىغا قاچان
يېتىپ بارالايمىز ، موما ؟ — دەپ سوراپتۇ
بوز يىگىت .

— تۆمۈر كەشىڭ قاغىنىڭ
كۆزىدەك تېشىلگەندە ، تۆمۈر ھاساڭ چىغ-
دەك قالغاندا يېتىپ بارىسەن ، بالام ، —
دەپتۇ موماي .

بوز يىگىتنىڭ كۆڭلى تاغدەك ئۆ-
سۈپ ، بىر قېچىرلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى
مومايغا قالدۇرۇپتۇ ـ دە ، يولىغا راۋان بو-
لۇپتۇ . ئۇلار دالاغا يېتىپ كەپتۇ . يىراقتا بىر
يۇرتنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ . كېتىۋېتىپ
بوز يىگىتنىڭ تاپىنى « چىم » قىلىپ قاپتۇ .
تۆمۈر كەشنى سېلىپ قارىغۇدەك بولسا ،
كەشنىڭ چەمى قاغىنىڭ كۆزى چوڭلۇقىدا
تۆشۈك تۇرغىدەك . شۇ تۆشۈكتىن تاپىنىغا
تىكەن سانجىلغانىكەن ، ھاسىغا قارىسا
ئۇپراپ چىغدەك قاپتۇ . بوز يىگىت بىلەن
كالتە بوز « ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا كېلىپ
قالغان ئوخشايمىز » دەپ قەدەملىرىنى تې-
خىمۇ تېزلىتىپتۇ . ئۇلار شەھەر ئەتراپىغا
كېلىشىگە ئۇستىباشلىرى يوچۇن ، گەپ ـ
سۆزلىرى يات ، ئوقيا ، قىلىچ ، نەيزىلەر
بىلەن قوراللانغان ، رەڭگى رويىدىن ياۋۇز-
لۇق يېغىپ تۇرغان قىم ـ قىم لەشكەرلەر
توپىغا دۇچ كەپتۇ .

بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز شەھەر
سىرتىدا دالىدا جايىنى تېپىپ چۈشكۈن
قىلىپ ھاردۇق چىقىرىپتۇ . ئەتىسى بوز يى-
گىت كالتە بوزنى چۈشكۈندە قالدۇرۇپ ،
ئۆزى شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئەھۋال تىڭ ـ
تىڭلاپتۇ . شەھەر ئىچى ئادەم دېڭىزىغا
ئايلانغانمىش . دۈشمەنلەردىن بىر توپى ھە-

دەپ غالدۇر ـ غۇلدۇر قىلىشىپ سوقۇشۇۋاتقىدەك. يەنە بىر توپى چوڭ ئاق چېدىر ئىچىدە شاراب ئىچىشىپ بەزمە قىلىشىۋاتقىدەك. شەھەر ئاھالىسى غەمكىن، سودىگەرلەر ئالاقزادە، ئوردا خادىملىرى يايپېتەك ئىمىش. بوز يىگىت داش قازانغا ئوت قالاپ ئولتۇرغان بىر قېرى كىشىدىن:

ـــ ئەي بوۋا، شەھىرىڭلار نېمىشقا بۇنداق بىسەرەمجان؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بوۋاي:

ـــ ھەي بالام، ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئوخشايسىز، يۇرتىمىز تىنچ، ئاۋات، بەلەن يۇرت ئىدى. پادىشاھىمىزنىڭ ئاق بېكەش ئىسىملىك قىزىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، يىراق ئەلدىن بىر ۋەھشىي تائىپە لەكمىلىك لەشكەر تارتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قىرىق سەركەردىسى بېكەشخاننى تالىشىپ كۆندە سوقۇشىدۇ. پادىشاھىمىز ئۇلارنىڭ كۆچىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ ھەممە تەلىپىگە ماقۇل بولىدى. بېكەشخان ئۇلارغا ماقۇل بولمىغانلىقتىن، ئۇنى بۇلاپ چىقىپ قات ـ قات تاملىق ئۆيىنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىدى. ئوردا كېنىزەكلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئۇ يەرگە يېقىن بارالمايدۇ. بېكەشخان سولاقلىق ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى قەۋەت ـ قەۋەت ياۋ لەشكەرلىرى بېقىپ ياتىدۇ، ـــ دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بوز يىگىت چۈشكۈنگە قايتىپ دەرۋىش سىياقىدا كىيىنىپ ئاق بېكەش بەند قىلىنىۋېتىلگەن ھۇجرا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئوردا كېنىزەكلىرىدىن بىرى چىقىپ:

ـــ ئەي سايىل، بۇ يەردىن تېزرەك كەت، بۇ سەن سەدىقە تىلەيدىغان يەر ئەمەس، ئەگەر دۈشمەنلەر كۆرۈپ قالسا كاللاڭدىن ئايرىلىسەن، ـــ دەپتۇ. بوز يىگىت:

ـــ مەن سەدىقە تىلەپ كەلگەن دىۋانە ئەمەس، مەن چىنى ماچىن [1] شەھىرىدىن كەلگەن مۇنەججىم بولىمەن. يۇلتۇزلارغا قاراپ بەندىلەرنىڭ كەچمىشلىرىگە ھۆكۈم قىلالايمەن. مەن شەھىرى ماچىندا تۇرۇپ مەلىكە ئاق بېكەشنىڭ يۇلتۇزىنىڭ باشقىچە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئاتايىن كەلدىم. مېنى ئاق بېكەش خېنىم بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويساڭ، ـــ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. كېنىزەك:

ـــ ئەي سايىل، مەلىكە ئاق بېكەش خېنىم ھېچنېمە بولغىنى يوق، سەن تولا ئاۋارە بولماي باشقا ئادەملەرنى تېپىپ قۇرئى ئاچقىن، ـــ دەپ بوز يىگىتنى تېزرەك كېتىشكە ئالدىرىتىپتۇ.

بوز يىگىت «ئاق بېكەش خېنىم بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتىكەن، كېنىزەك ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى كېنىزەك بىردەمدىن كېيىن بىر قاچا تائام كۆتۈرۈپ چىقىپ كەپتۇ. بوز يىگىت تائامغا قاراپمۇ قويماپتۇ. كېنىزەك يېنىپ كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىككى تىللا كۆتۈرۈپ چىقىپ بوز يىگىتكە تەڭلەپتۇ. بوز يىگىت تىللاغا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويماپتۇ. كېنىزەك:

ـــ ئەي سايىل، ئاق بېكەش خېنىم ساڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ شاھانە تائام چىقاردى، يېمىدىڭ؛ تىللا سەدىقە قىلدى،

---

[1] چىنى ماچىن ـــ ئەينى زامانلاردا خوتەننى چىنى ماچىن دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئالمىدىڭ: ئەمدى سېنى رازى قىلغۇدەك باشقا چارە قالمىدى. ئاق بېكەش خېنىمنى هازىر سەن ئەمەس، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ كۆرۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىسا، سەن قانداق كۆرىسەن، قايتىپ كەت، ـــ دەپتۇ.

بوز يىگىت كېنىزەكنىڭ قولىغا ئۈچ تىللا تۇتقۇزۇپ، قوينىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈچنى چىقىرىپ:

ـــ باشقىلارغا بىلدۈرمەي مۇشۇ ئامانەتنى مەلىكە ئاق بېكەشكە يەتكۈزۈپ «مەغرىپ دىياردىن دىدارىڭىزغا تەشنا بولۇپ بوز يىگىت باتۇر كەپتۇ» دېسەڭ بولىدۇ ـــ دەپتۇ، خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن، هېلىقى كېنىزەك قولىدا بوخچا كۆتۈرۈپ چىقىپ:

ـــ ئەي دەرۋىش، ئاق بېكەش خېنىم نام ـ شەرىپىڭ نەقىشلەنگەن ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرگەندىن كېيىن: «مەزلۇمچە كىيىنىپ زاۋال ۋاقتى بىلەن ئارقا پەنجىرە تەرەپكە كەلسۇن» دېدى، ـــ دەپتۇ.

بوز يىگىت بوغچىنى ئېلىپ كالتە بوزنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە شۇ ئان كىيىملىرىنى يەڭگۇشلەپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئاق بېكەش بەند قىلىنغان ئۆي-نىڭ ئارقا پەنجىرىسى يېنىدا هازىر بولۇپتۇ.

دۈشمەنلەر بېكەشخانىنىڭ كېچىسى قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەنجىرىنى مەهكەم بېكىتىۋەتكەنىكەن، بوز يىگىت باتۇر بىگىزى بىلەن تامنى يۇنۇپ تۆشۈك ئېچىشقا باشلاپتۇ. تامنىڭ بىر قەۋىتىنى تېشىپ بولغاندىن كېيىن، بېكەشمۇ ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ يىڭنە بىلەن تامنى كوچىلاشقا باشلاپتۇ. بوز يىگىت يارنىڭ ئىشقىدا پۇچىلىنىپ تامنى تەشكەچ تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا ئوقۇپتۇ. بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
بويىڭىزنىڭ تۇرقىنى،
كۆرسەم ئىدىم، قىزغىنەم.

ئاق بېكەش ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ناخشا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. ئاق بېكەش:

نېمىلەر دەيدۇ، بۇ ئاكام،
ناۋۇك دەمدۇ، بۇ ئاكام.
مەجنۇنتالنىڭ نوتاسىنى،
كۆرمىگەنمۇ، بۇ ئاكام.

ناخشىنى ئاڭلاپ بوز يىگىت هو-شىنى يوقىتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن هوشىغا كېلىپ يەنە ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
قارا سۇمبۇل چېچىڭىزنى،
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.

ئاق بېكەش:

نېمىلەر دەيدۇ، بۇ ئاكام،
ناۋۇك دەمدۇ، بۇ ئاكام.
ئايغىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى،
كۆرمىگەنمۇ، بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
يۇلتۇز ئوخشاش كۆزىڭىزنى،
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.

ئاق بېكەش:

نېمىلەر دەيدۇ، بۇ ئاكام،
ناۋۇك دەمدۇ، بۇ ئاكام.
تاغدا نۇرلۇق چولپاننى،
كۆرمىگەنمۇ، بۇ ئاكام.

بوز يىگىت يەنە بىهوش بولۇپتۇ، بىر

www.uyghurkitap.com

هازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، ناخشىنى داۋام قىپتۇ. بوز يىگىت:

ئۈيان ئۆتۈك، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
ئەگىم قارا قاشىڭىزنى،
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.

ئاق بېكەش:

نېمىلەر دەيدۇ، بۇ ئاكام،
ناۋۇك دەمدۇ، بۇ ئاكام.
بۇ كەمگىچە قۇندۇزنى،
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۈيان ئۆتۈك، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
قاتار كىرپىكىڭىزنى،
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.

ئاق بېكەش:

نېمىلەر دەيدۇ، بۇ ئاكام،
ناۋۇك دەمدۇ، بۇ ئاكام.
قىردا قارا قىياقنى،
كۆرمىگەنمۇ، بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۈيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
گۈزەل جامالىڭىزنى،
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.

ئاق بېكەش:

نېمىلەر دەيدۇ، بۇ ئاكام،
ناۋۇك دەمدۇ، بۇ ئاكام.
ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى،
كۆرمىگەنمۇ، بۇ ئاكام.

بوز يىگىت يەنە بىر قېتىم هوشسىزلىنىپتۇ. ئۇ هوشىغا كېلىپ تام تېشىنى تېزلىتىپتىكەن، ئاخىرى ئىككى تەرەپتىن يونۇلغان تامدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاشىق مەشۇقلارنىڭ تىنىقى قوشۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىكى كېنىزەك قىزلارمۇ، پايلاقچىلارمۇ ئۇيقۇغا غەرق بولغانىكەن. بوز يىگىت ئاق بېكەشنى تۆشۈكتىن تارتىپ چىقىرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئارغىماقلىرىدىن ئىككىنى يېشىپتۇ ـ دە، بىرىگە ئۆزى مىنىپ، يەنە بىرىگە ئاق بېكەشنى مىندۈرۈپ بەدەر قېچىپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ قاراۋۇلى ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ. چېدىر ـ بارگاهلاردا مەس بولۇپ ياتقان، ئۇخلىشىۋاتقان ياۋ سەركەردىلىرى لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بوز يىگىت ئاق بېكەشنى باشلاپ كالتە بوزنىڭ قېشىغا كەپتۇ. كالتە بوز بىلەن مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ، بوش چېدىر ئىچىگە قېچىردىن بىرنى باغلاپ، قۇناق سېلىنغان تۈۋرىنى كېيدۈرۈپ قويۇپ قېچىپ مېڭىپتۇ. دۈشمەنلەر تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كەلسە بوز يىگىتنىڭ چۈشكۈن چېدىرى ئىچىدىن «كاراس ـ كۇرۇس»، «دۈپۈر ـ دۈپۈر» قىلغان شەپە ئاڭلىنىۋاتقىدەك. دۈشمەنلەر: «بوز يىگىت چېدىر ئىچىدە سوقۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئوخشايدۇ» دېگەن گۇماندا دەرهال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بوش چېدىرنى ئوققا تۇتۇپتۇ. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن كىرىپ قارىسا چېدىر ئىچىدە بىر ئۆلۈك قېچىر ياتقىدەك. دۈشمەنلەر ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دەرغەزەپ بىلەن قوغلاشنى داۋام قىپتۇ. بوز يىگىت، ئاق بېكەش، كالتە بوزلار يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر ئۆتەڭدە هاردۇق چىقىرىپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا بوز يىگىت يول بويىدىكى دەرەخنىڭ چوقاتمىقىغا تۇمىقىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ،

يولغا راۋان بوپتۇ .

دۈشمەنلەر ئۆلەر - تىرىشلىگە قا-
رىماي قوغلاپ كېلىپ قارىسا يول بويىدىكى
دەرەخ ئارقىسىدا بىر ئادەم ماراپ تۇرغىدەك .
يەنە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئوق ياغدۇرۇپتۇ .
لېكىن ھېلقى ئادەم يىقىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ .
بېرىپ قارىسا ئادەم ئەمەس ، دەرەخ چوقات-
مىقىغا كىيدۈرۈپ قويۇلغان توماق ئىكەن .
دۈشمەنلەر ئەلەم ئىچىدە : «بىز ئىككى قېتىم
ئەخمەق قىلىنىپ يەتكۈدەك جاپا تارتتۇق .
ئاق بېكەشنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويدۇق .
ئەمدى يەنە داۋاملىق قوغلاۋەرسەك تېخىمۇ
چوڭ زىيان تارتقىدەكمىز ، قايتىپ كېتىپ
باشقا ئامال تاپايلى » دېيىشىپ ئارقىسىغا
يېنىپتۇ .

ئەمدى گەپنى بوز يىگىتلەردىن
ئاڭلايلى :

— بوز يىگىتلەر دۈشمەنلەرنى
ئالداپ ، بەخىرامان قىرىق كېچە - كۈندۈز
يول يۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا يېتىپ ، ئاتا - ئانا ،
ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەل - يۇرت بىلەن
دىدارلىشىپتۇ . بوز يىگىتنىڭ ئاتىسى
ئوغلىنىڭ ساھىبجامال ئاق بېكەشنى ئېلىپ
ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال
بولۇپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي
مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ ئەل يۇرتقا ئاش تار-
تىپتۇ .

دىدار كۆرۈشمەي تۇرۇپ بىر -
بىرىگە غايىبانە ئاشىق بولۇشقان قىز - يى-
گىتلەر ۋىسالىغا يېتىشىپ ئىشقى -
مۇھەببەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشۈپتۇ .

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ
يىل ئۆتۈپتۇ . بوز يىگىت ئاق بېكەشتىن
قوشكېزەك پەرزەنت كۆرۈپتۇ . قوشكېزەك-
لەرنىڭ چوڭى كۈندەك نۇرلۇق ئوغۇل ،
كىچىكى ئايدەك گۈزەل قىز ئىكەن . شۇڭا ،
ئوغۇلغا «كۈنزادە» ، قىزغا «ئايزادە» دەپ
ئىسىم قويۇپتۇ . ئىككى بالا ئاي قوغلىشىپ
ئەمەس ، كۈن قوغلىشىپ چوڭ بولۇشقا
باشلاپتۇ .

ئەمدى دۈشمەنلەرگە كەلسەك ،
ئۆلارنىڭ سەركەردىلىرى ئاق بېكەشتىن
قۇرۇق قېلىپ غەزەپ ۋە ئەلەم ئىچىدە ئۆر-
تىنىپ ، بىر - بىرى بىلەن قاتتىق
سوقۇشۇپتۇ . ئاخىرى ئاق بېكەشنىڭ ئاتا -
ئانىسىنى ئىنسان يولماس باياۋانغا پالاپ ،
ئەل - يۇرتىنى تالان - تاراج قىپتۇ . ئاندىن
سېھرىي جادۇغا توشقان ، ھىيلە - مىكرىسى
شەيتانىنى ئازدۇرىدىغان بىر كەمپىرنى تې-
پىپ ، ئۇنىڭ ئېتىكىنى ئالتۇن - كۈمۈشلەر
بىلەن توشقۇزۇپتۇ - دە ، ئۆزلىرىنىڭ دەرد -
ئەلەملىرىنى تۆكۈشۈپ ، ئۇنىڭدىن مەسلى-
ھەت سوراپتۇ . جادۇگەر موماي ئېتىكىدىكى
ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كۆرۈپ خوشلۇقىدا
توققۇز تەزىم قىلىپ :

— ئەي ئەخمەق باتۇرلىرىم ،
مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشقىمۇ دەرد تارتىپ
يۈرگۈلۈكمۇ ؟ مەقسىتىڭلار ئاق بېكەشنى
قولغا چۈشۈرۈشلا بولىدىكەن ، ئۇنىڭ ئامال
- چارىسى ناھايىتى ئاسان ، — دەپتۇ
دۈشمەن سەركەردىلىرى :

— بۇنىڭ ئامال - چارىسى قانداق .
- دەپ سوراپتىكەن ، موماي :

— ھازىر بوز يىگىت باتۇر ئاق
بېكەشتىن ئىككى باللىق بولدى . كۈنى
غەمسىز ئوۋ - شىكار بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ .
بېكەشخان بولسا ئىككى قىزنىڭ قېشىدا با-
لىلىرىنى بېقىپ زېرىكىشلىك ئۆتۈۋاتىدۇ .
سىلەر مېنى يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن
بوز يىگىتنىڭ يۇرتىغا خۇپپىيانە يەتكۈزۈپ ،

www.uyghurkitap.com

بوز يىگىتلەر شىكار قىلىدىغان جاڭگاللىغا چەمبەرچاس باغلاپ تاشلاپ قويۇڭلار ، قالغىنىنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن ، — دەپتۇ .

دۈشمەن سەركەردىلىرى مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىنىپ يولغا چىقىپتۇ .

ئەمدى بوز يىگىت باتۇرغا كەلسەك ، ھەر كۈنى ئاغىنىسى كالتە بوزنى ئېلىپ ئوۋ — شىكارغا چىقىپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ . بىر كۈنى ئۇلار ئوۋ ئىزدەپ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چەكسىز قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاڭگاللىققا كېلىپ قاپتۇ . يېقىن ئارىدا كىيىك تۇگۇل بىرەر توشقانمۇ كۆرۈنمىگۈدەك . ئىزدە — ئىزدە بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىشىغا ، قويۇق يۇلغۇن ئارىسىدىن چىرايلىقىنە بىر تۈلكە چىقىپ قاپتۇ . بوز يىگىت باتۇر ئوقياسىنى بەتلەپ قارىغا ئېلىشىغا ھىلىقى تۈلكە ئۇنىڭغا قاراپ بىر ھىجىيىپتۇ — دە ، « پارت » قىلىپ قېچىپتۇ . بوز يىگىت باتۇر ئېتىنى دېۋىتىپ تۈلكىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ . قوغلا — قوغلا چېپىپ كېتىۋېرىپتۇ . بىر توقايلىققا كەلگەندە تۈلكە چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇپتۇ — دە ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ . بوز يىگىت تۈلكىنى ئىزدەپ بىر دۆڭدىن چۈشۈشىگە ئارغىمىقى ئۈركۈپ كېتىپ بوز يىگىتنى ئىرغىتىپ تاشلاپ خارتىلدىغىنىچە چاپچىپ كىشنەپ كېتىپتۇ . بوز يىگىت ئوغسى قايناپ ئورنىدىن قوپۇپ قارىسا كۆز ئالدىدا پۇت — قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان ، كالپۇكلىرى يېرىلىپ ، چىرايىنىڭ خۇنى كېتىپ قالغان بىر جۇلدۇر كىيىملىك موماي بىھوش ياتقىدەك . بوز يىگىت باتۇر مومايىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپتۇ . تۇلۇمدىن سۇ ئېلىپ ئۇسسۇزلۇق بېرىپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن موماي ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ — دە :

— ھەي ۋاپاسىز دۇنيا ، ھەي جاپاغا قالغان جېنىم ، — دەپ ھازا ئاچقىلى تۇرۇپتۇ . بوز يىگىت باتۇر مومايىنى يۆلەپ تۇرۇپ :

— ئەي ئانا ، نېمە تەقدىر ، نېمە قىسمەت بىلەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىلا ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، موماي يىغلاپ تۇرۇپ :

— نېمىسىنى سورايسەن بالام ، مېنىڭمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش يەتتە ئەزاسى بېجىرىم ، پالۋان سۈپەت بىر يالغۇز ئوغلۇم بار ئىدى . ئۆزۈم يېمەي يېگۈزۈپ ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىلسام ، ئۇ ۋاپاسىز بەدبەخت خوتۇن ئېلىپ ، ئۆي — ئوچاقلىق بولۇۋېلىپلا مېنى تاشلىۋەتتى ، ئەسكى بولسىمۇ باغرىمدىن چۈشكەن بالام ئىكەن دەپ تامىقىنى ئەتتىم ، كىرىنى يۇدۇم ، ئۆي — ئاراملىرىنى سۈپۈردۈم ، يامىقىنى يامىدىم . بىراق ، ئوغلۇم خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ مېنى ھويلا باقار ئىتچىلىكمۇ كۆرمىدى . بىر كۈنى كېلىنىم : « مېنى دېسەڭ ئاناڭنى يوقات ، ئاناڭنى دېسەڭ مېنى يوقات » دەپ ياقىسىغا ئېسىلىۋىدى ، ئوغلۇم شۇ زامات پۇت — قوللىرىمنى باغلاپ مۇشۇ دەشتكە تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدى ، — دەپ دەرد تۆكۈپتۇ . بوز يىگىتنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپتۇ . ئۇ مومايدىن :

— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىلا ؟

— دەپ سوراپتىكەن ، موماي :

— باراي دېسەم باش تىققۇدەك ماكانىم يوق ، ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق . بىرەر ئىنساپلىق كىشىگە يولۇقۇپ قالسام بالىلىرىنى بېقىپ كىر — قاتلىرىنى يۇيۇپ

خىزمىتىنى قىلسام دەيمەن، — دەپتۇ.

بوز يىگىت ئىچىدە: «مېنىڭمۇ ياشانغان ئاتا-ئانام، خوتۇن-بالىلىرىم بار. ئاق بېكەشمۇ ئىككى بالا بىلەن جاپادا قالدى، بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ، مۇشۇ دەردمەن مومايىنى ھىمايەمگە ئېلىپ، بېكەشكە ھەمراھ قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— ئەي ئانا، مېنى يات كۆرمىسىڭىز، ئۆيۈمگە بېرىپ خوتۇنۇم بىلەن بالىلىرىمغا ھەمراھ بولۇڭ، بىز سىزنى ئۆز ئانىمىز قاتارىدا كۆرىمىز، — دەپتۇ.

بۇ گەپ مومايغا ياغدەك يېقىپ ماقۇللۇق بىلدۇرۇپتۇ.

بوز يىگىت باتۇر ئارغىماقنى تۇتۇپ كېلىپ، مومايىنى ئاتقا مىنگەشتۇرمەكچى بولۇپتۇ. بىراق ئادەتتە بوز يىگىت ئۈچۈن شۇنچە ئەلتەك، چېچەن ئات ئەمدى چاپچىپ، خارتىلداپ مومايىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماپتۇ. بوز يىگىت باتۇر مىڭبىر جاپادا ئارغىماقنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىڭ قامالالاپ مومايىنى ئېگەرگە ئېلىپتىكەن، ئارغىماق بىرلا چىچاڭ ئېتىپ مومايىنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاپتۇ. بوز يىگىت جان ئاچچىقىدا ئارغىماقنى ھارغىچە قامچىلاپ، مومايىنى يەنە ئېگەرگە ئاپتۇ. بىراق ئارغىماق كۆكلەپ-چىچاڭلاپ مومايىنى يەنە قۇم ئۈستىگە تاشلىۋېتىپتۇ. بوز يىگىت مومايىنى قانچە قېتىم ئېگەرگە چىقارسا، ئارغىماق بوي بەرمەي شۇنچە قېتىم يەرگە ئېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا كالتە بوز يېتىپ كەپتۇ. بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز مومايىنى كالتە بوزنىڭ ئارغىماقىغا مىندۇرمەكچى بوپتۇ. بىراق كالتە بوزنىڭ ئارغىماقىمۇ مۆڭگۈپ-چاپچىپ تۇتۇق بەرمەپتۇ. بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز، ئارغىماقنى يۇلغۇنغا باغلاپ مومايىنى ئىنتايىن تەستە مىندۇرۇپ ئېگەرگە تېڭىپ قويۇپتۇ.

بوز يىگىتلەر مومايىنى ئېلىپ كەلگەندە، ئاق بېكەش يولغا چىقىپ قاراپ تۇرغانىكەن. ئاق بېكەش مومايىنى كۆرۈپ تېنى جۇغۇلداپ كۆڭلى بىر قىسما بوپتۇ. بىراق دەماللىققا ھېچنېمە دېمەپتۇ. كەچتە بوز يىگىتكە:

— بۇ موماي باشقا ئىگە — چاقىسىز غېرىپ مومايلارغا ئوخشىمايدىغاندەكلا قىلىدۇ. بىردىر شۇملۇق كەلتۈرەرمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپتىكەن، بوز يىگىت:

— بۇ، ئوغلى ۋە كېلىنى تەرىپىدىن خارلاپ تاشلىۋېتىلگەن شور پېشانە ئاجىز موماي ئىكەن. ئەمدى ئۇنى بىزمۇ كەتكۈزۈۋەتسەك ھال-كۈنى تېخىمۇ يامان بولغىدەك، بىزنىڭ ھال-كۈنىمىز ياخشى بولغاندىكىن، ئۆيىمىزنىڭ بىرەر بۇلۇڭىغا سىغىپ قالار. سىزگە ھەمراھ بولۇپ، بالىلىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ رىزقىنى تېپىپ يېسىمۇ ھېساب، — دەپتۇ.

موماي بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشنىڭ سۆھبىتىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋاپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ موماي تاڭ سۈزۈلمەستە قوپۇپ ھويلا-ئارامنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىپتۇ؛ ئورۇن-كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ناشتىلىق تەييارلاپتۇ؛ ئاق بېكەشنىڭ باش-كۆزىنى يۇيۇپ، تاراپ، ئىككى بالىسىنىڭ چېيىنى ئىچۈرۈپتۇ؛ كۈندۈزى ئاق بېكەشكە ھەمراھ بولۇپ مۆگداشقاچ يىڭنە ئىشى قىپتۇ؛ بالىلارنى ئويناتىپتۇ؛ شېرىن-شېكەر ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئاق بېكەشنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئە-

www.uyghurkitap.com

چەكىشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇزاققا بارمايلا مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئانىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بوز يىگىت ئائىلىسىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئوۋ ـ شىكارغا ۋە سەيلە ـ تاماشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى موماي ئاق بېكەشنىڭ چېچىنى تاراۋېتىپ، بىر تال چېچىنى يۇلۇۋاپتۇ. ئاق بېكەش «ۋايجان!» دېيىشىگە، موماي يېگىدىن بىر تال ئاق چاچنى چىقىرىپ:

— ئى بەختى كاژ قىزىم، بوز يىگىتكە تەگمەستە جامالىڭ ئايدەك نۇرلۇق، گۈلدەك چىرايلىق، قامىتىڭ تال چىۋىقتەك خۇش پىچىم بولغىيتتى، بوز يىگىت سېنى ئەمرىگە ئېلىۋېلىپلا ئويۇن ـ تاماشىغا كىرىشىپ تالادىن كىرمەس بولۇۋاپتۇ، سەن بىلەن زادىلا كارى يوق. مانا قارا: قۇندۇزدەك قارا سۇمبۇل چېچىڭ ئاقىرىشقا باشلاپتۇ؛ ئاناردەك قىزىل يۈزۈڭ سارغىيىپتۇ؛ گۈلدەك قامىتىڭ خوراپتۇ؛ ھېلىتىن شۇنداق بولسا، كېيىنچە قانداق بولۇر. ھەي قىزىم ئەسلىدە بوز يىگىتكە تەگمەي شاھزادىلەردىن بىرەرىگە تەگكەن بولساڭمۇ دۆلەت كۆرۈپ، ھۇزۇر سۈرۈپ ئۆتەر ئىدىڭ، — دەپتۇ.

ئاق بېكەش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ:

— ھەي ئانا نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىسىلا؟ بوز يىگىتسىز ھال ـ كۈنۈم ئۆلۈمگە تەڭدۇر. بۇنداق گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالغۇچى بولمىسىلا، — دەپتۇ.

ئاق بېكەشتىن دەككىسىنى يەپ لاتىسى سۇغا چىلاشقان موماي يالغان كۈلكە بىلەن خۇشامەت قىلىپ:

— ئەقىلىڭگە باركاللا، ئەقىللىق قىزىم، بوز يىگىت باتۇرۇمغا بولغان ئەقىدەڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىناپ چاقچاق قىلىپ باققانتىم، كۆڭلۈڭگە ئالمىغايسەن، — دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. موماي مىڭبىر تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بوز يىگىت، ئاق بېكەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىپ ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەندۈرۈۋاپتۇ. بوز يىگىت بىر قانچە كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موماي ئاق بېكەشنى سېرىق ئاپتاپلىق ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ بېشىنى بېقىپ قويماقچى بوپتۇ. ئاق بېكەش مومايىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇشىغا مومايىنىڭ قورسىقى قىمىرلاپ «چۇك ـ چۇك» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ. ئاق بېكەش چۆچۈپ كېتىپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە ئىش بۇ ئانا؟ — دەپ سوراپتىكەن. موماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

— ۋاي بالام، نېمە ئىش بولاتتى، چۇك ـ چۇك كېسەل دېگەن شۇ، — دەپتۇ.

— چۇك ـ چۇك كېسەل دېمۇ كېسەل بولامدۇ، ئانا؟ ئۇ، زادى قانداق كېسەل؟ — دەپ سوراپتۇ ئاق بېكەش.

— چۇك ـ چۇك كېسەل دېگەن ياش ۋاقتىدا ئېرىنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن، ياشانغاندا بالىلىرىنىڭ ۋاپاسىغا ئېرىشەلمىگەن، ئەرنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرالمىغان نادان ئايال گىرىپتار بولىدىغان قارغىش تەگكۈر كېسەل. خۇدايىم بەندىسىگە ماڭا بەرگەن نەس كېسەلنى يولاتمىسۇن، — دەپ كۆز

يېشى قىپتۇ موماي.
مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاق بې-
كەشنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ.
ئەسلىدە موماي ئاق بېكەشنىڭ بوز
يىگىتكە بولغان ئەقىدىسىنى قايتۇرۇش نىيى-
تىدە قويىنىغا ئىككى چۆجە سېلىۋالغانىكەن.
يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر
كۈنى موماي ئاق ئايغىرنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر
تۇتام، يىپ ئېگىرىشكە راسلانغان
ئۇچتىن (1) بىر قۇچاق كۆتۈرۈپ كىرىپ،
ئاق بېكەشنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.
— ماۋۇلارغا قاراڭ بېكەشخان قى-
زىم، — دەپتۇ موماي، — ئاتا-ئانىڭىزدىن
ئايرىلغىلى تۆت يىلدىن ئاشتى، بىر جۈپ
ئوغۇل-قىزىڭىزمۇ سىز بىلەن تەڭلىشەي
دەپ قالدى، دەردىڭىزدە يىغلاپ بىچارە ئا-
تىڭىزنىڭ ساقىلى ماۋۇ ئاق ئايغىرنىڭ
قۇيرۇقىدەك ئاقارغاندۇ. دەردمەن ئانىڭىز-
نىڭ چاچلىرى ماۋۇ ئۇچتەك پاقپايغاندۇ.
سىز بىر ئەرنى دەپ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ھالى
بىلەن كارىڭىز بولمىسا، قىيامەتنىڭ
سورىقىغا قانداق جاۋاب قىلىسىز؟ — دەپتۇ.
مومايىنىڭ ئىچتىقۇ سۆزلىرى بىلەن
كۆز ئالدىدا تاشلاقلىق تۇرغان قۇيرۇق ۋە
ئۇچلار ئاق بېكەشكە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىش-
قىنى سېلىپ كۆڭلىنى يېرىم قىپتۇ. ئاق
بېكەشنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قاراپ
تۇرغان موماي تېخىمۇ كۈشكۈر-
تۈپ:
— ئەي قىزىم، جان بار يەردە قازا
بار، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دەپتىكەن.
ئاتا-ئانىڭىز ھايات ۋاقتىدا ئەرگە تارتىشىپ
ئۇلارنى يوقلىيالمىسىڭىز، كېيىن ئاتا-

ئانىڭىز قازايى قەدەرگە ئۇچراپ ئۆلۈپ
كېتىپ قالسا، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تا-
پالماي قالىسىز، — دەپتۇ. ئاق بېكەش كۆز
ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:
— ئەي ئانا، ئەگەر بوز يىگىت
دۈشمەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ مېنى
يۇرتۇمغا ئېلىپ بارغىلى ئۇنىمىسا قانداق قى-
لىمەن؟ — دەپتىكەن. موماي:
— ئۇنىڭ باھانىسى ئاسان، مۇنداق
-مۇنداق قىلسىڭىز، بوز يىگىتنىڭ سىزنى
ئاتا-ئانىڭىز ئالدىغا ئېلىپ بارماي ئىلاجى
يوق، — دەپ ئىش ئۆگىتىپتۇ.
بوز يىگىت ھەر كۈنى شىكاردىن
قايتىپ كەلگەندە، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى
ئاڭلىغان ھامان، ئاق بېكەش كۈنزادە بىلەن
ئايزادىنى يېتىلەپ ئالدىغا چىقىدىكەن. بۇ
كۈنى بوز يىگىت ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى
غانجۇغىلاپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئاق
بېكەش ئالدىغا چىقماپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران
بولغان بوز يىگىت:
— ئاق بېكەش! دەپ چاقىرىپتۇ.
ئۆي ئىچىدىن سادا چىقماپتۇ.
— بېكەش! دەپ ۋارقىراپتۇ بوز
يىگىت.
يەنە شەپە بولماپتۇ. بوز يىگىت
ئاچچىقىدا شۇڭقارنى يەرگە ئېتىپتىكەن،
شۇڭقارنىڭ باغرى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ.
— بېكەش! — دەپ ئۈچىنچى قېتىم
توۋلاپتۇ بوز يىگىت.
جاۋاب كەلمەپتۇ.
ئۆز يارىنىڭ ئەدەبسىزلىكىنى ھار
ئالغان بوز يىگىت دەرغەزەپ بىلەن ئۆيگە
كىرسە ئاق بېكەش ئورۇن-كۆرپە ئۈستىدە

(1) ئۇچ — ئېگىرىشكە تەييارلانغان پاختا پىلتىلىرى.

www.uyghurkitap.com

قىيداپ دۇم ياتقىدەك.

— نېمە بولدى سىزگە؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

ئاق بېكەش قىمىر قىلىپ قويماي تەتۈر قاراپ يېتىۋېرىپتۇ.

— مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، خاپىلىق نېمىدىن؟ — دەپ غەزەپ قىپتۇ بوز يىگىت.

ئاق بېكەش مەنسىتمەي يېتىۋېرىپتۇ. بوز يىگىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بېكەشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تارتىپتىكەن، ئاق بېكەش شۇ هامان ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي بوز يىگىت، مېنى ئەمرىڭگە ئالۇردا ئاق بولدۇم، كۆك بولدۇم، دەپ زارلىناتتىڭ. ئەمدى بۇ كۈنگە كەلگەندە، مەن بىلەن كارىڭ يوق. كۈندە ئوۋ - شىكار، ئويۇن - تاماشىغا چاپىسەن، ئۆزۈڭلا ئويناپ - كۈلسەڭ هېسابمۇ؟ ماۋۇلارغا قارا، مېنىڭ دەردىمدە بىچارە ئاتامنىڭ ساقىلى ئاقىرىپ مۇنداق بوپتۇ، دەردمەن ئانامنىڭ چاچلىرى پاقپىيىپ مۇنداق بوپتۇ. تۆت - بەش يىلدىن بېرى مېنى بىر قېتىممۇ يۇرتۇمغا ئاپىرىپ، ئاتا - ئانامنى كۆرستىپ كېلەي دېمىدىڭ. مەن زادى سېنىڭ نېمەڭ؟ — دەپ ئاق ئايغىرنىڭ قۇيرۇقى بىلەن بىر قۇچاق ئۇچنى بوز يىگىتنىڭ ئالدىغا ئېتىپ هۆڭ تارتىپ يىغلاپتۇ.

بوز يىگىت ئاچچىقىدىن يېنىپ ئويلاپ كۆرسە بېكەشنىڭ ئېيتقانلىرى راست، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېكەشتىن ئەپۇ سوراپ، بېكەشنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ بارالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى يېشىپ بېرىپتۇ. ئاق بېكەش يىغىدىن توختاپ:

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ هەممىسى كونا گەپلەر، هازىر دۈشمەنلەر ئالىلغاچان ئالىدىغىنىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەنمىش. ئاتام بىلەن ئانام مېنىڭ دەردىمدە زار يىغلاپ كۆيۈپتىمىش. ئۇلارنى تىرىكلىكتە يوقلاپ بارالمىسام، قازايى قەدەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، يىغلاپ قاقشىشىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ. بوز يىگىت:

— ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يۇرتى جاهاننىڭ ئۇ چېتىدە، بۇنداق ئۇزاق سەپەرگە ئىككى بالىمىز قانداق چىدايدۇ؟ — دەپتىكەن، موماي شۇئان:

— ۋاي جېنىم بالام، نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز؟ بېكەشخان قىزىمنىڭلا كۆڭلى ئېچىلىدىغان ئىش بولسا، ئىككى بالىدىن غەم قىلماڭلار. بالىلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانغا مەن بار ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

مەسلىهەت بويىچە، بوز يىگىت بىلەن بېكەش هازىرلىق كۆرۈپ بېكەشنىڭ يۇرتىغا سەپەر قىلىدىغان، قېرى موماي كۈنزادە بىلەن ئايزادىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ. بوز يىگىت ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ بۇ مەسلىهەتنى قويۇپتىكەن، ئانىسى بىلەن سىڭلىسى زار يىغلىشىپ ئۇنىماپتۇ. ئاتىسى:

— بوپتۇ بالام بېكەشخانىنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئاتا - ئانا، هەممە ئادەمگە ئۆز ئاتا - ئانىسى قەدىرلىك، ئۆز يۇرتى ئىللىق، بىراق، بۇ ئاي سەپەر ئېيى، سەپەر ئۈچۈن نەس ئاي، مۇشۇ ئاينى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن يولغا چىقساڭلار، — دەپ توسۇپ قويۇپتۇ.

مومايىنىڭ ئاستىرتتىن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا، ئاق

بېكەش يولغا چىقىش جېدىلىنى قىلىۋېرىپتۇ . بوز يىگىتمۇ تەگلىكتە قېلىپ سەپەر تەرەددۇستىدا چىلق تۇرۇپتۇ . ئانىسى بىلەن سىڭلىسى بوز يىگىتكە يالۋۇرۇپ ، قىيداپ قاتتىق تۇسۇۋاپتۇ . بىراق بوز يىگىت :

— ئەرنىڭ سۆزى بىر . مەن بېكەشكە ماقۇل بولغاندىكەنمەن ، گېپىمدە تۇرۇپ ، يۇرتىغا ئاپىرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ . — دەپ تەييارلىقنى تەق قىپتۇ .

بوز يىگىتنىڭ سىڭلىسى كىچىكىدىنلا سېھىر – جادۇنى ئۆگىنىۋالغانىكەن ، ئۇ ئۆزى ئۆگىنىۋالغان سېھىر – جادۇنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق ھېلىقى قېرى مومايىنىڭ ئىچى ھىيلە – مىكر ، زەھەرخەندىلىك بىلەن تولغان ، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسگە بىرەر يامانلىقنى كۆزلەپ ۋاقتىنچە نىقابلىنىپ تۇرۇۋاتقان ياۋۇز نىيەتلىك جادۇگەر ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغانىكەن . ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بۇ مومايىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ ئىشىنىپ كېلىۋاتقانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جادۇگەرنى پاش قىلغىدەك بىرەر پاكىتقا دۈچ كەلمىگەنلىكتىن ، بىر نەرسە دېيەلمەي كەلگەنىكەن . ئاق بېكەشنىڭ مۇشۇ ئاي ، مۇشۇ كۈنلەردە بىراقلا ئاتا – ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش جېدىلىنى قىلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ شەك چۈشۈرۈپتۇ . ئۇ ئاق بېكەشنى تەسەللى بىلەن توسۇپ توختىتالماپتۇ . ئۇنىڭ كۆڭلى شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇرغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز ئاكىسىغا ئىنتايىن ئامراق بولغانلىقتىن ، ئايرىلىشقا قىيالماي « بېكەشخانىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم ئاكام سەپەرگە چىقمايدۇ» دېگەن ئۆيىدە پۇرسەت تېپىپ ئاق بېكەشنى قارىغا ئېلىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپتۇ . دەل شۇ پەيتتە بوز يىگىت ئۆلگۈرۈپ كېلىپ ئوقنى تۇتۇۋاپتۇ .

ئەتىسى بوز يىگىت ئىككى پەرزەنتىنى مومايغا تاپشۇرۇپ ، ئاتا – ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ بېكەشنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ . ئازراق يول باسقانىكەن ، يول بويىدىن يوغان تاغىل يولۋاس چىقىپ خىرس بىلەن ئالدىنى توسۇپ يېتىپتۇ . بوز يىگىت يولۋاسنى كۆرۈپ :

ئۇيان ئۆتكىن ، يولۋاسىم ،
بۇيان ئۆتكىن ، يولۋاسىم .
بىر پاي ئوقۇم تەگكەندە ،
چۇپ – چۇق ① بولارسەن ،
يولۋاسىم .

دەپ نەزمە ئوقۇپتۇ . يولۋاس دەرھال كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ .

بوز يىگىت سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بىر مەنزىلگە يەتكەندە يول ئۈستىدە بىر ئارسلان پەيدا بولۇپ ، يول توسۇپ ماڭغىلى قويماپتۇ .بوز يىگىت :

ئۇيان ئۆتكىن ، ئارسلىنىم ،
بۇيان ئۆتكىن ، ئارسلىنىم .
بىر پاي ئوقۇم تەگكەندە ،
قۇيۇن بولارسەن ، ئارسلىنىم .

دېگەن نەزمىنى ئوقۇپتۇ .

ئارسلان نەزمىنى ئاڭلاپ دەرھال كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ – دە ، بىردەمدىن كېيىن بوز يىگىتنىڭ سىڭلىسىغا ئايلىنىپ :

— ئەي جېنىم ئاكا ، ئاتا – ئانام شۇنچە يالۋۇرسىمۇ ، مەن يالۋۇرسامۇ گەپكە

① چۇپ – چۇق — لەختە – لەختە ، چۇل – چۇل دېگەن مەنىدە .

www.uyghurkitap.com

كىرمىدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلىسەن، ئاتا ـ ئاناڭغىمۇ قىلىسەن، ماڭىمۇ قىلىسەن. سېنى سەپەرگە يولغا سالغان ھېلىقى موماي، ئەسلىدە دۈشمەنلەر ئەۋەتكەن جادۇگەر. لېكىن، سەنمۇ، ئاق بېكەشمۇ ئۇنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتتىڭلار، ئارقاڭغا يانساڭ، — دەپتۇ.

بېكەش بۇ گەپنى ئۆزلىرىنى يولدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنلا ئېيتىلغان يالغان گەپ دەپ ئويلاپ ئۆز تەلپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش سەپەرگە چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا بىر پايانسىز دالىغا كەپتۇ. كېتىۋاتسا غايىبتىن:

« سەن كەتسەڭ كېتەلمەمتىم،
مەندىمۇ بىر جان تۇرسا.
ئۆزۈۋۇمدىن غەم يەمتىم،
ئىچەرىمگە قان تۇرسا.»

دېگەن زۇۋان ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياققا قارىسا ئىنسى ـ جىن كۆرۈنمىگۈدەك. ئۈستۈنگە قاراپتىكەن، ھېلىقى موماي چىغىرىقتا ① مىنىپ، ئايزادىنى ئالدىغا، كۈنزادىنى كەينىگە مىندۈرۈپ، ئالدىغا باققاندا ئايزادىنىڭ بېشىنى غاجىلاپ، كەينىگە باققاندا كۈنزادىنىڭ بېشىنى غاجىلاپ كۆك قەھرىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقىدەك. بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش شۇ چاغدىلا مومايىنىڭ ئەسلىدە جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بوز يىگىت سىڭلىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگىنىگە قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ. جادۇگەر مومايغا قەھرى غەزىپى تېشىپ ئوقياسىنى بەتلەپ جادۇگەر مومايىنى ئېتىپ چۈشۈرمەكچى بولۇپتىكەن، ئاق بېكەش «بالىلىرىمىزغا تېگىپ كېتىدۇ» دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان جادۇگەر موماي تېخىمۇ غالجىرلىشىپ بالىلارنى ھەدەپ غاجاپ، يىغلىتىپ ـ قىيناپ ئۇچقىنىچە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش جادۇگەر مومايىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىسىمۇ، دەردكە چىداپ يولىنى داۋام قىپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىر ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. يېتىپ كەپتۇ ـ يۇ، خارابىلىققا قاراپ تاڭ قىلىپتۇ. چۈنكى ئاۋۋالقى گۈزەل، ئاۋات ئاستانىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانىكەن. ئۇلار يۇرت خارابىلىرىنى ئارىلاپ، ئەسكى تام ـ كېسەك دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئۇنى ـ بۇنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن بىر ئاجىز مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ. مومايدىن ئاق بېكەشنىڭ شاھ ئاتىسىنى سۈرۈشتە قىپتىكەن، موماي يول كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار شۇ يول بويىچە مېڭىپ ئەتىسى بىر چەت باياۋاننىڭ چېتىدىن ئاق بېكەشنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى تېپىپتۇ. ئاق بېكەشنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دۈشمەنلەرنىڭ خورلىشى ۋە قىزىنىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئايرىلغانىكەن. ئۇلار ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۈمىلەپ قوپۇشۇپ بالىلىرىغا ئېسىلىپ يىغا ـ زار قىلىپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش ھالىدىن كەتكەن بۇ ئەما قېرىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. بارا ـ بارا ئىككى قېرىنىڭ كۆزلىرى

① چىغىرىق — پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان يەرلىك ماشىنا.

ئىچىلىپ بالىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولۇپتۇ . بىر كۈنى ئاق بىكەشىنىڭ ئانىسى بىر ئىپىل ئاق بوز تۇلپارنى يېتىلەپ ، ئاق شۇڭقارنى قولىغا قوندۇرۇپ ، بىر كىشىلىك ئاق سەللە ، بىر ياقىلىق ئىپىل مەللە تونىنى ۋە بىر زۇلپىقارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ :

— بوز يىگىت باتۇر ئوغلۇم ، ئاق بوز ئارغىماق ، ئاق شۇڭقار ۋە زۇۋلپىقار مېنىڭ تەۋەررۇكلىرىم ئىدى . ئۇ تەۋەررۇكلەرنى تۇتقۇدەك ھالىم قالمىدى . بۇلارنى سىزگە تۇتتۇم ، ئەمدى سىز ئۆيدە تۇرۇۋەرمەي شىكارغا چىقىڭ ، ئويناڭ ، كۆڭۈل ئېچىڭ . ئەرنىڭ قانتى ـ ئات ، ھەمراھى شۇڭقار بىلەن زۇلپىقار ، خۇدايىتائالا سىزگە مەدەت بېرىدۇ ، — دەپ تەۋەررۇكلىرىنى بوز يىگىتكە تۇتقۇزۇپتۇ .

شۇ كۈندىن باشلاپ بوز يىگىت ئاق بوز ئارغىماققا مىنىپ ، ئاق شۇڭقارنى قوندۇرۇپ ، زۇلپىقارنى ئېسىپ شىكارغا چىقىدىغان بولۇپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەي كالتە بوزمۇ بوز يىگىتنى سېغىنىپ يېتىپ كەپتۇ . ئۇلارنىڭ كۈنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشكە باشلاپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز شىكارغا چىقىپتۇ . شۇ كۈنى تومۇز ئىسسىقى چېكىگە يېتىپ جاڭگاللىق تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىكەن . ئۇلار ئۇيان چېپىپ ـ بۇيان چېپىپ ئاختۇرۇپ ئوۋ تاپالماپتۇ . بۇ يىگىت باتۇر جىلە بولۇپ چوقۇم ئوۋ غەنىيمەتنگە ئېرىشمىگۈچە قايتماسلىق قارارىغا كەپتۇ ۋە كالتە بوز بىلەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئوۋ ئىزدىمەكچى بوپتۇ .

بوز يىگىت ئوۋ ئىزدەپ ماڭا ـ ماڭا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر قويۇق جاڭگاللىققا كېلىپ قاپتۇ . ئۇ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ، ئالدىدىن ساقاللىرى سۆتتەك ئاقارغان ، يۈزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان ئىللىق چىراي بىر بوۋاي چىقىپ كەپتۇ . بوز يىگىت ئارغىماقتىن چۈشۈپ بوۋايغا سالام قىپتۇ . بوۋاي سالامنى ئىلىك ئېلىپ تۇرۇپ :

— ئەي بوز يىگىت باتۇر ، يامان چاغدا ئوۋغا چىقىپ قاپسەن ، ئەمدى ئۆتەكەنگە سالۋات ، سەمىڭگە شۇنى سېلىپ قوياي : ھازىر ساڭا بىر چوڭ خەۋپ ئەگەشىپ كېلىۋاتىدۇ . ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغايسەن ، ئېسىڭدە چىڭ تۇت : يالغۇز دۆڭگە ئات سالما ، توكۇر توشقانغا شۇڭقار سالما ، بۇلاق بويىدا ئۇخلىما . خوش ، قالغىنى خۇداغا ئامانەت ، — دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ .

بوز يىگىت بوۋاينىڭ دېگەنلىرىگە ھەيران بولۇپ ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ . ئۇيان قارىسىمۇ ، بۇيان قارىسىمۇ بىرەر جانۋار يولۇقماپتۇ . ئۇ مۇشۇكەمگە قەدەر ئوۋدىن قۇرۇق قايتىپ باقمىغانىكەن ، غەنىمەتسىز قايتىشنى خورلۇق ھېسابلايدىكەن . شۇڭا ، تىت ـ تىت بولۇپ مېڭىۋېرىپتۇ . بىر ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە ئۇ ھارغىنلىققا ۋە تومۇز ئاپتاپىقا چىدىماي قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ بايىقى نەسىھىتىنى ئۇنتۇپ ئالدىدىكى يالغۇز دۆڭگە ئارغىمىقىنى ساپتىكەن ، ئارغىمىقى مۆدۈرۈلۈپ كېتىپ ئالدى پۇتى سۇنۇپتۇ . ئۇ ئارغىماقنى تاشلاپ ، ئېگەر ـ جابدۇقنى يۈدۈپ ئارقىغا يېنىپتۇ . بىر توغراقلىققا كەلگەندە ، ئالدى پۇتى ئۈزۈك بوز توشقان يۈگۈرۈپ ئۆتۈپتۇ . شۇڭقارنى قوشلىغانىكەن ، ئاق شۇڭقار ئەگىپ بېرىپ توغراققا قونۇپتۇ . چاقىرسا چۈشمەپتۇ . ئۇسساپ چارچاپ كەتكەن بوز يىگىت كالتە

بوز بىلەن تېپىشىپ، ئىچ پۇشۇقى بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بوز يىگىت يانچۇقىدىن بىر ئالتۇن بىگىزنى چىقىرىپ كالتە بوزغا بېرىپتۇ - دە:

— مەن قاتتىق چارچىدىم، بىر ئۇخلىسام قىرىق كېچە - كۈندۈزدە ئويغىنىمەن، ئەگەر ئالمادىس بىرەر ۋەقەگە يولۇقساڭ ئالتۇن بىگىزنى تاپىنىمغا تىق، شۇئان ئويغىنىمەن، — دەپ ئېگەر - توقۇمغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

كالتە بوز بوز يىگىتنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرسا غايىبتىن چۈشكەندەك بىر قېرى موماي پەيدا بولۇپتۇ. كالتە بوز ئورنىدىن تۇرۇپ مومايغا سالام بېرىپتۇ. موماي:

— بالام بۇ چەت جاڭگالدا نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن، ئاۋۇ ئۇخلاۋاتقان پالۋان كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كالتە بوز مومايغا ئۆز ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. موماي:

— ئاغىنەڭ قاچان ئويغىنىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، كالتە بوز:

— بوز يىگىت بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئويغىنىدۇ، ئۇخلىغىلى تېخى ئاران يېرىم كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بالام، ئاغىنەڭ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلىسا ئاڭغىچە سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئاغىنەڭنى ئويغاتماقچى بولساڭ قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— مەن ئاغىنەم ئويغانغىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدا تۇرىمەن. ناۋادا ئاغىنەمنى ئويغىتىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ تاپىنىغا بۇ ئالتۇن بىگىزنى سانجىيمەن، شۇ زامات ئويغىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كالتە بوز ئالتۇن بىگىزنى مومايغا كۆرسىتىپ.

— پاھ، ئەجەب چىرايلىق بىگىز ئىكەن. ئەكەل بالام بىگىزىڭنى ماڭا بېرىپ تۇر. كېپىشىم يېرتىلىپ كەتكەنىدى. ياماۋالاي، — دەپتۇ موماي.

كالتە بوز سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن «بېرىپ تۇرسام تۇرمادىم. قېرى مومايكەن، ئايىغىنى ياماپ بولغاندا ياندۇرۇۋالامدىم؟» دەپ ئويلاپ بىگىزنى مومايغا بېرىپتۇ.

بۇ ھېلىقى بوز يىگىتلەرنى قاپقانغا دەسسەتكەن جادۇگەر موماي ئىكەن. موماي بوز يىگىتنىڭ ئىككى بالىسىنى دۈشمەنلەرگە گۆرۈگە تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە بىر ئېتەك ئالتۇن - كۈمۈش تارتۇق ئېلىپ، باشقىچە سىياقى بىلەن بوز يىگىتنىڭ ئىزىنى پايلاپ بولاق بويىغا كەلگەنىكەن. جادۇگەر موماي بۇلاق بېشىدا كېپىشنى ياماپ بولۇپ، ئالتۇن بىگىزنى سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ. كالتە بوز زارلىنىپتۇ، يىغلاپتۇ، مومايىنى تىللاپتۇ، قارغاپتۇ، ئامال بولماپتۇ، جادۇگەر موماي بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

جادۇگەر موماي ئىككى ئايغىنى تۆت قىلىپ دۈشمەنلەرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ قىرىق سەركەردىسى بارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ، پۈتكۈل جاڭگالنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بوز يىگىت ئۇخلاۋاتقان بۇلاق بېشىغا يوپۇرۇلۇپتۇ. كالتە بوز بوز يىگىتنىڭ زۇلپىقارىنى ئېلىپ دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ. نەچچە مەررە ئېلىشقاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر دۆۋە - دۆۋە ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىپتۇ. كالتە بوز مۇشۇ

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بوز يىگىتنى چاقى-
رىپتۇ، تۇرتۇپتۇ، چىمداپتۇ. بوز يىگىت
قىمىر قىلىپمۇ قويماپتۇ. كالتە بوزنىڭ تا-
قىتى – تاق بولۇپ بوز يىگىتنىڭ ئۆتۈكىنى
سالدۇرۇپتۇ – دە، تاپىنىنى چىشلەپتۇ.
چىشلەپ – چىشلەپ ئىككى قەۋەت گۆشىنى
شىلىپ بولغاندا بوز يىگىت ئاران بىر ئۆرۈ-
لۈپ:

— ۋاي – ۋۇي، تاپىنىم تازا
قىچىشتىغۇ، — دەپلا خورۇلداپ ئۇخلاپ
كېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا دۈشمەنلەر يەنە
يوپۇرلۇپ كېلىپ كالتە بوز بىلەن ئېلىشىپ-
تۇ. ئېلىشا – ئېلىشا دۈشمەن لەشكەرلىرى
قىرىلىۋېرىپتۇ. دۈشمەنلەر كالتە بوز بىلەن
قوراللىق ئېلىشىپ تەڭ كېلەلمىگەندىن
كېيىن، مەسلىھەتلىشىپ تۆت تەرەپتىن
تەگلا ئاتلىق كېلىپ كالتە بوزغا سالما
تاشلاپ چىرماپ – چىرماپ تاشلاپتۇ. ئار-
قىدىن بوز يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ كالىنىڭ
تېرىسىدىن قىلىنغان خام تاسما بىلەن چىر-
ماپ باغلىۋېتىپتۇ. خام تاسما ئىسسىقتا
قۇرۇغانسېرى قورۇلۇپ قىسىشقا باشلاپتۇ.
بوز يىگىت ئاندىن ئۇيقۇسىنى ئازراق
ئېچىپ:

— پاھ بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى نېمانچە
قاتتىق چاقىدىغاندۇ؟ — دەپ بىر كېرىلى-
گەنىكەن، قاتمۇ – قات خام تاسما
تارسىلداپ ئۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. بوز يىگىت-
نىڭ كۈچ – قۇدرىتىدىن چۆچۈشكەن
دۈشمەنلەر بوز يىگىت باتۇرنى بۇرۇنقىدىنمۇ
چىڭ، بۇرۇنقىدىنمۇ قەۋەتلەپ چىرماپتۇ.
بوز يىگىت يەنە بىر قېتىم ئۆرۈلۈپ
كېرىلگەنىكەن، تاسمىلار پايلىماي ئۈزۈ-
لۈشكە باشلاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق
چىرماشتىن كېيىن بوز يىگىت باتۇرنىڭ
ئۇيقۇسى ئېچىلىپتۇ. قارىسا، تېنى قاتمۇ –
قات خام تاسمىلار بىلەن چەمبەرچەس
چىرمىۋېتىلگەن، تۆت ئەتراپىنى دۈشمەنلەر
ئورىۋالغان، تېڭىپ تاشلانغان كالتە بوز بىر
چەتتە پۇشايمان بىلەن يىغلاۋاتقا-
نىكەن. بوز يىگىت:

— ئەي نامەردلەر، خام تاسما بىلەن
چىرماپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ جېنىمدىن
جۇدا قىلالمايسىلەر، ئۆلتۈرىمىز دەپ ئاۋارە
بولغىچە دەرھال قويۇۋېتىڭلار، — دەپتۇ.
دۈشمەنلەر:

— باغلاقتا ئۆلمىسەڭ، چاڭقاقتا ئۆ-
لىسەن، قىلىچتا ئۆلمىسەڭ، ئاچلىقتىن
ئۆلىسەن، يا جانغا تۇر، يا جانانغا تۇر، —
دەپتۇ.

بوز يىگىت، دۈشمەنلەرنىڭ بەكمۇ
رەھىمسىز تائىپىلەر ئىكەنلىكىگە يەنە بىر
قېتىم قول قويۇپ:

ئون قوتاندا قويۇم بار،
شۇنى بېرەي، جاننى قوي.
بەش قوتاندا ئېتىم بار،
ئۇنى بېرەي، جاننى قوي.
ئۈچ قوتاندا كالام بار،
شۇنى بېرەي، جاننى قوي.
بىر قوتاندا تۆگەم بار،
ئۇنى بېرەي، جاننى قوي.

دەپ نەزمە ئوقۇپتۇ. دۈشمەنلەر:

— جېنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا
تۇرسا، ئۇنى بېرەي، بۇنى بېرەي، دەپ
ۋەدە قىلمىساڭمۇ ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ
بولماي قالامتى؟ — دېيىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.

بوز يىگىت دۈشمەنلەرنىڭ خورلى-
شىغا چىدىماي تولۇقچىلاپ بىر
دومىلىغانىكەن، دۈشمەنلەردىن نەچچە

www.uyghurkitap.com

يۈزى ئۇنىڭ ئاستىدا قېلىپ خېمىرغا ئايلىنىپتۇ .

دۈشمەنلەرنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ، بوز يىگىت باتۇرنى يېڭىۋاشتىن چىرماپ تۆت تەرەپتىن تارتىپ تۇتۇۋاپتۇ . بوز يىگىت :

— ئەي قانخور دۈشمەنلەر ، مېنى قانداق قىلىشساڭ قىلىش ، ئەمما ، ئاغىنەم كالتە بوزنى قويۇۋېتىش ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋالاي ، — دەپتۇ .

دۈشمەنلەر كالتە بوزنى بوشىتىپ بوز يىگىتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ . بوز يىگىت كالتە بوزدىن رازىلىق ئېلىپ :

— ئەي قىيامەتلىك ئاغىنەم ، مەندىن رازى بول ، ئاخىرقى قېتىم ئاغىنىدارچىلىق قىلغىنى يەتكۈزۈپ چىمچىلاق پۇتۇمنىڭ تىرنىقىنى ئىچىپ قوي ، — دېيىشكەن ، كالتە بوز بىر ئامال قىلىپ بوز يىگىتنىڭ چىمچىلاق پۇتىنىڭ تىرنىقىنى ئىچىپ قويۇپتۇ. بوز يىگىت « يا پىرى كامىل ! » دەپ نەرە تارتىپ چىمچىلاق پۇتىنىڭ تىرنىقى بىلەن بىر تالاي دۈشمەن لەشكەرلىرىنى قىيما قىلىپ تاشلاپتۇ . ئەتراپ ئۆلۈككە توشۇپتۇ . قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ . دۈشمەنلەر بوز يىگىتنى باش ئەگدۈرەلمەسلىككە كۆزى يېتىپ ، ئۇنى تۆمۈر كۆشۈككە بەند قىپتۇ ـ دە ، ئايتېرەك دېگەن يوغان تېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ . بىر كۈن ئۆتۈپتۇ ، ئون كۈن ئۆتۈپتۇ . يىگىرمە ـ توققۇز كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ . ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغاندا بوز يىگىت باتۇر هوشسىزلىنىپ جىمىپ قاپتۇ . دۈشمەنلەر « بوز يىگىتنىڭ جىنى تۆمۈر بولسىمۇ ئەمدى ئۆلۈپ بولدى ، ئۆلۈكنى بېقىپ ئاۋارە بولغاندىن يولىمىزغا ماڭايلى » دېيىشىپ كېتىپ قاپتۇ .

بوز يىگىت ئايتېرەككە ئېسىۋېتىلگەندىن كېيىن ، كالتە بوز ئاق بېكەشنىڭ قېشىغا بېرىپ ، بوز يىگىتنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . ئاق بېكەش پەرياد سېلىپ بىھوش بولۇپتۇ . كېيىن يىقىلىپ قوپۇپ بوز يىگىت ئېسىۋېتىلگەن ئايتېرەك قېشىغا كېلىپ ئۇنى چۈشۈرۈپتۇ . چىش تىرناقلىرى بىلەن تاسمىلارنى يېشىپ ، بوز يىگىتنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ . بوز يىگىت كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئاق بېكەشنى كۆرۈپتۇ ـ دە :

— ئەمدى مەن بولالماي قالدىم . ئەگەر ئەقىدەڭدىن يانمىساڭ جاپادىن قاچماي ، جەسىتىمنى قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كۆتۈرۈپ ، مەن تۇتۇلۇپ قالغان جايدىكى بۇلاقنى ئايلانغىن ، شۇ چاغدا قايتا تىرىلىپ ، سەن بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىمەن ، — دەپلا جان تەسلىم قىپتۇ .

ئاق بېكەش ئۆتكەن سەۋەنلىكلىرىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ ، زارلاپتۇ . ئۇستىبېشىغا ئاق ماتادىن قارىلىق كىيىپ بوز يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ بۇلاق چۆرىسىنى ئايلىنىپ يىغا ـ نەزمىلەر بىلەن ماتەمدە بولۇپتۇ . ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغاندا ، باشقا سىياققا كىرىۋالغان هېلىقى جادۇگەر موماي بۇلاق بېشىغا پەيدا بولۇپ بىر پارچە قارا كىگىزنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يۇيۇشقا باشلاپتۇ . ئاق بېكەش بوز يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭدىن :

— ۋاي موما ، نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىلا ؟ ـ دەپ سوراپتىكەن ، جادۇگەر موماي :

— قارا كىگىزنى ئاقارتايمىكىن دەپ يۇيۇپ ئولتۇرىمەن قىزىم ، — دەپتۇ . ئاق

بېكەش :

— قىزىق گەپ قىلدىكەنلا ، موما ، قارا كىگىز يۇغانغا ئاقىرامدۇ ؟ — دەپتىكەن ، جادۇگەر موماي :

— ھەي ئەخمەق قىزىم ، قارا كىگىزنى يۇغانغا ئاقارمىسا ، ئۆلۈك كۆتۈرۈپ يۈرگەنگە تىرىلەمتى ؟ — دەپتۇ .

ئاق بېكەش ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي بوز يىگىتنىڭ جەستىنى كۆتۈرۈپ بۇلاقنى ئايلىنىشنى داۋام قىپتۇ . جادۇگەر موماي قولىدىكى كىگىز پارچىسىنى بۇلاق ئېچىگە تاشلىۋېتىپ :

— قارا كىگىزنى ئاقارتىمەن دەپ ئۈپىرىغان مېنىڭ جېنىم ، ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىمەن دەپ قىينالغان سېنىڭ جېنىڭ . ھەي شور پېشانە گۆل قىزىم ، تاشلا قولۇڭدىكى ئۆلۈكنى . سېسىق ئۆلۈككە ئەقىدە باغلىمساڭ ، ئايدەك جامالىڭ بىلەن ئەرسىز قالامتىڭ ؟ — دەپ بىر ئۇھ تارتىپتىكەن ، دىلغۇل بولۇپ قالغان ئاق بېكەش ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان بوز يىگىتنىڭ جەسىتىنى بۇلاق ئېچىگە تاشلىۋېتىپتۇ .

بوز يىگىتنىڭ جەستى بۇلاق ئېچىگە چۆكۈشى ھامانلا ، بوز يىگىتكە يېڭىدىن جان كىرىپ بىلىگىچە دەس تۇرۇپتۇ — دە :

— ئاھ بېكەش ، ئوتتۇز توققۇز كېچە — كۈندۈز چىداپ ، بىر كۈن قالغاندا چىدىمىدىڭ . ماڭمۇ قىلدىڭ . ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ئەلۋىدا ، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەرمىز ، — دەپلا بىر يۇمىلاپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ كۆك قەرىگە پەرۋاز قىلىپ ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ .

ئاق بېكەش چىدامسىزلىقىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ چاچلىرىنى يۇلۇپتۇ ، يۈزلىرىنى تاتىلاپتۇ . ئەستەكلىرىگە كا-
چاتلاپتۇ .

جادۇگەر موماي دۈشمەنلەرنىڭ سەركەردىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ . دۈشمەن باتۇرلىرى ئارغىماقلىرىغا مىنىپ بېكەشنىڭ قېشىغا كەپتۇ — دە ، ئاق بېكەشنى تالىشىپ سوقۇشۇشقا باشلاپتۇ . ئاق بېكەش دۈشمەن سەركەردىلىرىگە :

— ئەي سەركەردىلەر ، سىلەر قىرىق كىشى ئىكەنسىلەر ، مەن بولسام بىرلا كىشى ، مەن قايسىڭلارغا تېگىمەن . سىلەر مېنى تالىشىپ بىھۇدە سوقۇشقاندىن كۆرە ، دەرھال گۈمبەز ياساشقا كىرىشىڭلار . كىم گۈمبەزنى تېز ھەم چىرايلىق ياساپ پۈتتۈرسە شۇنىڭغا تېگەي — دەپتۇ .

دۈشمەن سەركەردىلىرى ئاق بېكەشنى قىزغىنىپ پۈتۈن ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىردەمدە قىرىق گۈمبەز ياساپ پۈتتۈرۈۋېتىپتۇ ، ئاق بېكەش :

— سىلەر ياسىغا گۈمبەزلەر بىر — بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلا ۋاقىتتا پۈتتۈرۈپسىلەر ، شۇڭا كىمگە تېگىشىمنى بىلەلمىدىم . ئەمدى سىلەر بىرىدىن ئوچاق سېلىپ تاماق ئېتىڭلار . مەن ھەممىڭلارنىڭ تامىقىدىن تېتىپ باقىمەن . قايسىڭلارنىڭ تامىقى تاتلىق بولسا شۇنىڭغا تېگىمەن ، — دەپتۇ .

دۈشمەنلەر بىردەمدە قىرىق ئوچاق سېلىپ ، قازان ئېسىپ تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىپتۇ . تاماق پىشقاندا ئاق بېكەش ھەر بىر گۈمبەزگە كىرىپ ، ئۇلارنىڭ تامىقىدىن تېتىپ كۆرۈپتۇ . ئاندىن:

— ئەتكەن تاماقىڭلار بىر — بىرىڭلارنىڭكىدىن ئوخشاپتۇ . شۇڭا قايسىڭلارغا تېگىشىمنى بىلەلمىدىم . ئەمدى ھەممىڭلارغا بىر قاچىدىن تاماق ئۇسۇپ بې-

www.uyghurkitap.com

رىمەن . قايسىلار بالدۇر ئىچىپ بولساڭلار
شۇنىڭغا تېگەي ، — دەپتۇ ـ دە ، قىرىق
تەگلە كەلتۈرۈپ لىق تاماق ئۇسۇپ بېرىپتۇ .
دۈشمەن سەركەردىلىرى ئاق بېكەشنى
خوتۇنلۇققا ئېلىش تەمەسىدە تاماققا تەگلا
دۈم چۈشۈپتۇ . ئاق بېكەش بوز يىگىتتىن
قالغان زۇلپىقارنى ئېلىپ گۈمبەزلەرگە بىر ـ
بىرلەپ كىرىپ دۈشمەن سەركەردىلىرىنىڭ
كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ .

ئاق بېكەش دۈشمەن سەركەردىلە-
رىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ، ئاتىسىنىڭ
قېشىغا كېلىپ قان يىغلاپ تۇرۇپ :

ئاق شۇڭقارنى قوندۇرۇپ ،
جان ئالغۇچى دەپمىدىڭ ؟
ئاق سەللىنى يۆگىتىپ ،
يىرتىشلىقى ① دەپمىدىڭ ؟
مەللە تونىنى كىيدۈرۈپ ،
كېپەنلىكى دەپمىدىڭ ؟
ئاق تۇلپارغا مىندۈرۈپ ،
جىنازىسى دەپمىدىڭ ؟
ئەرسىز قالغان قىزىڭنى ،
ئۆزۈم ئالاي دەپمىدىڭ ؟

دەپ نالە قىپتۇ . ئاق بېكەشنىڭ ئاتىسى :

— ھەممە ئەيىب مەندە ، قىزىم ، بۇنداق بۇلارىنى بىلگەن بولسام ئاق بوز ئارغىماق ، ئاق شۇڭقار ، ئاق سەللە ، مەللە تون ۋە زۇلپىقارنى بەرمەس ئىدىم ، ئېرىڭ بوز يىگىتنىڭ ئۆلۈمىگە مەن زامىن بوپتىمەن ، — دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ .

ئاق بېكەشنىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ، قىرىق قىزنى ھەمراھ قىلىپ ، چارباغلارغا ئەۋەتىپتۇ . لېكىن ئاق بېكەشنىڭ سۇنۇق كۆڭلى ئېچىلماپتۇ .

جادۇگەر موماي دۈشمەنلەرنىڭ قالدى ـ قاتتى لەشكەرلىرىنى يىغىپ :

— سىلەر سەركەردىلىرىڭلارنىڭ زورى بىلەن يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلىپ كۆرمىگەن ئازابلارنى تارتتىڭلار . ھازىر سەركەردىلەر ئۆلۈپ تۈگىدى ، ئاق بېكەشنى تالىشىدىغان نوچى قالمىدى . قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ساھىبجامالنى تاشلاپ كېتەلەمسىلەر ؟ — دەپ كۈشكۈرتۈپتۇ .

دۈشمەن لەشكەرلىرى ئاق بېكەشنى خوتۇن قىلىپ ئېلىش تەمەسىدە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ چارباغ تەرەپكە چېپىشىپتۇ . دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ يوپۇرلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ئاق بېكەش قىرىق قىزنى چاقىرىپ ، يېنىدىكى ئۈنچە ـ مارجانلارنى يەرگە چېچىپتۇ ـ دە :

— قىزلار ، مارجانلارنى كىم تېرىۋالسا شۇنىڭ بولىدۇ ، قېنى ئېلىڭلار ، — دەپتۇ . قىرىق قىز مارجان تېرىش بىلەن بەنت بولۇپتۇ . ئاق بېكەش ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ . دۈشمەنلەر ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ . ئاق بېكەش بوز يىگىت ئېسىپ قويۇلغان ،ئايتېرەك تەرەپكە بۇرۇلۇپتۇ . دۈشمەنلەر تاپ باستۇرۇپ كېلىپتۇ . دۈشمەنلەر يېتىشۋالاي دەپ قالغاندا ئاق بېكەش ئايتېرەك ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ ئەڭ ئېگىز شاخ ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇۋاپتۇ . دۈشمەنلەر ئايتېرەك ئۈستىگە چىقىشقا ئەيمىنىپ :

— ئاق بېكەش ، پەسكە چۈشۈپ بىزگە خوتۇن بولۇڭ . بىز سىزنى

① يىرتىشلىقى — مۇردىنىڭ ئېگەكلىرىنى قوشتۇرىدىغان ئاق لاتا مەنىسىدە .

ئەتسۇارلايمىز ، ــ دەپ ۋارقىرىشىپتۇ . ئاق بېكەش چۇشكىلى ئۇنىماپتۇ . شۇ چاغدا جادۇگەر موماي كۇنزادە بىلەن ئايزادىنى سۆرەپ يېتىپ كەپتۇ . دۇشمەنلەر :

ــ ئاق بېكەش ، پەسكە چۇشۇڭ ، بولمىسا قىزىڭىز ئايزادىنى چېپىپ تاشلايمىز ، ــ دەپ سۈرەن سېلىشىپتۇ . ئاق بېكەش چۇشمەپتۇ . دۇشمەنلەر ئايزادىنى چېپىپ تاشلاپتۇ . ئاق بېكەش قىزىنىڭ دەردى پىراقىدا يىغلاپ ، باغرى خۇن بولۇپتۇ . دۇشمەنلەر :

ــ ئاق بېكەش ، چۇشۇپ بىزگە خوتۇن بولۇڭ ، بولمىسا ئوغلىڭىز كۇنزادىنى چېپىپ تاشلايمىز ، ــ دەپ چۇرقىرىشىپتۇ . ئاق بېكەش چۇشمەپتۇ . دۇشمەنلەر كۇنزادىنى چېپىپ قىيما ــ چىيما قىلىپ تاشلاپتۇ . ئاق بېكەش ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا قان يىغلاپتۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشتىن ئايتېرەك تۇۋىدە بۇلاق ھاسىل بولۇپتۇ .

دۇشمەنلەر ئايتېرەكنى چۆرىدەپ چېدىر ــ بارگاھ تىكىپ ئاق بېكەشنىڭ چۇشۇپ ئۆزلىرىگە خوتۇن بولۇشىنى كۇتۇپ يېتىشىپتۇ .

بىر ھەپتە بولغاندا ئاق بېكەش سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ ئايتېرەكنىڭ شېخىغا چىگىپتۇ ــ دە :

ئاتىكام تىككەن ، ئايتېرەك ،
ئانىكام تىككەن ، ئايتېرەك .
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ،
بېشىنى يېگەن ، ئايتېرەك .

دەپ ناخشا ئېيتىپ ، تېرەك ئۇچىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتىكەن ، ئايتېرەكنىڭ بىر شېخى « قارس » سىدە سۇنۇپ ، ئاق بېكەش ئايتېرەك تۇۋىدىكى بۇلاق ئىچىگە چۇشۇپ كېتىپتۇ . ئاق بېكەش بۇلاق سۈيىگە بىر چۆمۈلۈپ بېلىگچە ئۆرە بوپتۇ ۋە :

ــ ئاھ ۋاپاسىز جاھان ، ئاھ ئارماندا كەتكەن جان ! ــ دەپ بىر يۇملاپتۇ ــ دە ، ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ ، پەرۋاز قىلىپ ، كۆك قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ . دۇشمەنلەر ئاسمانغا ھاڭۋاقىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قاپتۇ . ئاندىن جادۇگەر موماينى تۇتۇپ كېلىپ چېپىپ ، نەيزىلەپ تىتما ــ تىتما قىلىپ تاشلاپتۇ .

ئايتېرەك سۇنۇق شېخىنى ساڭگىلىتىپ تا مۇشۇ كەمگىچە كۆكلەپ تۇرۇۋېرىپتۇ . ئايتېرەك ئاستىدا كۆز ياش بۇلىقى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ . بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشنىڭ يۇرتلۇقلىرى ئايتېرەك ئاستىغا قەبرە تىكلەپ ، ۋاپا ، پاكلىق يولىدا شېھىت بولغان ئاشىق ــ مەشۇقلار ئۇچۇن دۇئا قىلىپ ، نەزىر ــ چىراق ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ياد ئېتىپ كەپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا . ئايتېرەك ئاستىدىكى كۆز ياش بۇلىقىدىن چىققان شەربەت سۇدا ئەمالار كۆزىنى يۇسا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلەرمىش ، قىز ــ چوكانلار چاچلىرىنى يۇسا ، چاچلىرى قارا ، پارقىراق ، ئۇزۇن ئۆسەرمىش .

ئېيتىپ بەرگۇچى : **ھۆسنىرىخان** ،
توپلاپ رەتلىگۇچى : **ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقيۇلى** .

# ۋاپادار ئاكا ـ ئۇكىلار

(چۆچەك)

بار ئىكەن يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن توق ئىكەن. قەدىم زامانلاردا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بار بولۇپ، باشقا پەرزەنتى يوق ئىكەن. پادىشاھنىڭ قىزى ئالاھىدە ياسالغان بىر چاھار باغدا تۇرىدىكەن. مەلىكىگە نۇرغۇن بەگزادىلەر، بايلار ۋە شاھزادىلەر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىغا بەرمەپتۇ. مەلىكىنىڭ چاھار بېغىدا گۈلگە قارايدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. بۇ بالا بىلەن مەلىكىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇلار دائىم بىللە يۈرىدىكەن. بىر كۈنى قىزنىڭ ئىنىكئانىسى سەپسالغۇدەك بولسا قىز ھامىلدار بولۇپ قالغان. ئىنىكئانا بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي ئاخىرى مەلىكىنى چاھار باغدىن چىقارماي بېقىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قىزى چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئىنىكئانا پادىشاھتىن قورقۇپ بۇ بالىنى باغۋەن بوۋايغا بېرىۋېتىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا رۇستەم دەپ ئىسىم قويۇپ بالىنى بېقىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى بىر دىۋە مەلىكىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، چاھار باغقا كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي قاپتۇ.

گۈلچى بوۋاي بولسا رۇستەمنى تەربىيلەپ بېقىپتۇ. ئۇ دائىم بالىنى پادىشاھ سارىيىغا ئېلىپ كېلىپ، يېقىن ئادەملىرىگە كۆرسىتىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بالا چوڭ بولۇپ، كوچىلارغا چىقىپ ئويناپ يۈرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى باللار ئۇنىڭغا:

ـــ سېنىڭ ئاناڭ يوق، ـــ دەپ تەنە قىلىشىپتۇ. بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ مېنىڭ ئانام يوقمۇ؟ باللار ماڭا: «سېنىڭ ئاناڭ يوق» دېيىشىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

بوۋاي نەۋرىسىگە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ۋە ئانىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. رۇستەم بوۋىسىغا:

ـــ بوۋا، مەن ئانامنى ئىزدەپ تېپىپ كېلەي، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، ـــ دەپتۇ. بوۋىسى رازى بولماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى رۇستەم چوڭ يولنىڭ ياقىسىدا ئويناۋاتقاندا يولدىن بىر توپ سودىگەرلەر ئۆتۈپتۇ. بالا سودىگەرلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. سودىگەرلەر قارىسا ئارقىدىن بىر بالا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان. ئۇلاردىن بىرى:

— ئەي بالا، قەيەرگە بارىسەن؟ بىزلەر بولساق ئات – ئۇلاغلىق سودىگەرلەر. سەن بولساڭ پىيادە. بۇنداق ماڭساڭ ھېرىپ قالىسەن، — دەپ ئۇنى ياندۇرماقچى بولۇپتۇ. رۇستەم ئۇلارنىڭ سۆزىگە پەسەنت قىلماي مېڭىۋېرىپتۇ. بۇلار يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، سۇسىز چۆللەرنى بېسىپ، بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. سودىگەرلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىپتۇ، رۇستەم دەرۋازىنىڭ تېشىدا قاپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بوران چىقىپ شەھەرنىڭ تېشىدىكى قوي – ئۆچكە ھەممىسى شامال بىلەن سۈرۈلۈپ كېتىۋېرىپتۇ. شۇلار بىلەن بىللە رۇستەممۇ ئۆزىنى توختىتالماي ئۇدۇل دۆڭنىڭ ماكانىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ دەل پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچقان دۆڭنىڭ ماكانى ئىكەن. مەلىكە قارىسا ماللارنىڭ ئىچىدە بىر بالىمۇ بار ئىمىش. بالىنى كۆرگەن ھامان مەلىكىنىڭ كۆكسىدىن سۈتلىرى ئېقىپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك بىر مېھىر – مۇھەببەت پەيدا بولۇپتۇ. مەلىكە بالىنى دەرھال ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يۈز – كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن ھال – ئەھۋال سوراپتۇ:

— ھەي بالا، سەن قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

بالا بېشىدىن ئۆتكەن – كەچكەنلەرنى سۆزلەپتۇ ۋە ئانىسىنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە بۇ بالا ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دۆڭگە قاراپ:

— بۇ بالىنى ئۆلتۈرمەڭ، چۈنكى بۇ مېنىڭ بالام. بۇنى باغۇەن بوۋاي بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەپتۇ. ئەمدى سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن ئىككىسى بىللە ئويناپ يۈرسۇن، — دەپتۇ.

دۆۋ قىزنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان ۋە بۇلاردىن بىر بالا تۇغۇلغانىكەن. بۇ بالىنىڭمۇ قەددى – قامىتى كېلىشكەن بولۇپ، لېكىن سۆز قىلالمايدىكەن.

ئانا – بالا تېپىشىپ بىللە ياشاشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ دۆۋدىن تۇغۇلغان بالىسىمۇ كۈندىن – كۈنگە چوڭ بولۇپ، ئايىغى چىقىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ، شۇنداق زەبەر – دەست قۇۋۋەتلىك بوپتۇكى، ئەگەر دەرەخنى تۇتسا، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئالىدىكەن. ئەگەر تاغنى تۇتسا تالقان قىلىۋېتىدىكەن. مەلىكە ئۇنىڭغا «كۈچتەن» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى دۆۋ پادىشاھنىڭ قىزىغا:

— سېنىڭ ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بالىمىزنى ئېلىپ قېچىپ كەتسە، كېيىن پۇشايماندا قالىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئۇ بىر قانچە قېتىم دېگەن بولسىمۇ، مەلىكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى رۇستەم ئۇكىسى بىلەن ئويناپ يۈرگەن چاغدا، دۆۋ بىر قورام تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، رۇستەمنىڭ ئۈستىگە تاشلىماقچى بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن كۈچتەن تاشنى تۇتۇۋېلىپ، ئاتىسىغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، دۆۋ تىنىك موللاق چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ئاكىسى بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇكىسىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. كۆڭلىدە: «ئەمدى ئانام بىلەن ئۇكامنى ئېلىپ شەھەرگە كەتسەم، ئاندىن

www.uyghurkitap.com



شەھەر خەلقى بىلەن بىللە ئۆتسەم» دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ ئانىسى بىلەن ئۇكىسىنى ئېلىپ ، شەھەرگە يېقىن بىر مەھەللىگە كېلىپ ، كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ . كۈچتەن بولسا كوچىغا چىقىپ ، باللار بىلەن ئويىنايدىكەن . ئۇ بەزى باللارنى ئۇرۇپتۇ ، بەزىلىرىنىڭ بېشىنى يېرىپتۇ . ئاخىرى باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كۈچتەننىڭ ئاكىسىغا : « سىلەر قانداق ئادەملەر ؟ باللىرىمىز كوچىغا چىقىپ ئوينىيالمايدىغان بولدى ، بۇ جايدا يا سىلەر تۇرۇڭلار ، يا بىز تۇرايلۇق » دەپ كايىپتۇ . رۇستەم قانداق قىلىشنى بىلمەي : « ئۇكام بىلەن شەھەر ياكى مەھەللە ئىچىدە تۇرسام ، كىشلەرنىڭ نالىسىدىن قۇتۇلالمايدىكەنمەن . بىرەر چەت جايغا بې-رىپ ياشىساق بولغۇدەك ... » دەپ ئويلاپ ، بىر تاغنىڭ ياقىسىغا بېرىپتۇ ۋە گەمە كولاپ ئۆي قىلىپ ، شۇ يەردە كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ . كۈندۈزى كۈچتەن بىلەن رۇستەم تاغلارغا چىقىپ ئوقيا بىلەن كەكلىك ئېتىپ ، ھەر خىل ھايۋانلارنى ئوۋلاپ گۆشىنى ئوزۇق قىلىدىكەن . تېرىسىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كۈندىلىك لازىملىق نەرسە ـ كېرەك سېتىۋې-لىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ .

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى قوش ھەيدەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشۇپتۇ . دېھقان بۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ :

— سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ نەگە بارىسىلەر ، بۇ يەرلەردە ئادەملەر ياشىمايتتىغۇ ، سىلەر قانداق تىرىكچىلىك قىلىۋاتىسىلەر ؟ — دەپتۇ . رۇستەم :

— ھەي ئاتا ، بىزنىڭ ھالىمىزنى سورىماي قويۇڭ . بىز دەسلەپتە ، شەھەرگە يېقىن بىر مەھەللىدە تۇراتتۇق . مانا مۇشۇ ئۇكامنىڭ دەستىدىن ، ئۇ جايدا تۇرالمىدۇق . ئەمدى بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز . دېھقانچىلىقنى بىلمەيمىز ، — دەپتۇ . ھېلىقى دېھقان :

— مېنىڭ تۇرار جايىم بۇ يەردىن يىراق . سىلەر بىلەن ئورتاقچىلىق قىلايلۇق . يەر ، ئۇرۇق مەندىن بولسۇن ، تېرىش ـ پەرۋىش قىلىش سىلەردىن بولسۇن . شۇنىڭغا رازى بول-ساڭلار ، سىلەرمۇ بىمالال كۈن كەچۈرۈپ كېتىسىلەر ، — دەپتۇ . بۇ گەپ بۇلارغا ماقۇل كېلىپ رازى بوپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ دېھقان بىلەن باللار شۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىپ يا-شاشقا باشلاپتۇ .

كۈنلەردىن بىر كۈن دېھقان بىلەن ئورتاقچىلار قوغۇن تېرىپتۇ . قوغۇنلار راسا پىشقانداق ئاكا ـ ئۇكىلار قوغۇنلۇقتا ئولتۇرغانىكەن ، پادىشاھ بىرمۇنچە ئادەملىرى بىلەن سا-ياھەتكە چىقىپ ، بىر كەپىگە كۆزى چۈشۈپتۇ . ئۆزى بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ، يېنىدىكىلەرگە :

— بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار ، بۇ يەردە قانداق ئادەملەر ياشايدىكىن ، — دەپ ئەۋەتىپتۇ .

پادىشاھنىڭ ئادەملىرىدىن ئىككىسى كەپىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا كەپىنىڭ ئىچىدە بىر كىشى ياتقۇدەك . ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن يەر ـ ئاسمان لەرزىگە كەلگۈدەك . ھېلىقى ئىككى

ياساۋۇل قورقۇنچىدىن دەرھال كەينىگە يېنىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلار دۇدۇقلىغىنىچە كەپىدىكى دۆڭگە ئوخشاش ئادەم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئۇلارغا:

— سىلەر قانداق يۈرەكسىز نېمىسىلەر؟ بىر ئادەمدىن قورقۇپ ھودۇقۇپ ھالىڭلار قالماپتۇ. قېنى، كىم بېرىپ ئېنىق ئەھۋالنى بىلىپ كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

بىر نەچچە ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەپە تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان كۇچتەن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ قارىسا، بىر نەچچە ئادەم يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇلار كۇچتەنگە قاراپ:

— سەن قانداق ئادەم، يالغۇز ئۆزۈڭ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ بىز بىلەن بىللە ماڭ! پادىشاھىمىز سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلمەكچى، شۇڭا بىزنى ئەۋەتتى، — دەپتۇ. كۇچتەندىن ھېچ زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلار سۆزنى بىر - ئىككى قېتىم تەكرارلاپتۇ. يىگىت لام - جىم دېمەپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇلاردىن بىرسى ئېتىزلىققا كىرىپ، قوغۇندىن ئۈزۈپ ئېلىپ چىقىپ يېگەنىكەن. كۇچتەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ، بىر مۇشت ئۇرغانىكەن، ھېلىقى ئادەم ئۆلتۈرغان ئورنىدا مىخلانغاندەك قېتىپ قاپتۇ. قالغان ياساۋۇللار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بەدەر قېچىپتۇ. ئۇلار بېرىپ پادىشاھقا، بولغان ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ ياساۋۇللارغا:

— يالغۇز ئادەمدىن شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىڭلارمۇ، تېز بېرىپ ئەدىپىنى بېرىپ كېلىڭلار! — دەپتۇ.

ياساۋۇللار بېرىپ بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ كۇچتەننى قاپساپ ئاپتۇ. كۇچتەنمۇ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ياساۋۇللارنىڭ بەزىلىرىنى مۇشت بىلەن، بەزىلىرىنى كاللىسى بىلەن ئۇرۇپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە كەپە ئەتراپى قانغا بويىلىپتۇ. ساق قالغان ياساۋۇللار يەنە قېچىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالغا قاراپ بۇ يەردە يەنە بىر ئاز تۇرۇپ قالسا، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يېتىپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىپتۇ. شۇڭا قالغان ياساۋۇللارنى ئېلىپ شەھەر ئىچىگە قېچىپ كېتىپتۇ.

رۇستەم ئۇۋدىن قايتىپ كەلسە، ھەممە ياق قانغا بويالغان، جەسەتلەر ھەر جايدا ياتقانمىش، كۇچتەننىڭمۇ بەدەنلىرى جاراھەتلەنگەن. ئۇ بۇ يەرگە دۈشمەنلەر كېلىپ كۇچتەنگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئەمدى گەپنى پادىشاھدىن ئاڭلايلى:

— پادىشاھ شەھەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بارلىق ئەمىر - ئۇمرالارنى يىغىپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوردىدىكى پالۋانلار غەزەپكە كېلىپ:

— ئەي پادىشاھىم، ئىجازەت بەرسىلە. بىز بېرىپ ئۇ گۆدەكنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، باغلاپ ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلسەك، — دېيىشىپتۇ ۋە ھەرقايسى پالۋان قەددىنى رۇسلاپ:

«مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلغان، مەن مۇنداق ئىشلارنى قىلغان» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپتۇ.

پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ، بىر باتۇرغا:

— سەن بېرىپ، شۇ گۆدەكنى كىشىلىرى بىلەن بىللە تۇتۇپ كەل. قانچىلىك ئادەم لازىم بولسا، لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئال، — دەپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا تەگرىدىن مەدەت تىلەپتۇ. ھېلىقى باتۇر پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، لەشكەرلەر ئىچىدىن مىڭ كىشىنى تاللاپ ئۇلارنى ئېلىپ، تاغ تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. بۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، كۇچتەن تۇرغان جايغا يېقىنلىشىپتۇ. رۇستەم شەھەر تەرەپتىن چاڭ-تۇزان كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۇچتەننى ئويغىتىپ، ئىما-ئىشارەت بىلەن پادىشاھنىڭ لەشكەر ئەۋەتكەنلىكىنى، لەشكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. كۇچتەن بۇ ۋەقەنى بىلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپتۇ. لەشكەرلەر بىر-ئىككى چاقىرىمدەك يېقىنلىشىپ كەلگەندە چوڭ-چوڭ تاشلارنى لەشكەرلەرگە قارىتىپ ئېتىشقا باشلاپتۇ. بىر ئاتقان تېشى باشقا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ تاشلار خۇددى دەريا ئېقىنىدەك لەشكەرلەرگە قاراپ دومىلاپتۇ. تاشلار پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىگە، بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرىغا تېگىپ، ھەممىسى ئالغا ئىلگىرىيەلمەي توسىلىپ قاپتۇ. قوشۇن باشلاپ كەلگەن باتۇرلار بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار: «بىزمۇ ئۆزىمىزنى پالۋان دەپ، ئۆزىمىزنى تەرىپلەپ يۈرۈپتۇق. بۇ بالىنىڭ ھەر بىر ئاتقان تېشىنى بىر تۆگىگە ئاتساڭ، بېلى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۈچ بىلەن يېڭىش مۇمكىن ئەمەسكەن. بەلكى ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ، قولغا چۈشۈرۈش كېرەك» — دېيىشىپتۇ ۋە شۇ يەرگە چېدىرلىرىنى قۇرۇپتۇ. كېچە بولغاندا پالۋانلار باشلىقى ئۆزىنىڭ ھەييارلىرىغا:

— كېچىسى بېرىپ، ھېلىقى بالىنىڭ يېنىدا كىملەر بارلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپتۇ.

ھەييارلار ئۆزلىرىنىڭ ھەييارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، يېرىم كېچىدە كۇچتەن تۇرغان تەرەپكە بېرىپتۇ. قارىسا كۇچتەن بىلەن رۇستەم ئۇخلاپ قالغانىكەن. بۇلارغا بىھوش قىلىدىغان دورىنى پۈرتىپ مەست قىلىپ، كاللىسىنى ئېلىشماقچى بولۇپتۇ. لېكىن يەنە ئويلىشىپ بېقىپ «بۇلارنىڭ كاللىسىنى كەسسەك، پادىشاھ يەنە بىزدىن كايىپ قالمىسۇن» دەپ، رۇستەمنى كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ. كۇچتەننى بولسا ھېچكىم كۆتۈرەلمەپتۇ. چۈنكى ئۇ بەك ئېغىر ئىكەن. ئۇلار باشلىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— باتۇرلاردىن بىر نەچچىسى بېرىپ، شۇ گۆدەكنى كۆتۈرۈپ كەلسە بولغۇدەك. بىز ئۇنى كۆتۈرەلمىدۇق، — دەپتۇ. بىر نەچچە پالۋان بېرىپ كۇچتەننى دەبدەبە بىلەن كۆتۈرۈشۈپ كەپتۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە ھەممىسى ھېرىپ ھالى قالماپتۇ. ئاندىن ئۇلار رۇستەم بىلەن كۇچتەننى ھارۋىغا سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئۇنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ قارىسا ئىككىلا بالا ساھىبجامال شاھزادىلەرگە ئوخشايدىكەن. بولۇپمۇ

كۆچـتـەن شـۇنـداق بىر پالۋان ئىكەنكى ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. بارلىق پـالـۋانلار كـېلـىـپ ئۇنـى كـۆرۈپ: «ئۆمـرىـمـىـزدە مۇنداق باتۇرنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئەپـسـۇسكى پادىشاھ ئۇنى بىكارغا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى» دەپ ئەپسۇسلىنىپتۇ. پادىشاھمۇ ئەمـەلـدارلـىرى بـىـلـەن مـەسـلـىـھـەتـلـىـشىپ: «بۇ يىگىتلەرنى ئۆلتۈرسەك، زايا كېتىدۇ، ئۆلـتـۈرمـىـسـەك بۇلار ھوشىغا كەلسە، خۇددى ئەجدىھادەك مەملىكىتىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمدى قانداق قىلساق بولار» دەپتۇ. بىر ۋەزىر ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەي پـادىـشاھىم چوڭىنى ھوشىغا كەلتۈرەيلى. كىچىك پالۋاننى زىنداننىڭ تېگىگە تـاشلايـلـى ۋە ئۇنـىڭدىن گەپ سوراپ باقايلى. نېمە ئۈچۈن تاغلارغا كېلىپ، ماكان تۇتۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى پادىشاھ ماقۇل كـۆرۈپـتـۇ. كۆچتەننىڭ قولىرىغا كويزا سېلىپ، زىندانغا تاشلاپتۇ. ئاكىسىنى بولسا ھوشىغا كـەلـتـۈرۈپـتـۇ. ئاكـىسى بىرنى چۈشكۈرۈپ، ئورنىدىن قوپۇپ، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر مۇنچە سۆلەتلىك ئادەملەر بېشىدا قاراپ تۇرغۇدەك. بالا:

— ئەسـسـالامۇئەلەيكۇم! — دەپ ئورنىدىن قوپۇپ، تۆت تەرىپىگە تەزىم قىلىپ، بىر تەرەپكە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمەلدارلاردىن بىرى:

— ۋەئەلـەيـكۇم ئەسـسالام، — دەپ سـالامنى ئىلىك ئاپتۇ ۋە، — ئەي يىگىت، سىز كـىـمـنـىـڭ پەرزەنتى بولىسىز؟ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ شۇنىڭ سەۋەبىنى بـىـزگـە مـەلـۇم قـىـلـىڭ، — دەپتۇ. رۇستەم بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇلار كۆچتەننىڭ تىلسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

شـۇ مـەمـلـىـكـەتـتە دۇنياغا مەشھۇر بىر تېۋىپ بار بولۇپ، ھەر قانداق كېسەل ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپىدىكەن. بۇ تېۋىپ پادىشاھنىڭ يادىغا كېلىپ:

— ئەي يـىگىت، مېنىڭ پەرزەنتىم يوق ئىدى، ئەمدى سەن ماڭا پەرزەنت بولدۇڭ، ئۇ كـاڭـمـۇ مېنىڭ پەرزەنتىم بولدى. ئەمدى ئۇ كاڭنى زىنداندىن ئېلىپ چىققىن. ئۇنى تېۋىپقا ئاپـىـرىـپ داۋالىتايلى. مۇبادا تىلى چىقىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. رۇستەم زىندانغا بـېـرىـپ، زىـنـدانـدىـن ئۇكـىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇلارغا بىر نەچچە كۈن زىياپەت بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئاتا ـ بالىدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ بەرگەن ۋەدىسى بالىنىڭ يادىغا كېلىپ، پادىشاھقا:

— شاھ ئاتا، سـىـلـى تېۋىپ چاقىرىپ، ئۇكامنى ئوبدان داۋالىتىمەن دېگەن ئىدىلە. سـىـلـى بـىـلـەن ئاتـا ـ بـالا بـولـغـىـنـىمىزنىڭ يۈزىدىن بىر ئىلاج قىلىپ، ئۇكامنىڭ تىلىنى چـىـقـارسـىلا، — دەپـتۇ. پادىشاھ بىر مۇلازىمنى چاقىرتىپ نامە تەييارلاپتۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنـداق ئىـكـەن: «ئەي تېۋىپ، مۇشۇ مۇلازىم بېرىشى ھامان، بىللە ھۇزۇرۇمغا كەلگەيسىز. نـامە تامام. ۋەسسالام». مۇلازىم نامىنى قولىغا ئېلىپ، تېۋىپنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. بىر نەچچە يـۇرتنى بېسىپ، تېۋىپنىڭ يېزىسىغا بېرىپ، نامىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ. تېۋىپ نامىنى ئېلىپ كـۆرگـەنـدىن كېيىن ئەتىسى مۇلازىم بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ . ئاندىن ھەشەمەتلىك ساراي ئىچىگە كىرىپ پادىشاھقا سالام قىپتۇ . پادىشاھ تېۋىپنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىپتۇ . ئاندىن تېۋىپقا بالىنىڭ گاچا ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپتۇ . تېۋىپ :

— شۇ بالىنى كەلتۈرۈڭلار ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي ، يېشى ئۆتۈپ كەتكەنمۇ ياكى ئۆتمىگەنمۇ ، ئەگەر ئۇن ياشتىن تۆۋەن بولسا داۋالاشقا بولىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا بولمايدۇ ، — دەپتۇ . كۆچەننى ئېلىپ كېلىشىپتۇ . تېۋىپ كۆچەننىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە قاراپ ، ئۇن سەككىز ياشلارغا كەلگەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئاكىسىدىن ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سوراپتۇ . ئاكىسى : « توققۇز ياشقا كىردى » دەپتۇ . تېۋىپ :

— ئەمدى بۇنى داۋالاش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ سۈتى بولۇشى لازىم ، — دەپتۇ . كۆچەننىڭ ئاكىسى پادىشاھقا :

— ئانىمىز بار ئىدى ، لېكىن ھازىر نەدىلىكىنى بىلمەيمىز . چۈنكى بىز ئانىمىزدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە خېلى ۋاقىت بولدى ، — دەپتۇ . تېۋىپ :

— ئاناڭلارنى ئىزدەپ تاپمىساڭلار ، داۋالاشنىڭ ھېچ ئىلاجى يوق ، — دەپتۇ . رۇستەم بىلەن كۆچەن پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ ، ئانىسىنى ئىزدەشكە مېڭىپتۇ .

بۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ، ئانىسى تۇرغان جايغا بېرىپ قارىسا ، ئانىسى ئۇ-زۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان ئاچلىقتىن قىينىلىپ ، ئاخىرى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ ، ھاياتىنى ئاران ساقلاپ قالغانىكەن . لېكىن ئۇ ھەرىكەتتىن قېلىپ ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قال-غانىكەن . بۇلار ئانىسىنى تېپىپ ، ئاغزىغا شەربەت تېمىتىپ ، ھەر خىل غىزالارنى يېگۈزۈپتۇ . بىر نەچچە كۈن ئۇ يەردە تۇرغاندىن كېيىن ، ئانىسىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپتۇ . تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئانىسىنى كۆرسىتىپتۇ . تېۋىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ئەي پادىشاھىم ، دەشتى كەبىردە بىر دەرەخ بار . شۇ دەرەخنىڭ سۈتىدىن ئېلىپ كېلىپ ، ئانا سۈتى بىلەن قوشۇپ بالىغا ئىچكۈزسە ، ئاندىن ئۇنىڭ تىلى چىقىدۇ . ئەپسۇسكى ھازىر مەندە ئۇ دەرەخنىڭ سۈتىدىن يوق . لېكىن سۈتنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يول بەك خەتەرلىك . مانا شۇ سۈتتىن ئالدۇرۇپ كەلمىسىلە ، ئىلاجى يوق ، — دەپتۇ .

پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بارلىق پالۋانلىرىنى يىغىپ :

— ئەي پالۋانلىرىم ، بىر مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى . ئۇ بولسىمۇ دەشتى كەبىرگە بې-رىپ ، بىر دەرەختىن سۈت ئېلىپ كېلىش . شۇ سۈتنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن شۇنداق نۇرغۇن ئىنئام ـ ئېھسان بېرىمەنكى ، يەتمىش پۇشتىغىچە يەپ تۈگىتەلمەيدۇ ، ھەمدە بىر شەھەرنىڭ ھاكىملىقىنى بېرىمەن ، — دەپتۇ . بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرار ئېيتىپتۇ . لېكىن ھېچكىمدىن سادا چىقماپتۇ . ئاخىر بىر ۋەزىر ئورنىدىن قوپۇپ :

— ئەي تەقسىر ، پادىشاھى ئالەم ، ئەگەر ماڭا ئىجازەت بەرسىلە ، ئاشۇ ئىككى بالىنىمۇ ماڭا قوشۇپ قويسىلا ، بېرىپ شۇ سۈتتىن ئېلىپ كەلگەيمىز ، — دەپتۇ .

پادىشاھ ھېلىقى ۋەزىر بىلەن كۈچەن ھەم ئاكىسى رۇستەمنىمۇ قوشۇپ يولغا ساپتۇ. ئۇلار بىللە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپتۇ. باغنىڭ ئىچىدىن ساقاللىرى ئۆسكەن، ھەرىكەتلىرى قوپال كىشىلەر چىقىپ، بۇلارنىڭ يولىنى توساپ: «بۇ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن باج ئالىمىز، بولمىسا، ئۆتكۈزمەيمىز»، دەپ ھەيۋە قىلىشىپتۇ. بۇلار:

— بىز سودىگەر بولساق ئىدى، ماللىرىمىزدىن باج ئالساڭلار بولاتتى. بىز بىر يولۇچى تۇرساق، ياخشىسى بىزنى قويۇپ بېرىڭلار، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇلار زادى ئۇنىماپتۇ. رۇستەم ئۇكىسىغا ئىشارەت قىلىپ قويغانىكەن. كۈچەن ئۇلارنى بىرىنىڭ ئۇستىگە بىرىنى ياتقۇزۇپ، ئۇستىدىن بىر يوغان تاش بىلەن باستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇلار يولغا راۋان بوپتۇ. بۇلار يولغا كېتىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى تاش تېگىدە بېسىلىپ ياتقان كىشىلەردىن ئاڭلايلى:

بۇ كىشىلەرنىڭ باشلىقى خېلى ساقلاپ بېقىپتۇ. شېرىكلىرىدىن دېرەك بولمىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇلار چىقىپ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ، باشقا بىر ياققا كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، چىقىپ قارىسا، ئۈچ پالۋان تاشنىڭ تېگىدە ھوشىدىن كېتىپ يېرىم جان ياتقۇدەك. دەرھال ئۇلارنى تاشنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ ئۆيگە ئەكىرىپتۇ ۋە قالغان قاراقچىلارغا:

— بىر نەچچە كىشى كېلىپ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە ئازار بېرىپتۇ. ئەمدى سىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن، مازاندىران جاڭگىلىغىچە قوغلاڭلار. ئەگەر مازاندىران جاڭگىلىنىڭ بۇ يېقىدا يېتىشۋالساڭلار، تۇتۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر مازاندىران جاڭگىلىغا يېتىپ بولغان بولسا، گەپ قىلماي يېنىپ كېلىڭلار. ئۇلار ئۇ جايدىن ھەرگىز ساق ئۆتەلمەيدۇ، ئۇ يەردىكى ئېيىق، ئەجدىھا ۋە يولۋاسلار ئۇلارنى يەپ كېتىدۇ، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. قاراقچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ.

ۋەزىر بىلەن بالىلار بىر دەريانىڭ بويىغا بېرىپتۇ، دەريادىن قانغۇچە سۇ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ ۋە دەريادىن ئۆتۈپ بىر مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار كەينىگە قارىسا ئارقىسىدىن قاراقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇلارمۇ بىر ئېگىزلىككە چىقىپ، قوللىرىغا سالمىلىرىنى ئېلىپ، قاراقچىلارغا قارىتىپ تاش ئېتىپتۇ. قاراقچىلار بۇ ئېگىزلىكنى قورشاپ، ھەر تەرەپتىن كېلىپ، بۇ ئۈچەيلەننى باغلىۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما كۈچەن ھېچكىمگە بوي بەرمەستىن، يېنىغا چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ، مۇشۇك چاشقانىنى قىيناپ ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرسە، بەزىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. بەزىلىرىنىڭ چاترىقىنى يىرىپ تاشلىسا، بەزىلىرىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ، ئېگىزلىكتىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. قاراقچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپ:

— بۇ زادى قانداق ئادەمدۇ؟ ئادىمىزات ئىچىدە مۇنداق ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئەمدى بولدى، قالغانلىرىمىز توختاپ قالايلى، بۇنىڭغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن... —

www.uyghurkitap.com

دېيىشىپ، كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ.

ۋەزىر بىلەن ئاكا - ئۇكىلار يەنە يولىغا راۋان بوپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر جايغا يېتىپ بارسا، ئالدىدا ئۈچ ئاچا يول پەيدا بوپتۇ. بىرسى — مازاندىران جاڭگىلىنىڭ يولى، يەنە بىر خۇراسانغا بارىدىغان يول، يەنە بىرى — دەشتى كەبىرنىڭ يولى ئىكەن، بۇلار شۇ جايدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە دەشتى كەبىرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدا بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئاق ئۆيگە يېقىنلىشىپ بارغانسكەن، بىر كۈچۈك يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇلارغا ئېتىلىپتۇ. كۈچتەن كۈچۈكنى تۇتۇۋېلىپ، بىر تاشنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاق ئۆي ئىچىدىن كۈچۈكنىڭ ئىگىسى چىقىپ قارىسا، كۈچۈكنىڭ ئاۋازىمۇ چىقمىغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئۇ بىر يولۋاسنى ئەۋەتىپتۇ. يولۋاس بۇلار تۇرغان جايغا قاراپ بالا - قازادەك ئېتىلىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ۋەزىر بىلەن رۇستەم قورقۇپ كېتىپ، كۈچتەننىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. كۈچتەن ئېتىلىپ كەلگەن يولۋاسنى تۇتۇۋېلىپ، كانىيىدىن سىققانىكەن، يولۋاسنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ جېنىدىن جۇدا بولۇشقا تاس قاپتۇ. يولۋاس كۈچتەننىڭ ئايىغى ئاستىدا يېتىپ، يۈز - كۆزلىرىنى بالىنىڭ ئايىغىغا سۈركەپتۇ.

بۇ ئاق ئۆي ئەسلىدە بىر پادىچىنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قوتان قويى بار ئىكەن. پادىچى قوي باققىلى كەتكەندە ئاق ئۆيدە خوتۇنى بىلەن قىزى قالىدىكەن. قىز شۇنداق پالۋانكەنكى، ئەگەر ئۇ قويلارنى بېقىپ يۈرگەندە بۆرىلەر كېلىپ ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، بۆرىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىدىكەن. ئەگەر ئورمان - توقايلىققا بارسا، شىر قاپلانلارنىمۇ تۇتۇپ ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىكەن.

يولۋاسىمۇ جىمىپ كەتكەندىن كېيىن پادىچىنىڭ خوتۇنى شىرنى قويۇپ بېرىپتۇ. شىرمۇ غەزەپ بىلەن ئاكا - ئۇكىلار تۇرغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇلارغا يېقىنلىشىپ ئۇن قەدەم قالغاندا جايىدا توختاپ، كۈچتەنگە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. بالىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ، كىرپىك قاقماي تۇرۇپتۇ. ئاخىرى شىر كۈچىنى توپلاپ، كۈچتەنگە قاراپ ئېتىلىپتۇ ۋە بالىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. بالىنى يەرگە نىقتاپتۇ. شۇ چاغدا بالا چاققانلىق بىلەن شىرنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، يەرگە شۇنداق ئۇرۇپتىكى، شىر ھوشىدىن كېتىپتۇ.

پادىچىنىڭ خوتۇنى خېلى ساقلاپتۇ. لېكىن شىردىنمۇ دېرەك بولماپتۇ. ئاخىرى قىزىنى ئۈيغىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ قىزىغا ھايۋانلارنى بوشىتىپ قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قىز ئورنىدىن قوپۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا، يىراقتا ئېگىز بويلۇق بىر كىشى كۆرۈنۈپتۇ. قىز شۇ كىشى تۇرغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. يېقىن بارغاندا كۆرۈپتۇكى، ئىككى كىشى تۇرغۇدەك، يەنە بىر يىگىتنىڭ ئايىغىنىڭ تېگىدە شىر، يەنە بىر تەرەپتە يولۋاس ياتقانمىش. كۈچۈك بولسا بىر چوڭ تاشنىڭ تېگىدە ياتقۇدەك. قىز كۈچۈكنىڭ ئۈستىدىكى تاشنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئېلىپ، كۈچتەنگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. بالا تاشنى تۇتۇۋېلىپ، غەزەپ بىلەن باشقا تەرەپكە تاشلاپتۇ. قىز

غەزەپلىنىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ كۆچەتەنگە ئېسىلىپتۇ. ئىككىسى ئۇزۇنغىچە ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى ھېچقايسىسى يېڭەلمەپتۇ. قىزنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، ئاق ئۆيگە قاراپ كېتىپ قاپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ، كېلىپ يەنە ئېلىشىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە ئېلىشىپ، يەنە كىيىملىرى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى كېچە-كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى رۇستەم ئىما-ئىشرەت بىلەن قىزنى قانداق يېقىتىشنى ئۆگىتىپتۇ. كۆچەتەن قىزنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. ئاندىن قىزنىڭ ئۈستىگە بىر تاشنى باستۇراي دېگەنىكەن، رۇستەم ئۇنىماپتۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. بۇ چاغدا پادىچىمۇ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەنىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىچى ئاكا-ئۇكىلارنى چاقىرىپ:

— سىلەرنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشىڭلاردىكى مەقسەت نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇلار بولغان ۋەقەلەرنى پادىچىغا بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرەخ سۈتى ئالغىلى ماڭغانلىقىنى سۆزلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىچى بىلەن دوست بولۇپ قاپتۇ. پادىچى بالىلارنى ھېلىقى دەرەخ بار جايغا باشلاپ بېرىپتۇ ۋە بىر قاچىغا دەرەخنىڭ سۈتىدىن ئېلىپ بېرىپ، بىر قانچە كۈن مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا پادىچىنىڭ قىزى ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، مەن: «كىمكى مېنى يېقىتسا، شۇنىڭ نىكاھىدا بولىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدىم. ئەمدى مەن شۇلار بىلەن كېتىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

پادىچى رازى بوپتۇ. بۇلار «ئۈچ ئىدۇق، تۆت بولدۇق» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. قاراقچىلار يولغا ئازگال كولاپ قوزۇق قېقىپ ئۈستىگە شاخ-شۇمبا تاشلاپ قويغانىكەن. بۇلار بىر يەرگە جايلىشىپ، ئەمدى ئارام ئالايلى دەپ تۇرسا، قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ، ھەر تەرەپتىن ئوقيا ئېتىپ ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپتۇ. بۇلار بۇ يولدىن قانداق ئۆتۈپ كېتىش توغرىسىدا ئويلىشىپتۇ. ئۇدۇل مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەيلى دېسە چوڭقۇر ئازگالدىن ئۆتۈش قىيىن ئىكەن. يولنىڭ بىر تەرىپى دەريا، بىر تەرىپى تاغ ئىكەن. ۋەزىر مەسلىھەت بېرىپ:

— مۇشۇ قاراقچىلار تەرەپكە ئېقىپ بارىدىغان ئېقىننى كۈندۈزى توساپ قويۇپ سۇنى قايدۇرۇپ، ئاندىن كېچىسى قويۇۋېتەيلى. بۇلارنىڭ تۇرغان جايىنى سۇ بېسىپ، قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. شۇنداق قىلساق بۇ توساقتىن ئۆتۈشنىڭ ئىلاجى بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇلار سۇنى بوغۇپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز سۇ يىغىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە سۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. يېرىم كېچىدە قاراقچىلار تۇرغان جايىنى سۇ بېسىپ ئۆيلىرى سۇنىڭ تېگىدە قاپتۇ. ھەممىسى جان ساقلاشنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. كۆچەتەن كېلىپ قاراقچىلار توسقان توساقنى ئۆرۈپ تاشلاپتۇ. ئۇلار بۇ جايدىن سالامەت ئۆتۈپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇلار نۇرغۇن يول يۈرۈپ، ئاخىر ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. دەرەخ سۈتىنى تېۋىپقا كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپ سۈتنى ئېلىپ، كۆچەتەننى داۋالاشقا كىرىشىپتۇ. كۆچەتەننى بىر نەچچە

كۆن ئاچ قويۇپ، بەلگىلەنگەن بىر خىل دورىلىق غىزانى يېگۈزۈپ، تىلىنىڭ تومۇرلىرىغا نەشتەر ئۇرۇپتۇ. قىرىق كۈن دېگەندە كۆچەتەن ئاستا ـ ئاستا سۆزلەيدىغان بوپتۇ. ئاندىن تېۋىپ پادىشاھقا ئىلتىماس قىلىپ:

ــ ئەمدى بۇ بالىنى مېنىڭ قولۇمغا بەرسىڭىز، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قىرىق كۈن داۋالاي. چۈنكى مېنىڭ ئۆيۈمدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇنچە دەردمەنلىرىم بار، ئۇلارنىمۇ داۋالايمەن، ــ دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن تېۋىپ كۆچەتەننى ئۆيىگە ئاپىرىپ داۋالىق داۋالاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە روھى كېسەللەر ۋە باشقا ھەر خىل كېسەللەرمۇ بار ئىكەن. تېۋىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىرىق كۈن ئىچىدە باشقا كېسەللەرمۇ شىپا تېپىپ، ھەر قايسى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ. تېۋىپ كېتىدىغان كىشىلەرنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ئۇلاردىن نېمە سەۋەبتىن كېسەل بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىدىكەن. بىر بوۋاي مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي ئەزىز تېۋىپىم، مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ ياخشى ئىش قىلدىڭىز، لېكىن ئىچىمدىكى دەردىمنى بىلەلمىدىڭىز، ــ دەپتۇ. تېۋىپ:

ــ ئىچىڭىزدىكى دەردىڭىزنىڭ ئالامەتلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، بەلكى ئۇنىڭغىمۇ دەرمان بولۇرمەن، ــ دەپتۇ. بوۋاي بىر يىغلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، يالغۇز قىزىنىڭ چاھار باغدىن يوقالغانلىقىنى، شۇنىڭ دەردىدە سەۋدايى بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا ئىككىنچى بىر كىشىمۇ بىر ئاھ ئۇرۇپتۇكى ئاغزىدىن ئوت چىقىپ كەتكەندەك بوپتۇ. تېۋىپ:

ــ سەن نېمە ئۈچۈن ئاھ ئۇردۇڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەي ماھارەتلىك تېۋىپ، ــ دەپتۇ ئۇ، ــ بۇ بوۋاي بىر كىشى ئۈچۈن سەۋدايى بولغان بولسا، مەن ئىككى كىشى ئۈچۈن دىۋانە بولۇپ يۈرگەندىم. بىرى خوتۇنۇم، يەنە بىرى ئوغلۇم. مېنىڭ خوتۇنۇم، دەل مۇشۇ بوۋاينىڭ قىزى ئىدى. ئوغلۇم ئانىسىنى ئىزدەپ مەن دەپ غايىپ بولدى. شۇڭا مېنىڭ ئۆزۈم ساقايغان بولساممۇ، يۈرىكىم ساقايمىدى، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان رۇستەم پەرياد قىلىپ ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تېۋىپ، بىرى پادىشاھنىڭ كۈيئوغۇلى، بىرى ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئاندىن ھەممىسى بىر بىرى بىلەن تېپىشىپ، تېۋىپقا دۇئا قىلىپ:

ــ سىز ھەقىقىي تېۋىپ ئىكەنسىز، كېسىلىمىزنى داۋالىدىڭىز، يۈرىكىمىزنىمۇ داۋالىدىڭىز، ــ دەپ، زور ئىنئاملارنى بېرىپتۇ. بارلىق ئاتا ـ ئانا، پەرزەنتلەر بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشىپ، پادىشاھ قىزى، كۈيئوغۇلى، نەۋرىسى بىلەن ئۆز مەملىكىتىگە كېتىپتۇ. كۆچەتەننىڭ تىلى چىقىپ، تىلىنى داۋالاتقان پادىشاھقا ئوغۇل بوپتۇ. توي ـ تاماشالار قىلىپ، كۆچەتەنگە پادىچىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ. سىزلەرمۇ يېتىڭلار مۇرادقا، بىزمۇ يېتەيلۇق مۇرادقا، دۈشمەنلەر قالسۇن ئۇياتقا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئامىنە ئىسمائىل

رەتلىگۈچى: ئىرادە رەھىم.

# ئۈچ يالغانچى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا ئەمەت ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن. بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئائىلىسىدە ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. ئۇ، ئۆيىدە بىكار يۈرۈشنى خالىماي «دادامۇ كاتتا سودىگەر ئىدى، شەھەر كېزىپ يۈرۈپ ئېسىل ماللارنى ئەكېلىپ ساتاتتى. سودىگەرچىلىكتە پۇل تېپىپ باي بولغانىدى. مەنمۇ ئاتا كەسىپىمنى تېپىپ قىلاي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بارلىق پۇل ـ پۇچەكلىرىنى نەخلەپ خۇرجۇنغا قاچىلاپتۇ. خۇرجۇننى ئاتقا ئارتىپ ئۈستىگە مىنىپ يىراق بىر شەھەرگە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يولدا باشقا ھەمراھلىرىنىمۇ قېتىلماي، ئۆزى يالغۇز مېگىپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەردە بىرەر يولۇچىمۇ ئۇچرىماپتۇ. چۈشكەن دەڭلەردە ئۆزى يالغۇز يېتىپ ـ قوپۇپ يالغۇزچىلىقتا بەكمۇ غېرىپسىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ شەھەرگە قايتىپ كېتىشكىمۇ كۆڭلى تارتماپتۇ.

ئاخىر يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتۇ.

سۈيى ئۇلۇغ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ بۇ يىگىتنىڭ تېنى سۈركىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ دەريادىن ئۆتىدىغان كۆۋرۈك ياكى كېمە بارمىكىن دەپ، دەريانى ياقىلاپ يۇقىرىسىغا بىر كۈن مېڭىپتۇ. كېمە ياكى كېچىك ئۇچرىماپتۇ. ئارقىسىغا يېنىپ تۆۋىنىگە قاراپ ئىككى كۈن ماڭغانىكەن، ئىلگىرى كارۋانلار ئۆتكەن ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئىزلىرى بار بىر كەڭ كېچىك ئۇچراپتۇ. ئەمەت دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ، دەرياغا كىرەيمۇ ياكى كىرمەيمۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىر «تەۋەككۇل» دەپ ئېتىنى دېۋىتىپ دەرياغا سېپتۇ. ئات گاھ ئۈزۈپ، گاھ لەيلەپ دەريانىڭ قاپئوتتۇرىغا كەلگەندە، بىر قارا ئات مىنگەن ئادەم دەريانىڭ بويىغا كېلىپ:

— ھەي بالا جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ ئارقاڭغا يان، دەريادا لەھەڭ بار. ئېتىڭ بىلەن قوشۇپ دەم تارتىپ كېتىدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەمەت ئاتىنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ بولغۇچە، خۇددى بىرسى ئاغامچا بىلەن باغلاپ تارتقاندەك بىر تەتۈر قاينام ئۇنى سۈمۈرۈپ كېتىۋاتقىدەك. ئەمەت دەرھال ئاتتىن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپتۇ. ئۇ دەريادا بىر كۈن ئېقىپ، ئۆلەر ھالغا يەتكەندە بىر لايداڭغا چىقىپ قاپتۇ. ئەمەت لايداڭدا يېرىم كۈن يېتىپ، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئۆزى لايداڭدا ياتقان، ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا دەريانىڭ گىرۋەكلىرى ئورمانزارلىق ئىكەن. ئۇ گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۆۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ئەمەت ئەنسىزچىلىك ئىچىدە: «مەن پۇل ـ پۇچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىمدىن ئايرىلدىم،

ئېتىمدىنمۇ ئايرىلدىم. بۇنى ئازدەپ بۇ ئادىمىزات يوق ئورمانلىقتا ياۋايى هايۋانلارغا يەم بولدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئۆز جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئولتۇرسا، ئورمانلىقتىن بىر كېيىك چىقىپ دەريادىن سۇ ئىچىپتۇ. قارىسا كېيىكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، دۈمبىسىگە گۈللۈك لاتىدىن يوپۇق يېپىپ تۆشنى تارتىپ قويۇپتۇ. كېيىك ئالدىرماي سۇ ئىچىپ ئارقىسىغا يېنىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەمەت مۇشۇ ئەتراپتا ئادەم بارلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ كېيىك ماڭغان ئىز بىلەن ئۈچ چاقىرىمچە يول ماڭغانىكەن، ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ بىر چۆل ـ جەزىرىگە چىقىپ قاپتۇ. چۆلنىڭ قاپئوتتۇرىسىدا بىر باغ بار ئىكەن، كېيىكنىڭ ئىزى باغقا كىرىپ كېتىپتۇ. باغنىڭ ئىچىگە قارىسا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇپا بولۇپ، بىر قىز هېلىقى كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ ئولتۇرغۇدەك. ئەمەت قىزنى كۆرگەن هامان، قىزنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوت چىقىپ ئەمەتنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىپتۇ ـ دە، «ئاھ» دەپلا هوشىدىن كېتىپتۇ. بىر چاغدا هوشىغا كېلىپ قارىسا، قىز يوق. ئەمەت قىزنىڭ پىراقىدا يىغلاپ ئولتۇرسا، چۆل ـ باياۋان تەرەپتىن بىر موماي پەيدا بولۇپ، ئەمەتنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ مومايغا سالام قىپتۇ. موماي، ئەمەتتىن هال ـ ئەهۋال سوراپ، ئەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمەت تاقىتى ـ تاق بولغان هالدا:

— ئەي ئانا، باغدىكى قىز كىمنىڭ قىزى؟ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇنى بىر كۆرۈپلا يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى، قىزنىڭ پىراقىدا ئەقلى ـ هوشۇمنى يوقىتىپ ئۆلەر هالغا يەتتىم، — دەپ زار ـ زار يىغلاپتۇ.

ئەمەتنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان موماي ئەمەتكە ئىچ ئاغرىتىپ:

— قىزنىڭ دادىسى، دۇنيانىڭ راهەت ـ پاراغىتىدىن كېچىپ، ئۆز شەهرىنى تاشلاپ، مۇشۇ جاڭگالنى ماكان قىلغان پادىچى، بايلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى باقىدۇ. بايلار ئىنساپ قىلىپ پادا هەققى ئۈچۈن بىرنەرسە بەرسە ئالىدۇ، بەرمىسە ئۆز كۆڭلىگە شۈكرى قىلدى. قىزى ئاشۇ كېيىنكى سېغىپ ئىككى قاچا سۈت چىقسا بىر قاچىدىن ئىچىپ شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ. ئۆزى ناهايىتى تەقۋادار بوۋاي. قىزنىڭ ئىسمى گۈلخان. ئۇ تولىمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، شەرمى ـ هايالىق قىز. قىزغا ئاشىق بولساڭ بوۋاينىڭ ئالدىغا بارغىن، بوۋاينىڭ ئوغلى يوق، بوۋاي گەپ سورىسا: «ئوغلى يوققا ئوغۇل، قىزى بارغا بالا بولاي دەپ كەلدىم» دېسەڭ، سېنى ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلسا، قىزنى ساڭا بېرەر، — دەپتۇ. موماي شۇندىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

ئەمەت بوۋاينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. چۈش مەهەل بىلەن بوۋاي مال ـ چارۋىلىرىنى هەيدەپ كېلىپ قوتانغا سولاپتۇ. ئۆزى باغقا كىرىپ ئارام ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ئەمەت باغقا كىرىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بوۋايغا تەزىم قىلغانىكەن، بوۋاي:

— ئەي ئوغلۇم، نەدىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ ئوغلى بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزۈم پالانى شەهەردىن كەلدىم. ئاتا ـ ئانام ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يوق، ئوغلى يوققا ئوغۇل، قىزى بارغا بالا بولاي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ ئەمەت.

— مېنىڭ ئوغلۇم يوق، ئوغۇل بولۇڭ. قىزىم بار، ماڭا بالا بولامسىز؟ — دەپتۇ بوۋاي.

ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بوۋا، سىلى رازى بولسىلا مەن سىلىگە بالا بولاي، — دەپ، بوۋايغا قايتىدىن تەزىم قىلىپ، ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي قىزىنى چاقىرىپ داستىخان تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. گۇلخان چاققانلىق بىلەن داستىخان تەييارلاپتۇ. بوۋاي ئەمەتنى داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. ئەمەت بوۋاي بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىپتۇ. ئۇلار كۈن كەچ بولغاندا ئارام ئېلىشىپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ئەمەت بوۋايغا ياردەملىشىپ بىرنەچچە ئاي مال بېقىپ، بوۋاينىڭ خىزمىتىدە بولۇپتۇ. ئۇ ھەر تەرەپتىن بوۋاينىڭ كۆزىگە بارغانسېرى ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ. بوۋاي ئەمەتنى ھەر جەھەتتىن سىناپ بېقىپتۇ. ئەمەتتىن ھېچقانداق ئەيىپ تاپالمىغان بوۋاي قىزى گۇلخاننى ئەمەتكە نىكاھ قىلدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەمەت گۇلخانغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئىككىسى بىرقانچە يىل بوۋاينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بوۋاينىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئەمەت بىلەن گۇلخاننى ئالدىغا چاقىرىپ دۇئا قىلىپ، «ئەمدى ئۆي تۇتۇۋېلىڭلار» دەپ رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەمەت گۇلخاننى ئېلىپ شەھەرگە كېلىپ بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەمەت بىلەن گۇلخان مەسلىھەتلىشىپ تۇرمۇشنى قانداق قامداشنى ئويلىشىپتۇ. گۇلخان ئەمەتنى بازارغا بۇيرۇپ ھەر خىل يىپ ئەكەلدۈرۈپ بىر دانە كەشتە ياغلىق ئىشلەپتۇ. گۇلخان ياغلىقنى ئەمەتكە بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ياغلىقنى بازارغا ئەچىقىپ باھاسىغا يەتكۈزۈپ سېتىپ، پۇلىغا ئاش – ئوزۇق ۋە گۆش – ياغ ئېلىپ كېلىڭ. بىرەرسى «ياغلىقنى كىم ئىشلىگەن؟» دەپ سوراپ قالسا، ئانام ئىشلىگەن دەڭ. ھەرگىز ئايالىم ئىشلىگەن دېمەڭ، — دەپ جېكىلەپ ئەمەتنى يولغا ساپتۇ.

ئەمەت ياغلىقنى بازارغا سالغانىكەن، خېرىدارلار ياغلىقنى كۆرۈپ، ئۆزئارا تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئەمەتمۇ ياغلىقنىڭ باھاسىنى بارغانسېرى ئۆستۈرۈپ يۇقىرى باھا قويۇپتۇ. چۈنكى، كىشىلەر بۇ خىلدىكى ياغلىقنى مۇشۇكەمگىچە بۇ شەھەردە كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئارىدىن بىر پايلاقچى ياغلىقنىڭ خەۋىرىنى ۋەزىرگە يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر ئادەم ئەۋەتىپ ئەمەتنى ياغلىق بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ھەيدەپ كەپتۇ. ئاچكۆز ۋەزىر ياغلىقنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزۇپ ياغلىقنى تارتىۋېلىش قارارىغا كەپتۇ ۋە «بۇ ياغلىقنى ئوردا خەزىنىسىدىن ئوغرى ئېلىپ كەتكەن، ئوغرىنى تاپالماي تۇراتتىم. ياغلىقنى سەن كىمدىن ئالدىڭ؟» — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرسى ئەمەت بىلەن گۇلخاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەن. ئۇ، ۋەزىرنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلداپ گۇلخاننىڭ ھۆسنى – جامالىنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاپ، بۇ ياغلىقنى گۇلخاننىڭ ئىشلىگەنلىكىنى بىر – بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر گۇلخانغا غايىبانە ئاشىق بولۇپتۇ، گۇلخاننى ئەمەتتىن تارتىۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ، ئەمەتكە «ياغلىق ئوغرىسى» دەپ تۆھمەت چاپلاپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئاندىن ئاچكۆز ۋەزىر ياساۋۇللىرىنى بۇيرۇپ، گۇلخاننى «بۇزۇق ئايال» دېگەن بەتنام بىلەن ئوردىغا سۆرەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا نەزەربەنت قىپتۇ. ۋەزىر كۆڭلىدە «خالايىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، يوشۇرۇن بېرىپ، گۇلخان بىلەن

www.uyghurkitap.com



ئەيشى - ئىشرەت قىلىپ مۇرادىمغا يېتىمەن » دەپ خام خىيال قىپتۇ ؛ ئەمما قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپ تاڭ ئېتىپ قاپتۇ ، شۇنداق قىلىپ ئاچكۆز ۋەزىر مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ .

بۇ شەھەردە ناھايىتمۇ ھىيلىگەر بىر ئادەم بولۇپ ، بۇ ئادەم ۋەزىرنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر ساھىپجامال كېنىزەككە ئاشىق ئىكەن . شۇ ئاخشىمى كېلىپ ۋەزىرنىڭ ئۆگزىسىگە چالما تاشلاپتۇ . گۈلخان شەپىنى ئاڭلاپ ، ئەمەت كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ . دەرەخكە ئېسىلىپ باغقا چۈشۈپتۇ . باغ بىلەن يولغا چىقىپ شەپە بولغان تامنىڭ تۈۋىگە كەلگەنىكەن ، بىر ئادەم ساقلاپ تۇرۇپتۇ . گۈلخانىنى كۆرۈپ شەھەر دەرۋازىسىنى شەرەت قىلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ . گۈلخان قاراڭغۇدا پەرق ئېتەلمەي گۇمانسىرىغان ھالدا ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قاپتۇ . تاڭ ئاتقاندا قارىسا ، ئەمەت بولماستىن يات ئادەم ئىكەن . گۈلخان ئاھ ئۇرۇپ زار - زار يىغلاپتۇ . ئۇلار چۆل باياۋان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ، بىر ياداڭلىققا كەلگەندە قارشى تەرەپتىن توپا - چاڭ كۆرۈنۈپتۇ . ھېلىقى ھىيلىگەر ئادەم بۇنى كۆرۈپ : «ۋەزىر بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ، گۈلخانىنى تاشلاپ ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ . توپا - چاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن قارىسا ۋەزىر بولماستىن تۆگە مىنگەن يولۇچى ئىكەن . ئۇ ، گۈلخانى تۆگىسىگە مىندۈرۈپ باياۋان تەرەپكە قاراپ تۆگىنى سۈرە - سۈر قىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ . ھېلىقى ھىيلىگەر ئۇنىڭ ۋەزىر ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ ، ئارقىسىدىن قوغلاپ تۆگىچىگە يېتەلمەپتۇ ،

ھىيلىگەر تۆگىنى قوغلىغاچ تۇرسۇن . گۈلخان خۇداغا نالە قىلىپ «ئېرىم ئەمەت بىلەن كۆرۈشتۈرسەڭ » دەپ يىغلايدىكەن .

تۆگە مىنگەن كىشى تۆگىسىنى سۈرۈپ بۇ مەملىكەت تەۋەسىدىن چىقىپ باشقا مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ . شەھەر پادىشاھى ۋەزىر - ئۆلىمىلىرىنى باشلاپ شىكارغا چىققانىكەن . تۆگىچى گۈلخانىنى ئەپقېچىپ كېلىپ ، پادىشاھقا ئۇچراپ قاپتۇ . پادىشاھ بۇ ئادەمدە بىر ئىش بار دەپ گۇمان قىلىپ :

— نېمە ئادەمسەن ؟ بۇ خوتۇن نېمەڭ بولىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . تۆگە مىنگەن ئادەم :

— مەن پالانى شەھەردىن كەلدىم . بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ ، — دەپ جاۋاپ بېرىپ تۇرۇشىغا ، ۋەزىر ئېتىنى چاپتۇرۇپ قوغلاپ كەپتۇ ۋە پادىشاھقا تازىم قىلىپ :

— بۇ خوتۇن مېنىڭ كېنىزىكىم ئىدى ، ماۋۇ ئادەم كېنىزەككە ئاشىق ئىكەن ، ئىككىسى بىرلىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ . ئىز ئىزدەپ كەلگەنىدىم ، بۇ يەردە ئىكەن ، ئاران تاپتىم . ئۆزلىرىدىن ئۈمىدۋارمەن ، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ .

ئارقىسىدىن ھېلىقى ھېلىگەر ئادەم يېتىپ كېلىپ :

— دات پادىشاھى ئالەم ، بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ . ۋەزىر نىيىتىنى بۇزۇپ ئۆيۈمدىن بۇلاپ ئەپچىقىپ كەتكەن . مەن ئاخشام بېرىپ خوتۇنۇمنى ئەپچىقتىم . ۋەزىرنىڭ كۆزىدىن يىراق كېتەي دەپ يولدا كېلىۋاتسام ، تۆگە مىنگەن ئادەم ئۇچرىدى ، «خوتۇنۇم ھېرىپ

قالدى، بىردەم تۆگىڭىزگە مىندۈرۈۋالسىڭىز ساۋاب بولار» دېسەم، خوتۇنۇمنى تۆگىگە مىنگەشتۈرۈپ، تۆگىسىنى سۆرىگىنىچە قېچىپ كەتتى. مەن پىيادە تۆگىگە يېتەلمىدىم. مانا ئۇ ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ، — دەپ پادىشاھنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئۈچ ئادەمنىڭ ئۈچ خىل يالغان گېپىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولۇپ:

— بۇ يالغانچىلارنى زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپ ئەمر قىپتۇ. گۈلخاننى ئوردىغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى ئوۋغا كېتىپتۇ. پادىشاھ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، گۈلخاننى كېنىزەكلەر قاتارىدا كىيىندۈرۈپتۇ. ئون نەچچە كېنىزەككە قوشۇپ ئېلىپ چىقىپ، ئۈچ يالغانچىنى زىنداندىن چىقىرىپ كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— تۆگىچى بىلەن بىللە كەلگەن ئايالنى قايسىڭلار تونۇپ ئىسمىنى دەپ بېرەلىسەڭلار، ئۇ ئايال شۇ كىشىگە بۇيرۇپ بېرىلىدۇ.

پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئۈچ يالغانچى گۈلخاننى تونۇماي ھەرقايسىسى بىردىن كېنىزەكنىڭ پېشىگە ئېسىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ، يەرگە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. پادىشاھ گۈلخاندىن:

— سىز كىمنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىڭىزنى راستلىق بىلەن سۆزلەڭ، — دېگەنىكەن، گۈلخان بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر بىر - بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ، ئۆز ئېرىنىڭ زىنداندا قاماقلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ زار - زار يىغلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ، تۆگە مىنگەن كىشى بىلەن ھېلىقى ھىيلىگەر ئادەمنى نەسىھەت قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ قول - پۇتىنى كىشەنلەپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئەمەتنى قاچان ئەكەلدۈرۈپ گۈلخان بىلەن كۆرۈشتۈرسە شۇ چاغدا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

ئاچكۆزۋەزىر نائىلاج ئۆز مەملىكىتىگە خەت يېزىپ ئەمەتنى زىنداندىن چىقىرىپ ئۆزى زىندانغا چۈشكەن شەھەرگە كەلتۈرۈپ پادىشاھقا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئەمەتنى گۈلخانغا كۆرسىتىپتۇ. گۈلخان ئەمەتنى كۆرۈپ «مېنىڭ ئېرىم مۇشۇ» دېگەندىن كېيىن، ئاندىن ۋەزىرنى قويۇپ بېرىپ، ئۆز شەھىرىگە كېتىشكە رۇخسەت قىپتۇ. پادىشاھ تولىمۇ ئادىل، پۇقراپەرۋەر كىشى ئىكەن. گۈلخاننى ئەمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئوردىدىكى بىر قوروغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىپتۇ. ئەمەت خەلقپەرۋەر پادىشاھنىڭ ئادالىتى بىلەن بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ، خوتۇنى گۈلخان بىلەن قايتا تېپىشقانلىقىغا كۆپ خۇرسەن بولۇپتۇ. پادىشاھقا يۈز مىڭ تەشەككۈر ۋە رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەمەت پادىشاھقا: «ئۆز يۇرتۇمغا كەتمەي ئۆزلىرىگە پۇقرالىق قىلىپ، مۇشۇ شەھەردە ھايات كەچۈرسەم» دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەن، پادىشاھ قوبۇل كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەمەت بىلەن گۈلخان خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئەركىن - ئازادە ياشاپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ، باللىرى بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمامنىياز ئاخۇن،

رەتلىگۈچى: كۆرەشجان ئۆمەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رىۋايەتلەر

## «غايىپ شەھەر» ھەققىدىكى رىۋايەت

« غايىپ شەھەر » دېيىلىدىغان بۇ جاي تۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆلتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇ ھەقتىكى رىۋايەت مۇنداق:

مەلۇم تىرىكچىلىك يولى بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملەر بوك ـ باراقسان ئۆسكەن تال باراڭلىرىنى، مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈملىرىنى ۋە پاكىز تازىلانغان ئۆيلىرىنى ھەممە ئۇ يەر، بۇ يەردە ھۆل بولۇپ قالغان جايلارنى كۆرىدىكەن. بۇ ئاشۇ غايىب شەھەر ئادەملىرىنىڭ ناماز ئۆتەش ئۈچۈن تەرەت ئالغان چاغدا سۇ تۆككەن جاي ئىكەن. بىراق بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى كۆرۈنمەيدىكەن. كەچ كىرگەندە ئۇ يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملەر شامالدىن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ ئەمدى يېتىشىغىلا « مېنىڭ ئورنۇمدا يېتىۋېلىپ، مېنىڭ ئورنۇندا يېتىۋېلىپ » دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن. ئۇ يەردە تۈنىمەكچى بولغان ئادەم ئىلگىرى ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ باشقا بىر جايىغا بېرىپ يېتىشىغا يەنە يۇقىرىدىكى سۆز ئاڭلىنىدىكەن. ھېلىقى ئادەممۇ ئۇ ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىدىكەن. ئىش مۇشۇ تەرىقىدە تەكرارلىنىۋېرىدىكەن. ھېلىقى ئادەم يۆتكىلە ـ يۆتكىلە ئاخىرى ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، يۈزىگە بىر شاپىلاق تېگىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقىدىكەن.

## « شەيتان مەھەللە » ھەققىدىكى رىۋايەت

« شەيتان » مەھەللە، تۇرپان شەھەر يار يېزا لۈزۈن مەھەللە تەۋەسىدە. بۇ مەھەللىنىڭ نامى مۇنداق كېلىپ چىققانىكەن:

بىر يولۇچى يول يۈرۈپ دەل مۇشۇ جايغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپتۇ.

بوران دەستىدىن يولۇچى يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قاپتۇ ۋە ئاخىرى بوران توختىغاندىن كېيىن ماڭماقچى بولۇپتۇ. ئۇ كىشى بوراندىن پاناھلىنىدىغان جاي ئىزدەپ بىر ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ناخشا ـ مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ھېلىقى

يولۇچى: «بۇنچىلىك قاتتىق بوران چىقىۋاتسا يەنە ناخشا ئېيتىپ، مۇزىكا چېلىۋاتقان كىملەردۇ؟» دەپ دىققەت بىلەن تىڭشاپتۇ ۋە ناخشا ـ مۇزىكا ئاۋازىنىڭ دەل ھېلىقى ئۆيدىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ. ئاخىرى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئىشىك ئېچىلىپ بىرەيلەن بۇ يولۇچىنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. يولۇچى ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆي قىز ـ ئوغول، ئەر ـ ئاياللار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇلار دۇتار، تەمبۇر چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقانىكەن. يولۇچى بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە: «سىرتتا شۇنچە قاتتىق بوران چىقىۋاتسا، ئۇلار بۇنىڭغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي ناخشى ئېيتىپ، مۇزىكا چېلىپ ئويناۋاتقىنىنى قارا، ۋاھ، شەيتانلار» دەۋېتىپتۇ. «شەيتانلار مەھەللىسى» دېگەن نام مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## «بۇلاق» ۋە «قارىغۇ مەپكەش» ھەققىدىكى رىۋايەت

تۇرپان شەھەر يار يېزا لۈزۈن مەھەللە تەۋەسىدە چوڭ بىر بۇلاق بار. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، چوڭ بىر كۆل كۆلنىگە نەچچە قېتىم توشۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇلاقنىڭ سۈيى بىر نەچچە مېتىر ئېگىزلىككىچە ئېتىلىپ چىقىدۇ.

قەدىمدە مۇشۇ بۇلاقنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يول بولۇپ، بۇ يولدىن پىيادىلەر، ئۇلاق ھەيدەپ ماڭغانلار، ھارۋىكەشلەر توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. ئەنە شۇلار ئىچىدە كۆزى كۆرمەيدىغان بىر مەپكەشمۇ بار ئىكەن. بۇ مەپكەش قايسى بىر باينىڭ چاكىرى بولۇپ، بۇ يولدىن داۋاملىق تۆت ئات قوشۇلغان مەپىسنى ھەيدەپ ماڭىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتلار ئۇسساپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ قارىغۇ مەپكەش ھەيدىگەن مەپە ئادەم ۋە ئاتلىرى بىلەنلا بۇلاققا چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە قايتا كۆرۈنمەپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ مەپە ئادەم ۋە ئاتلىرى بىلەنلا شور دەريا (ھازىرقى ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالى ئارىلىقىغا جايلاشقان قىزىل دېڭىز) دىن چىققانمىش ۋە ھازىرمۇ ئاشۇ دەريادا لەيلەپ يۈرگەنمىش.

## بوران چىقىدىغان غار ھەققىدىكى رىۋايەت

تۇرپان رايونىدا ئاپەت خاراكتېرلىك بوران دائىم چىقىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر بوراندىن ئىنتايىن بىزار بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوران چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، بوران چىقماسلىقىغا ئامال قىلىپ، زىياننىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار يۇرت چوڭلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مەسلىھەتلىشىپتۇ. كىشىلەر ئىچىدىن قاۋۇل يىگىتلەر پىدائىي بولۇپ چىقىپتۇ. يۇرتداشلار، ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ئۇلاق تەييارلاپ بېرىشىپتۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۈمىدىنى مۇشۇ پىدائىي يىگىتلەرگە باغلىشىپتۇ. بۇ پىدائىيلار مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ يولغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ يۇرت خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تۇرپاننىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ تاغدا قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىك كېلىدىغان بىر غار بولۇپ، بوران ئەنە شۇ غاردىن چىقىدىكەن. يىگىتلەر بوران چىقىدىغان مەنبەنى

تاپقاندىن كېيىن، دەرھال يۇرتقا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئادەم ئەھۋالنى يۇرت ئەھلىگە ئېيتىپتۇ. يۇرت ئەھلى دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، ئاشۇ غارنى ئېتىۋېتىپ بوراننى ئاپىتىدىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەپتۇ ۋە بىر بۆلۈك ئادەم تەشكىللەپتۇ. بۇ ئادەملەر ھېلىقى خەۋەر يەتكۈزگەن يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن، بوران چىقىدىغان غار بار جايغا يېتىپ بېرىپتۇ ھەمدە دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئەمما شىددەت بىلەن چىققان بوران بۇ ئادەملەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە كۆمۈپ تاشلاپتۇ. تۇرپانلىقلار گەرچە بىر نەچچە تۈركۈم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھەممىسىدىلا مەغلۇپ بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بوران ئاپىتىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىمۇ يوققا چىقىپتۇ. ھازىرمۇ بۇ غاردىن بوران چىقىپ تۇرغۇدەكمىش. ھازىرمۇ تۇرپانغا ئاپەت يەتكۈزۈۋاتقان بوران ئەنە شۇ غاردىن چىققان بورانمىش.

## ئالتۇن خوراز ھەققىدىكى رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشىچە، تۇرپان مۇنارىنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن خوراز بولۇپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە چىللايدىكەن. باشقا خورازلار بۇ ئالتۇن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، ئارقا ــ ئارقىدىن چىللاشقا باشلايدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ. ئالتۇن خوراز ھەققىدىكى گەپ ــ سۆزلەر ئەل جامائەت ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپتۇ. بىر قىسىم كىشىلەر، ئالتۇن خورازنى تۇتۇۋالماقچى، شۇ ئارقىلىق باي بولماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلاردىن بىر نەچچىسى بىر پىكىرگە كېلىپ، كۈن ئولتۇرۇشىغىلا ئالتۇن خوراز چىللايدىغان جايغا كېلىپ يېتىشىپتۇ. كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ۋاقىتمۇ ئاستا ــ ئاستا ئۆتۈپتۇ ۋە ئىككىنچى كۈنى سەھەر ۋاقتى يەنە ئالتۇن خوراز چىللايدىغان ۋاقىت بولۇپتۇ. ئەتراپ بىردىن يورۇشقا باشلاپتۇ. ئالتۇن خوراز ئىنتايىن تەمكىن قەدەم تاشلاپ، ئۆزى دائىم كېلىپ چىللايدىغان جايغا كېلىپ، چىللاشقا باشلاپتۇ. ئالتۇن خورازنى تۇتماقچى بولغانلار ئالتۇن خوراز چىقارغان نۇردىن كۆزىنى ئاچالمىدىمۇ ياكى ئۇلارنى سۈر باستىمۇ، ئەيتاۋۇر ئالتۇن خورازنى تۇتۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قارالماپتۇ. ئالتۇن خوراز بولسا، ئادەتتىكىدەك چىللاپ بولۇپ، يەنە تەمكىن ھالدا مېڭىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىش مۇشۇ تەرىقىدە نەچچە قېتىملاپ تەكرارلىنىپتۇ، لېكىن ھېچكىممۇ ئالتۇن خورازنى تۇتۇپ ئالالماپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئالتۇن خوراز ھازىرمۇ شۇ تەرىقىدە چىللاپ كېلىۋاتقۇدەكمىش.

## « ئەمچەك » غوجام ھەققىدىكى رىۋايەت

« ئەمچەك » غوجام ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە قاراشلىق داۋانچىڭ بازىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغدا بولۇپ، داۋانچىڭ بازىرىدىن ئۆتۈپ خۇگۇل تاغ ئېغىزىغا كىرىشتە سول تەرەپتە، ياكى خۇگۇل تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ داۋانچىڭ بازىرىغا كىرىشتە ئوڭ تەرەپتە قالىدۇ. بۇ غوجام ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق: ئىلگىرىكى زاماندا بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلۈپتۇ. بەزىلىرى يارىلىنىپتۇ. دۈشمەنلەر شۇ ئەتراپتىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئانىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانىسىز قالغان بوۋاقلىرىنى ئېمىتىشكە مەجبۇرلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرت ئەھلى قايتا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنى قوغلاپتۇ. بۇ ئانا شۇندىن كېيىن « دۈشمەن-

لەرنىڭ بالىسى ئەمگەن ئەمچەكنى كېرەك قىلمايمەن » دەپلا ئۆز ئەمچىكىنى كېسىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئاشۇ كېسىپ تاشلىۋېتىلگەن ئەمچەك چۈشكەن جاي كېيىن مازارغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئانىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، بۇ مازارنى «ئەمچەك غوجام» دەپ ئاتاپتۇ.

## شېھىت غوجام ھەققىدىكى رىۋايەت

بۇ جاي تۇرپان شەھەر يار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدا، تۇرپان يېڭى شەھەر بازىرىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا ئۆڭ قول تەرەپتە بولۇپ ئۇلگىرى مازار ئىدى. ھازىر بۇ يەر تۈزلىنىپ تېرىلغۇ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىمۇ «شىتلىك» دەپ ئاتالغان. «شىتلىك» — «شېھىتلىك» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن ئىبارەت.

«كىتاب تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» ناملىق كىتابتا بۇ مازارنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... بۇنىڭغا يېقىن بىر ئورۇندا خوجا شېھىت غوجام زاراتلىقى بولۇپ، ئۇنى ھەزرەت مەۋلانا جالالىدىن كىتىكى ئەۋلادى دېيىشىدۇ. شېھىت غوجام قەبرىلىكىنىڭ ئىشىك بېشىغا تۆۋەندىكى شېئىر يېزىلغان:

تەبەررۇك ئىسملەرى ئەبۇ ھەفزى بۇخارى،  
شەرىئەتتە ئىمام ئەئزەمگە يارى.  
تاپىپ ئول زات بىر فەرزەند ئول ئەسر،  
ئاڭا بولدى مۇبارەك نام ئەبۇنەسر،  
بىتىپ بۇ لەۋھەنى بولماققە ھادىس،  
كى قۇربان كۇندە بەگلىك بولدى بائىس.

ئۆز ئىسمى ئەبۇنەسر بولۇپ، سوجۇ شەھرىگە غازاتقا بېرىپ، شۇ يەردە شېھىت بولغانلىقتىن، شېھىت غوجام دەپ ئاتالغان. ئۇ: «مەن ئۆلسەم مېيىتمنى تۆگىگە ئارتىپ، تۆگىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىڭلار. ئۇ تۆگە قەيەرگە بېرىپ چۆكسە شۇ يەرگە كۆمۈڭلار.» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. ۋەسىيەت بويىچە مېيىتنى تۆگىگە ئارتىپ ماڭغان. سوجۇ ھارۋا بىلەن 15 كۈنلۈك يول بولۇپ، تۆگە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي مېڭىپ سىڭگىم دېگەن يەرگە كېلىپ چۆكۈپتۇ. شۇ يەرگە كۆممەكچى بولۇپ ئۆلۈكنى چۈشۈرمەكچى بولغاندا، تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ يەنە يۈرۈپتۇ. ئاندىن ھازىرقى قەبرە ئورنىغا كېلىپ توختاپتۇ. كىشىلەر يەنە تۇرۇپ كېتەمدۇ ـ قانداق، دېيىشىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز ساقلاپتۇ. تۆگە شۇ چۆككەنچە ئورنىدىن تۇرماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غوجامنى شۇ يەرگە كۆمۈپتۇ. بۇ ئىشلار شېھىت غوجامنىڭ كارامەتلىرىدىن بولغانمىش».

ئېيتىپ بەرگۈچى: **دۆگامەت زۆردۇن ئاكا، ئابلەت توختى، غېنى مەينەم.**  
توپلاپ رەتلىگۈچى: **تۇرسۇن ھوشۇر**

www.uyghurkitap.com



## دوپپا توغرىسىدا رىۋايەت

قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بايراقلىرىغا بادامنى كەشتىلىگەنىكەن . ئۇلار
بەكمۇ ئۈم ئىكەن . ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاسقان زىرىلىرىنىڭ شەكلىمۇ
بادام شەكلىدە ئىكەن . بويىنىغا ئاسقان زۇننارلىرىنىڭ شەكلىمۇ بادام شەكلىدە ئىكەن ... كۈنـ
لەرنىڭ بىرىدە دۈشمەنلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ . ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭلەر بولۇپتۇ .
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاڭقىلىرىغا ئولتۇرۇپ ، ئاتلىرىغا مىنىشىپ ، تۇغ ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ،
داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ نەچچە ئايلاپ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپتۇ . ئۇلار جەڭدە
نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپتۇ . لېكىن ، ئىككىلەنمەي كەينىگە چېكىنمەي تېخىمۇ غەزەپكە كې-
لىپ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قانلىق قىساسى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىشىۋېرىپتۇ .
دۈشمەن كۈچلۈك ۋە ئۇلارنىڭ ئادىمى بىرقانچە ھەسسە كۆپ بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئۇرۇشتا ئا-
خىر مەغلۇپ بولۇپتۇ ... ئۇلار مەغلۇپ بولسىمۇ ئۆملۈكىنى ساقلاپ ، تىرىك قالغانلار جەڭ
مەيداندا بايرىقىنى دۈشمەن قولىغا بەرمەپتۇ . ئۇلار بايراقنى يىرتىپ پارچىلاپ ، تۆت تەر-
پىنى چىگىپ باشلىرىغا كىيىشىپ ، جەڭ مەيداندىن چېكىنىپ چىقىپتۇ . كېيىن ئۇلارنىڭ
قوشۇنىدىكى تارقاپ كەتكەن خەلق ئۇلارنىڭ بېشىغا چىگىۋالغان بايراق پارچىسىغا قاراپ
«توپ بار » «توپىمىز بار ئىكەن » دېيىشىپ يەنە يىغىلىپتۇ . ئۇلار توپلانغاندىن كېيىن ، يىر-
تىلغان بايراق پارچىلىرىنى ئۇلاپ يەنە تۇغ ـ ئەلەم ياسىشىپتۇ ۋە ئۇيۇشۇپ كۈچ توپلاپ ،
دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىپتۇ . كېيىنچە ئۇلاردا ھېلىقى بايراق پارچىسىغا
ئوخشىتىپ باش كىيىم كىيىش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ . ئۇلار بۇنى «توپبا» دەپ ئاتاشقانىكەن .
كېيىنچە «دوپپا» دەپ ئاتىلىپتۇ . ھازىرقى «بادام دوپپا» شۇنىڭدىن قالغانىكەن ...

## ئايتىكىن بىلەن كۈنتىكىن ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى زاماندا ئىككى چوڭ قەبىلە تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياشايدىكەن . تاغنىڭ
جەنۇبىدىكى قەبىلە شامان دىنىغا ، شىمال تەرىپىدىكى قەبىلە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن .
شىمالدىكى بىر قەبىلىدە باتۇر چەۋەنداز بىر پادىچى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى كۈنتىكىن ئىكەن .
ئۇ غېجەكنى بەك ياخشى چالىدىكەن . جەنۇب تەرەپتىكى قەبىلە باشلىقىنىڭ بىر قىزى بولۇپ
ئىسمى ئايتىكىن ئىكەن . ئۇ تەڭداشسىز گۈزەل بولۇپ ، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىكەن . ئۇنىڭ
ناخشىسىنى ئاڭلاش ، داپ ئۇسسۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق ـ يىراق يەرلەردىن ئادەملەر
كېلىدىكەن . ئۇلار ئۇنىڭ جامالىغا مەھلىيا بولۇپ ئۇنىڭ ئىشقىدا ياندىكەن . بىر كۈنى قىز
ئات مىنىپ سەيلى ـ تاماشىغا چىقىپتۇ . تاغ ـ ئېدىر ، باغۇ ـ بوستانلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ
يىراقتىن مۇڭلۇق ئاڭلانغان غېجەك ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ . ئۇ ھەيرانۇھەس بولۇپ شۇ ياققا قاراپ
مېڭىپتۇ . ئۇ دوستلىرى بىلەن بىللە ماڭا ـ ماڭا غېجەك ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە يېقىنلاپتۇ .
قارىغۇدەك بولسا ئوتلاقتا مال ـ ۋارانلار ئوتلاپ يۈرگەنمىش . شارقىراتمىغا يېقىن خادا تاشنىڭ
ئۈستىدە بەستلىك كېلىشكەن ، چاچلىرى گەجگىسىگە چۈشكەن بىر پالۋان سۆپەت يىگىت
زور ئىشتىياق بىلەن غېجەك چېلىۋاتقۇدەك ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوي ـ قوزىلار ، توشقان ، بۇغا ـ
ماراللار ئوتلىغاچ مۇڭ ئاڭلاۋاتقۇدەك . قۇشلارنىڭ بەزىسى دەرەختە ، بەزىسى ئۇنىڭ

ھۆرىلىرىدە تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن سايراپ ئۇنىڭغا تەگكەش قىلىۋاتقۇدەك . سا-
ھىبجامال ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشۈپ يىگىتنىڭ يېنىغا يېقىنلاپتۇ ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ
ئولتۇرۇپتۇ . يىگىت كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئىشتىياق بىلەن مۇزىكا چېلىۋاتقاچقا ئۇنىڭغا دىققەت
قىلماپتۇ . قىز يىگىتنىڭ قەيسەر بەستىگە ، قۇياشتەك نۇرلۇق چىرايىغا ۋە مۇڭلۇق سازىغا
مەھلىيا بولۇپ قاراپلا قاپتۇ . ئاخىر مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازىنىڭ تەسىرىدە يىگىتنىڭ تىزىغا بې-
شىنى قويۇپ ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قاپتۇ . باشقا قىزلارنىمۇ مۇڭ بېسىپ ھەممىسى ئۇخلاپ
قېلىشىپتۇ . بىر چاغدا يىگىت غېجەك چېلىشتىن توختاپ كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا ، بىر
گۈزەل جانان ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقانمىش ، ئەتراپىدا بىر - بىرىدىن چىراي-
لىق قىزلارمۇ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانمىش ... يىگىت ھەيران بولۇپ بۇ قىزنىڭ يۈزىنى
ياپقان قۇندۇزدەك چاچلىرىنى قايرىپتۇ . ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى زىرىسگە ۋە بويىنىدىكى زۇننارلى-
رىغا قاراپ باشقا قەبىلىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ . يىگىت بۇ قىزنىڭ ئاي جامالىنى كۆرۈپ
ئاشىقى بىقارار بولۇپتۇ - دە ، ھوشىدىن كېتىپتۇ . قىز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا
يىگىت ھوشسىز ياتقۇدەك . ئايتىكىن قىزلارنى ئويغىتىپ دەريادىن سۇ ئەكېلىپ يىگىتنىڭ
يۈزىگە سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ ... شۇ كۈندىن ئېتىبارەت كۈنتېكىن بىلەن ئايتېكىن
ئاشىق - مەشۇق بولۇشۇپتۇ . بۇلار دائىم كۆن چىقىشى بىلەن ئۇچرىشىپ يىگىت غېجەكنى
چالىدىكەن . ئاي تېكىن يېقىملىق بۇلبۇل كەبى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىدىكەن ، ئۇسسۇل ئوينايـ
دىكەن . بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرلۇك جان - جانىۋارلار ۋە قۇشلارمۇ ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ
ئۆز ناخشىلىرى بىلەن ئۇلارغا جور بولىدىكەن . ئەنە شۇنداق خۇشال كۈنلەرنىڭ بىرىدە
كۈننىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك ئىش بولۇپتۇ . كۈنتېكىن ئاق كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىنى ئاق داغلار قاپلاپ ، چىرايى بەكمۇ كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىپتۇ .
ئادەملەرلا ئەمەس ھەتتاكى ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇپتۇ ... لېكىن
ئايتېكىن ئۇنىڭدىن قاچماپتۇ . كۈنتېكىن ئۆزىنى قاچۇرسىمۇ قىز ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ ،
ئۇنىڭ دەردىگە شىپا بولۇپ يۈرۈپتۇ . لېكىن بىگىز قاپتا ياتمىغاندەك خەلقى ئالەم ئالدىدا كۈن
تېكىننىڭ كېسلى ئاشكارا بولۇپتۇ . قەبىلە باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇتماقچى بولۇپتۇ .
لېكىن ، ئۇنى تۇتالماپتۇ . چۈنكى ، ئۇ قېچىپ ئاي تېكىننىڭ قەبىلىسى تەرەپكە ئۆتۈپ
كېتىپتۇ ... لېكىن ئۇنى ئايتېكىننىڭ قەبىلىسىدىكىلەر تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى چەمبەرچەس باغلاپ
قەبىلە باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپتۇ . قەبىلە باشلىقى ئۇنىڭ شىمالىي قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى
بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە : «سەن كېسىلىڭنى تارقاتقىلى كەلدىڭمۇ ؟ سەن
ئىلاھنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغاچقا يۈزۈڭگە شەيتان سىيگەن . شۇڭا ، سىنى قۇياش ئىلاھىنىڭ
ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆيدۈرۈش كېرەك » دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يوغان دوپ دەرىخىگە
باغلاپ ئەتراپىغا ئوتۇن يىقىپتۇ . قەبىلە ئەزالىرى بىلەن كېچىچە قۇياش ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر -
چىراق ئۆتكۈزۈپتۇ . شۇ چاغدىكى بۇ قەبىلىنىڭ دىنىي رەسمىيىتى بويىچە ھەرقانداق بىر
جىنايەتچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا كېچىدە ئۆلتۈرمەي قۇياش چىقىشى ھامان ئۆلتۈرىدىكەن .
ئۇلار ئەتراپىغا مەشئەل ۋە گۈلخانلارنى يېقىپ ، شاراب ئىچىشىپ نەغمە - ناۋا قىلىشىپ
نەزىرنى باشلىۋېتىپتۇ . ئايتېكىن باغلاقتا تۇرغان كۈنتېكىنگە قاراپ گۈلخان كەبى يېنىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر چاغدا مەي ئىچىپ كەيپ بولغان قەبلە باشلىقى «ھا ... ھا... ئەگەر كىمدە كىم مۇشۇ بەتبەشىرە مەخلۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېسە بۇ سەتنى قويۇۋېتەر ئىدىم ... » دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر مەسخىرە قىلىشىپ قىقاس ـ چۇقان سېلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئايتىكىن چىداپ تۇرالماپتۇ ـ دە، قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «مەن ياخشى كۆرىمەن!» دەپتۇ. قىزنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغان خالايىق ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. پەقەتلا يېنىۋاتقان مەشئەل ۋە گۈلخاننىڭ پىرىسلىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ. بىردىنلا قەبىلە باشلىقىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كۈلكىسىگە ئۇلاپ ئەتراپتىكى جامائەت تەڭلا مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپتۇ.

قەبىلە باشلىقى:

ـــ ھا ... ھا ... قىزىمنىڭ مەسخىرىسى ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى. بىر گۈل بۇ تىكەننى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن، ھا، ھا ... ، ـــ دەپ كۈلۈپتۇ.

قىز نېمە قىلارىنى بىلمەي يىگىتكە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. يىگىت بېشىنى چايقاپ ئۇنداق دېمەسلىكنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈنۈپتۇ ... قىز ئاچچىقىغا چىدىماستىن قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ «خەنجەر ئۇسسۇلىنى» ئويناپتۇ. ئۇيۇق ئاقىرىپ قۇياش چىقىش بىلەن قەبىلە باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يىگىتنىڭ ئەتراپىدىكى ياغاچلارغا ئوت يېقىلىپتۇ ...... ئايتىكىن خەنجەر ئۇسسۇلىنى ئەۋجىگە چىقىرىپ پىرقىراپ ئويناپ ئاغزىغا خەنجەرنى چىشلەپ بىر مۇللاق ئېتىپ گۈلخاندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كۆنتىكىننىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ئارغامچىنى كېسىپتۇ. ئىككىلىسى مۇللاق ئېتىپ ئاسمان پەلەك يېنىۋاتقان ئوتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ ... ھەممەيلەن داڭقېتىپ قاپتۇ ... ئۇلار ئېسىنى يىغىپ ھاي ـ ھۇي بىلەن قوغلاپمۇ يېتىشەلمەپتۇ. بۇلار شۇ قاچقىنىچە كۆنتىكىن تەرەپتىكى تاغلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار خۇددى مەجنۇندەك تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە جان ساقلاپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر خىزىر سۈپەت تېۋىپ تاغدا دورىلىق گۈل ـ گىياھلارنى يىغىپ يۈرۈپ بۇلارنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ ئۇنى داۋالاشقا باشلاپتۇ. بەدىنىگە ھەر تۈرلۈك مەلھەملەرنى سۈرتۈپتۇ. گىياھلاردىن دورا ياساپ ئىچكۈزۈپتۇ، ئارشاڭغا چۈمۈلدۈرۈپتۇ. كۈن نۇرىغا قاقلاپتۇ. ئاخىر يىگىت سەللىمازا ساقىيىپتۇ. يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان تېۋىپ بۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ قىزنىڭ قەبىلىسىگە كەپتۇ.

قەبىلە باشلىقى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. يىگىتنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ئاپىرىن دەپتۇ. قانداق ساقايتقانلىقىنى تېۋىپتىن سورىغانىكەن ئۇ:

ـــ بىرىنچىدىن تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، ئىككىنچىدىن يۇرتىمىزنىڭ گۈل ـ گىياھلىرى، ئابى كەۋسەر سۇلىرى، ئۈچىنچىدىن قىزلىرى ئايتىكىننىڭ ساپ مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن شىپا تاپتى، ـــ دەپتۇ ...

شۇنىڭ بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داغدۇغىلىق توي قىپتۇ. تويغا ئىككىلا قەبىلە قاتنىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئىككى قەبىلە ئىناق ئىجىل ئۆتۈپتۇ. كۆنتىكىن ۋە ئايتىكىنلار مۇراد مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. كېيىنچە بۇ ئىككى قەبىلە بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ ...

ئېيتىپ بەرگۈچى موڭغۇلكۈرەدىن: نەسىردىن ئاكا، توپلاپ رەتلىگۈچى: پىردەۋس ئەزىزى.

# قوشاقلار

## «ئاتمش گاداي ئۆستنگى» ھەققدىكى قوشاقلار

جاغستاينىڭ غولىغا ،
قىيان كەتتى يان ـ ياندىن .
باي ـ غوجامنىڭ زۇلۇمى ،
ئۆتۈپ كەتتى جان ـ جاندىن .
چاكاندىنىڭ قىرىدا ① ،
كەكلىك تولا سايرايدۇ .
گادايلارنىڭ بېشىدا ،
باي قامچىسى ئوينايدۇ .
گاداي چېپىپ ئۆستەڭنى .
كۆڭلى ئارام تاپمىدى.
قارلار ئېرىپ سۇ كەلدى .
گادايغا سۇ ئاشمىدى .
شۇ ۋەجىدىن گادايىنىڭ ،
زىرائىتى سۇ، دېدى.
زالىملارغا يالۋۇرسا ،
سۇ ئورنىغا مۇشت يېدى .
دېھقان ئۇچۇن ئېيتقاندا ،
جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ،
ئاشلىق ئۇچۇن قايغۇرۇپ ،
يۈزمىڭ غەملەر يېگەندە.
دەردمەن ئاتمش گادايغا ،
زېرىپ ② ئاتلىق باش بولدى .
يان ئۆستەڭنى چاپقۇزۇپ ،
باي كۆزىگە تاش بولدى .
كۆرەلمىدى باي ـ غوجام .
گادايلارنىڭ ئىشنى .
ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ،
قىيماق بولدى پېيىنى .
چېقىم چېقىپ تۆلكىلەر ،
ئاتنى چاپتى يامۇلغا .
ئامبال كەلدى پايپاسلاپ .
ھەيۋە قىلىپ بۇ جايغا .
ئاتمش گاداي ئۆستىڭى ،
بولدى شۇنداق بىر بانە .
زۇلۇم ئاشتى چېكىدىن ،
گاداي بولدى ۋەيرانە .
گۆشكە تويغان شوم ئامبال .
قۇردى دەرھال تۇزاقنى .

① چاكاندا قىرى — جاغستاي مەھەللىسىنىڭ شەرقىدىكى بىر قىرنىڭ ئىسمى .

② زېرىپ — 1890 ـ يىلى زېرىپ دېگەن كىشى ئاتمش گادايغا باش بولۇپ ، جاغستاي غولىدىن بىر ئۆستەڭ ئالغانىكەن . بۇ ئۆستەڭنى «ئاتمش گاداي ئۆستىڭى» دەيدۇ . ھازىر خارابە ئىزناسى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

باي ــ غوجاملار كېرىلىپ ،
كۆردى زېرىپ دوزاخنى .
موللىلارمۇ باي ئۇچۇن ،
مىلىك پەتىۋا توقىدى .
« تەقدىرى شۇ » گادايىنىڭ ،
دەپلا يەنە چوقىدى .
ئامبال ، موللا ، بايلارنىڭ ،
دىلى ــ تىلى بىر ئىكەن .
قان شورىغۇچ چىلبۆرە ،
ئەسلى زاتى بىر ئىكەن .
تۇمان باستى ھاۋانى ،
زىندان بولدى بۇ ماكان .
كەمبەغەللەر ئاچ ــ يېلىڭ ،
بولۇپ كەتتى سەرگەردان .
ئەمگەكچىگە ئارام يوق ،
ئالۋاڭ ــ ياساق ، سەيسە جىق ،
گەر سەيسىگە چىقمىسا ،
يايى قاقتى تەنگە مىق .
تىرىكتاپلار ياغ يېدى ،
ئەمگەكچىلەر خار بولدى .
يوقسۇللارغا زامانە
گۆرىدىنمۇ تار بولدى .

( بۇ قوشاقلارنى جاغىستاي يېزىسىدىن مەرھۇم قەمىردىن بىلەن مىسەللىم ئابدۇراخمان ئېيتىپ بەرگەن . )

## « ئالابايتال » قوشىقى

نىياز لوزۇڭ ① دەيدىكەن ،
ئالابايتال مىنگەننى .
بادام قوساق ، ئورا كۆز ،
زالىم ، نەپسى يامانىنى .
« ئالابايتال » ئات قويۇپ ،
قوشاقلارغا قاتتۇق بىز .
ئالا بايتال زۇلمىنى ،
ئۆلگىچە ھەم تارتتۇق بىز .
ئالا بايتال كەپتۇ ، ـــ دەپ ،
بايلار خۇشال بولۇشتى .
باج ــ سېلىقنى كۆپەيتىپ ،
دېھقانلارنى شۇلۇشتى .
ئالا بايتال ئېپكەپتۇ ،
ئالتە شەردىن تۆت خوتۇن .
ئەمدى بىزگە تەس بولدى .
سېلىق بولدى كۆپ ئوتۇن .
تۆت خوتۇنغا ئۆي كېرەك ،
ئىچىشكە سۇ ، چاي كېرەك .
چىدىمىدۇق زورلۇقتا ،
ئۇلارغا كۆپ ماي كېرەك .
خونىخايىنىڭ غوللىرى ،
بەكمۇ غودۇر ھەر خىل تاش .
تۆت خوتۇنلۇق لوزۇڭنىڭ ،
كىچىك يارى قاراقاش .
قاراقاشنىڭ دەردى كۆپ ،
ئەمدى كىردى ئونبەشكە .
ئۆمرى زايە ئۆتمەكتە ،
قېرى ــ قاقۋاش كۈندەشكە .
قاراقاشنىڭ قاشلىرى ،
ئىككى ئۆرۈم چاچلىرى .
ئۇ كۈلبىدە بەنت بولۇپ ،
ئاقتى كۆزدىن ياشلىرى .

①نىياز لوزۇڭ ــ 1936 ــ يىللىرى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلارنى باشقۇرغان بولۇپ ، ئىنتايىن زالىم ئادەم ئىكەن . ئۇ دائىم ئالا بايتال مىنىپ يۈرگەچكە ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالا بايتال دەپ لەقەم قويغانىكەن .

كۆزدىن ئاققان ياشلىرى ،
بەلكىم سەل بوپ ئاققاندۇ .
ئۆيقۇ كەلمەي كۆزىگە
تۈننى تاڭغا قاتقاندۇ ...
خونىخاينىڭ ئاستىنى ،
دولات ، قورۇل دەيدىكەن .
ئالابايتال شۇ يەردە ،
خەلقنى شۇلۇپ يەيدىكەن .
ئالابايتال دېگىنى ،
بېدە بىزنىڭ دېگىنى .
بېدىنى ئېلىپ بولۇپ ،
ئاتنى ئالار يېگىلى .
بېدە ئەكىلىپ لۇزۇڭغا ،
ئات ــ هارۋامدىن ئايرىلدىم .
ئىنساپ يوقكەن بايتالدا ،
ياياق يولغا قايرىلدىم .
يالغۇز ياغاش يۇرتۇمدۇر ،
يالغۇز قالدىم غىلڭ تۈزدە .
يېشىم ئاقتى چۆللەرگە ،
قىرو چۈشكەن كەچكۈزدە .
يۇرتقا قايتىپ كەلگىچە ،
تىكەن كىردى پۇتۇمغا .
هەسرەت چېكىپ ــ قان يۇتۇپ ،
كەلدىم ئاران يۇرتۇمغا .
ئەمدى بېدە توشۇ دېسە ،
يالغۇز ئاتنى قاتىمەن .
ئۈۋ مىلتىقنى ئېلىۋېلىپ ،
شۇم بايتالنى ئاتىمەن .
خۇدادىن شۇ تىلىكىم ،
ئوقنى ئاتسام تەگسىكەن ،
ئالا بايتال تىن تارتماق ،
يەرگە موللارق ئاتسىكەن .
ئالا بايتال ئۆلسىدى ،
خەقلەر كۆممەي قويسىدى .
ئۆنىڭ سىمىز گۆشىگە ،
ئىتلار كېلىپ تويسىدى ..
جاغىستاينىڭ ئايىغى ،
بەلگە قويغان قاراتاش .
لوزۇڭ كەلسە مەلىگە ،
ئىزدەر بالدۇر قاراقاش .
ئالا بايتالغا نېمە كېرەك ؟
كۈندە جۇۋان ــ قىز كېرەك .
كۈندە قىمىز ، قوي گۆشى ،
قىشتا قېزا ، بوز كېرەك .
يامان بايتال دەردىدە ،
تالاي جۈپلەر تاق بولدى .
هەسرەت ــ پىغان ئۆلغىيىپ ،
ئەل قەلبىمۇ داغ بولدى .
ئالا بايتال مىنگەننى ،
كۆرسە يۈرەك جىغ قىلار .
ئالا بايتال ئايىغى ،
يەتكەن يەردە يىغا ــ زار .
خۇدا بىزنى كۆرمىدى ،
ئالابايتال ئۆلمىدى .
بالا ياغدى ئەل ــ يۇرتقا ،
كۆڭۈللەر ئارام ئۆتمىدى .
زىندە بولدى يۈرەكلەر ،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟
ئالا بايتال ئۆلمىدى ،
يۇرتنى تاشلاپ كەتكۈلۈك .
ياقا يۇرتقا يول ئالدۇق ،
ئالا بايتال پەس ئىكەن .
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكاندىن ،
جۇدا بولماق تەس ئىكەن .
تۆگە توشار ئاشلىقنى ،
بويلاپ چايچى يولىنى .

www.uyghurkitap.com تۇتۇقپۇز كىتاب تورىبېكىتى

قاينۇق خەلقى ئاچ ـ زېرىن ،
چىشلەپ قالدى قولىنى ،
قاتار ماڭغان كارۋاننىڭ ،
ئالدى ـ ئارتى يايىدۇر .
ئالا بايتال قانخورىنىڭ ،
ياتقان يېرى سايىدۇر .
مازار بولاق سۈيىدە ،
تۈگمەن ئاران چۆگلەيدۇ .
شۇم بايتالنىڭ ئىتلىرى ،
ھەربىر يۇرتتا ھوۋلايدۇ .
ئالا بايتال يۇرت ـ يۇرتقا ،
تېرغۇزىدۇ ساپ بېدە .
بۇ قاۋاننىڭ زۇلمىدىن ،
بولدى يۈرەكلەر زىدە .
زىدە بولغان يۈرەكنى ،
تەگرى كۆرسە بولمامدۇ ؟ !
زۇلۇم كۆرگەن مەزلۇملار ،
كۈننى كۆرسە بولمايدۇ ؟!
ئالا بايتال ئۆلسكەن ،
دەسسەپ يەرگە كۆمسكەن .
زۇلۇمىدىن قۇتۇلغان ،
ئەل ـ يۇرت خۇشال كۈلسكەن .

( يۇقىرقى قوشاقلارنى قاينۇق يېزىدىن بورام ئەپەندى ، قوغۇنچى يېزىدىن رەۋىخان ، جاغىستاي يېزىسىدىن مەرھۇم مىمانگۈل ومايىلار ئېيتىپ بەرگەن ) .

## جۇدالىقنىڭ دەردى ھەققىدە

قوندى تېرەك شېخىغا ،
قارا قارغا قاق ئېتىپ .
شاخ ئېگىلدى سۇنمىدى ،
سۇندى كۆڭلۈم سىز كېتىپ .
كەچتى كۆكۈل نېمىنى ،
كەچمىسە بولماسمىدى .
ئېگىلسىمۇ شاخ كەبى ،
سۇنمىسا بولماسمىدى .
چالما ئاتتىم قارغىغا ،
ئۇچتى قارغا تېرەكتىن ،
كەتتى قارغا يىراققا ،
دەرد كەتمىدى يۈرەكتىن ،
بىر يىل ـــ ئۇچيۈز ئاتمىش كۈن ،
يىلى توشتى يارىمنىڭ .
جۇدالىقنىڭ دەردىدە ،
مەيلىم ئەمەس ئۆزۈمنىڭ .
قارغا قونغان شۇ چاغدا ،
تۇرغان ئاشۇ تېرەككە .
پەلەك چاقى سۇنغاندى ،
ئۇشۇك تېگىپ خەمەككە .
قارغا قونغان شۇ كۈنى ،
ماڭا كەلگەن دەرد پىراق .
مېھرىباندىن ئايرىلىپ ،
ئۆچكەندى شام چىراق .
لىۋەن ئىدى شۇ يارىم ،
ماڭا ئۇتتەك كۆيەتتى .
ماڭا بېقىپ ھەر كۈنى ،
جاندىن ئەزىز كۆرەتتى .
قېنى ، شېرىن شۇ كۈنلەر ؟
قېنى ، سۆيگەن لىۋەن يار ؟
گۈل يارىمنىڭ ھېلىمۇ ،
ئەقىدىسى دىلدا بار .

كېچەر كۆڭلۈم شۇ ئىشنى،
كەلسە قارغا پەر قېقىپ.
جۇدالىقنىڭ دەردىدە،
ئۆتەر كۈنلەر زارىقىپ.

ۋىدالاشتىڭ مەن بىلەن،
ئۇنۇتمايمەن مەن سېنى.
روھىڭ بىلەن مەن ئىجىل،
ماڭا ھەمراھ ھەر كۈنى.

## بىر يېتىمنىڭ زارى

يايلىم يوقكەن ئالدىمدا،
قۆيرۇغۇم يوق ئارتىمدا.
مېنى كىمگە تاشلىدىڭ،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

ئاتامدىنمۇ ئايرىلغان،
ئەمدى سەندىن ئايرىلدىم.
باشنى سىلار كىمىم بار،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

مەندىن كەتتىڭ يىراققا،
كۆلبەم تولدى پىراققا.
بۇلار ماڭا كىم ھەمراھ،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

بەرىكەت قاچتى ئۆيۈمدىن،
سەللەر ئاقتى كۆزۈمدىن.
ماڭا چاينى كىم بېرەر،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

يۇمشاق نېنىم سەن بىلەن،
كىيگەن تونۇم سەن بىلەن،
ئۆتەر كۈنۈم كىم بىلەن،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

قوراي بولدى يالغۇزۇك،
غېرىپ بولدى قۇندۇزۇك،
كۆچتى كۆكتىن يۇلتۇزۇم،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

ئاتامۇ سەن — ئانامۇ.
يوقتى ھېچبىر يارامۇ،
ئىچىم بولدى جاراھەت،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

كىملەرگىمۇ يالۋۇراي،
كىمنى ئەمدى ئانا دەي.
تەلەي قاچتى بالاڭدىن،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

يېتىم بولدۇم بىر تەنھا،
يەپ كېتەرمۇ ئەجدىھا.
مېنى يولغا كىم سالار،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق،
كىرەي دېسەم يەر قاتتىق.
قانىتىم يوق ئۇچارغا،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

ئەمدى كىردىم ئونبەشكە،
يۈرەك تولدى زۇلمەتكە.
بۇ دۇنياكەن بىۋاپا،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

قىيىن كۈنلەر ئالدىمدا،
ئۈمىدلىرىك يادىمدا.
ساڭا بولسۇن جەننەت يار،
جان ئانا — جېنىم ئانا.

( يۇقىرىقى قوشاقلارنى جاغىستاي يېزىسىدىن مەرھۇم ھېلىمخان دانىيار بىلەن خۇشەم غىياسىدىن ئېيتىپ بەرگەن . )

## ھورۇنلۇق ھەققىدە

مەرۇپ بولدى بىر يىگىت ،
لېكىن قىرماس بۆرۈتنى .
قورساق تويسا ياتىدۇ ،
ئادا قىلماس دۆرۈتنى .

ئۆزلۈكىدىن مىدىرىماس ،
كۈتۈپ تۇرار بۇيرۇقنى .
بىر ئاش پىشىم ئىنجىقلاپ ،
تارتالمايدۇ چورۇقنى .
يىگىت دەيدۇ ئۆزىنى ،
توقالمايدۇ تورۇقنى .
يەر ھەيدىشى چىبەرقۇت ،
چاچالمايدۇ ئۇرۇقنى .
خامانغا قارا دېسەڭ ،
سورالمايدۇ سورۇقنى .
سورۇقنى سورۇ دېسەڭ ،
ئايرالمايدۇ قۇيرۇقنى .
ئۇ يالغانچى ، ماختانچاق ،
گەپكە توقار يوپۇقنى .
يىراق ـ يېقىن گەپلەردە ،
كۆرسەتمەيدۇ يوچۇقنى .
ئاش ـ تاماققا ئۇ يۈگرۈك ،
تالىشىدۇ قويۇقنى .

كۆز قىرىغا ئىلمايدۇ ،
بىرىپ قويساڭ سۇيۇقنى .
ئىشلە دېسەڭ ھىجىيار ،
تاتلاپ قويۇپ يامپاشنى .
سۆزلە دېسەڭ توختىماس ،
ئېگىز ـ پەس قىپ كۆز ـ قاشنى .
كاڭنى تاپسا قويمايدۇ ،
تارتار راسا خورەكنى .
چۈشلىرىدە ئىزدەيدۇ ،
غۇنچە بويلۇق پورەكنى .
ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ،
تاپقاندى لايىقنى .
قالدى يەنە ئايرىلىپ ،
تاپالمىغاچ تويلۇقنى .
ھورۇنلارنىڭ پىرى ـ ئۇ ،
كۆردۇڭلارمۇ مۇنداقنى .
قوشاقلارغا قېتىلغان ،
ھورۇن دىتسىز بويتاقنى .
ھورۇن بولغاچ ئەر بولۇپ ،
ھېچ كۆرمىدى خۇشلۇقنى .
ھورۇنلۇقتىن كەچمىسە ،
مەڭگۈ تارتار خورلۇقنى ...

(بۇ قوشاقنى جاغىستاي يېزا 3 ـ كەنتتىن مەرھۇم قېيىمبەگ سونۇر ئېيتىپ به

توپلاپ رەتلىگۈچى : ئىلياس تاھىر

...ی یاشیل خلعتنی واردی | ایچلیب غنچه لار خرم شادی

...انیبه کیب یاشیدین ایاغ دورکی | عجایب تخشی منزل کوردی بلبل

...یل ساریغ یاشیل کل لار ایچلیشی | لطافت لیک ده کویا جنت ایرمیش

...نک بهاری | کریب وادیغه بلبل تلدی زاری

...ناسیار | کریب قوشلارارا اول بلبلی زار

...ری هدهد و طاوس قمری | همایون صوفیه و شاه طوطی

...نک خرامان خانختک بار | بو وادیده خوش الحان قوشلا بسیار

...وادیغه بلبل چکتی فریاد | کوروب قوشلارنی بولدی خرم شاد

...ان تلدی قوشلار بزره صحبت | بولوب قوشلارغه بلبل انسی الفت

...ری ایچره بلبل توتی کونشه | یوروب قوشلارارا سایرار همیشه

...یب جانیدین قریب آه افغان | که سایرار هر زمان بلبل خوش الحان

...ارغه بلبل ایچ الینی قوشلار | کلیب بلبل تماشاغه بارچه قوشلار

تعجب ایلابن

تعجب ایلابن بلبل حالیغه | ترحم ایلاباان کوزنینک یاشیغه

دیدی قوشلار ایشتغل نیندور حالینک | بیان ایلا بیلاین قیل خیالینک

دیدی قوشلار نه تیب آهی بکار | فغان ناله فریاد ایتارسین

تحزیل دیب همیشه یاد ایتارسین | نه کیب آه کوزونکدین یاش توکارسین

بو وادی ایچره لولدونک بزکا محرم | که بزنی قیلغیل اوز سرینکغه محرم

دیدی قوشلارغه بلبل حالین انذا | منینک بینوا بو تنور جهاندا

محبت کلشنیده بینوا من | کونکلنی الدوروب کلکان کدا من

که من بر عاشق ایردیم دیدی بلبل | که معشوقم ایدی ایردی قزیل کل

دیدی بلبل قزیل کل بندسی من | یوروب ایلی جهان آوارسی من

قلیب پرواز طغیان جنون دا | دیاری عشقیدین کیتمیش موزونده

قیلای عالمنی دیب عالیغه پرواز | که توشتوم عالمی سفلیغه نوسپار

که بو وادینی قیلدیم جای منزل | ترحم قیلماین قیلدیم تنزل




**源泉** （布拉克）（维吾尔文）总58期

**بۇلاق** ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمىي 58 - سان

**MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )**

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：5.50元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى：
ۋەكالەت نومۇرى： 58 — 108 ، باھاسى ： 5.50
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى： Q1118

ISSN 1005-0876


9 771005 087006 02>